ھۆرمەتلىك كىتابخانلار:

مەزكۇر توپلامدا شىنجاڭنىڭ ئىسلام تارىخىغا دائىر بەزى پارچە تارىخىي ماتېرىيال كىرگۈزۈلدى. بۇ ماتېرىياللاردا، ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭغا تارقىلىپ كىرىش جەريانى، مۇناسىۋەتلىك رايونلارنىڭ شۇ دەۋردىكى ئىجتىمائىي، ئىقتىسادىي ۋە سىياسىي ئەھۋالى، سۇتۇق بۇغراخان، ئەبۇ نەسىر سامانى، جالالىددىن بۇخارى، تۇغلۇق تۆمۈر قاتارلىق تارىخىي شەخسلەرنىڭ بەزى ئىش پائالىيەتلىرى ھەمدە ئۇلارنىڭ ئىسلام دىنىنى تارقىتىش ئەھۋالى، شىنجاڭنىڭ ئوتتۇرا ئاسىيادىكى بىر قانچە ئەللەر بىلەن بولغان سىياسىي، مەدەنىيەت، دىن جەھەتلەردىكى تارىخىي مۇناسىۋەتلىرى بايان قىلىنغان. بۇ بىزنىڭ تەتقىق قىلىشىمىز ئۈچۈن مۇھىم ئەھمىيەتكە ئىگە.

بۇ ماتېرىياللارنىڭ كۆپ قىسمى ئەسلىدە پارسچە، ئەرەبچە ۋە چاغاتاي تىللىرىدا يېزىلغان بولۇپ، بەزىلىرى تەزكىرە - تەرجىمھال تەرىقىسىدە، بەزىلىرى ھېكايە - رىۋايەت تەرىقىسىدە يېزىلغان؛ بەزىلىرىدە ئاپتورنىڭ ئىسمى يېزىلغان، بەزىلىرىدە شۇ دەۋردىكى شەرق ئەدىبلىرىنىڭ ئادىتى بويىچە، ئاپتورنىڭ ئىسمى يېزىلمىغان.

كەڭ تەتقىقاتچى خادىملار ۋە كىتابخانلىرىمىزنىڭ پايدىلىنىپ بېقىشى ئۈچۈن، بۇ ماتېرىياللارنى توپلام قىلىپ بېسىپ چىقتۇق. ئىسلام دىنىنىڭ شىنجاڭغا تارقىلىپ كىرىشى، ئومۇملىشىشى ۋە دىنىي مەزھەپلەرنىڭ پائالىيەتلىرىگە دائىر تارىخىي ماتېرىياللارنى يەنە داۋاملىق توپلاپ، ئىچكى پايدىلىنىش ماتېرىيالى سۈپىتىدە ئېلان قىلىپ تۇرماقچىمىز. كەڭ تەتقىقاتچى خادىملار ۋە كىتابخانلىرىمىزنىڭ يېقىندىن ياردەمدە بولۇشى ۋە بۇ جەھەتتىكى خىزمىتىمىزگە تەكلىپ، تەنقىدىي پىكىرلىرىنى بېرىشىنى سەمىمىي ئۈمىد قىلىمىز.

شىنجاڭ ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى
دىن تەتقىقات ئىنستىتۇتى

1988 - يىل يانۋار

CELIL TURAN
Yeni Doğan Mah. Sok.
Tel : 580 40
Zeytinburnu - İstanbul

# مۇندەرىجە


ئىسلام دىنىنىڭ خوتەنگە كىرىشى ۋە ئىسلامغا قارشى ئۇرۇش .................. 1

بۇغرا خانلار تەزكىرىسى .................................................. 15

خوجا ئەبۇ نەسىر سامانىنىڭ تەزكىرىسى .................................. 34

جالالىددىن بۇخارى ۋە تۇغلۇق تۆمۈرخان خوجا مۇھەممەت شېرىپ پىر،
ئابدۇرىشىتخانلار توغرىسىدا تارىخىي قىسسە .................................. 55

«زىبا ئۇلقۇلۇپ» چىلتەن تەزكىرىسى، مىرزا ئابا بەكرى ۋەقەسى .................. 83

قارا كىدان سۇلتانلىقى ۋە كۇچلۇك ۋەقەسى ................................... 89

«خۇلاسۇت تاۋارىخ» تىن پارچە ............................................ 97



مەتبەگە بېرىش ئالدىدا شاپىگراف نۇسخىسىدىن
ئاققا كۆچۈرگۈچى: مۇرشىدە

ئەدەبىي ۋە ئىملا جەھەتتىن تەھرىرلىگۈچى:
ئەزىز يۇسۇپ

# ئىسلام دىنىنىڭ خوتەنگە كىرىشى
# ۋە ئىسلامغا قارشى ئۇرۇش

مۇللا نىياز خوتەنى ھىجرىيە 390 - يىللار ( مىلادى 1000 / 999 - يىلى )
( « تۆت ئىمام زەبىھۇللا تەزكىرىسى » ناملىق شېئىرىي ئەسەردىن تەرجىمە)

شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ جەمئىيىتى ، تارىخىنى
تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەرىپىدىن تەرجىمە قىلدۇرۇلدى

1959 - يىل ئۆكتەبىر

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى
دىن تەتقىقات ئىنستىتۇتى تەرىپىدىن باستۇرۇلدى

1988 - يىل يانۋار

Abdulcelil TURAN
Yenidoğan Mh. 41. Sk. No: 7
Daire: 4 Zeytinburnu - İST.

# ئىسلام دىنىنىڭ خوتەنگە كىرىشى ۋە ئىسلامغا قارشى ئۇرۇش

كائىنات ۋە ئادەم، جىن، دۇنياۋى ھايات، ئاخىرەتنى يارىتىپ بارلىق ھاياتقا «رىزىق» (ئوزۇق) بەرگۈچى تەڭرىگە ھەمدۇ — سانا (تەشەككۈر) بولسۇنكى؛ ئۇ — تەڭرى بىر قەترە (بىر تامچە) سۇ (مەنى) دىن گۈزەل (ئەزىز) ئادەم ياراتتى، ئاسمانلارنى تۈۋرۈكسىز، يەرنى يۆلەنچۈكسىز ياراتتى، تەڭرىگە ھەمدۇ تەشەككۈر ئېيتىشتا سۆزلىگۈچىلەرنىڭ تىلى ئاجىزلىق قىلىدۇ. ئۇ مەرھەمىتى بىلەن بىراۋنى ئەزىز قىلسا، قارشىلىق قىلغۇچى يوق. تەڭرىنىڭ باشلىنىشىدا زامان (ۋاقىت) يوق، ئاخىرىسىدا ھەم ھېچ «ئىنتىھا» (ئاخىرلىشىش) يوق، يەنى مەڭگۈدۇر. بارلىق شاھلارنىڭمۇ شاھى تەڭرىدۇر. ئاشكارا ۋە مەخپىي ئىشلاردىن تەڭرى ئاگاھ (ۋاقىپ) بولغۇچى دۇر. تەڭرىنىڭ ئۇلۇغ ۋۇجۇدىغا ۋە قانداقلىقىغا تەپەككۇر مۇنازىرە قىلىش ۋە ئوخشىتىش مۇمكىن ئەمەستۇر، تەڭرىنىڭ تەڭرىلىكى مەڭگۈدۇر. تەڭرىنىڭ ئۇلۇغ پەيغەمبىرى — دوستى، بارلىق پەيغەمبەرلەرنىڭ ئەۋزىلى، قىيامەت كۈنى شاپائەت قىلغۇچى، بارلىق مەۋجۇداتنىڭ ئىپتىخارى بولغان مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامغا ۋە ئەۋلىرىگە، سەپداشلىرىغا، دوستلىرىغا ۋە دوستلىرىنىڭ ھەمدوستلىرىغا «دۇرۇت» (رەھمەت) ئېيتقاندىن كېيىن، مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ نەۋرىلىرى ھەسەن ۋە ھەسەننىڭ ئەۋلادىدىن بولغان ئىماملار ھەققىدە شۇنداق بايان قىلىنىدۇ.

## ئىمام نەسىردىن، ئىمام مۇئىنىدىن، ئىمام زەھىردىن، ئىمام قاۋام ھىدايەتلەرنىڭ نەسەب ۋە قىسمەتلىرى توغرىسىدا

شۇنداق بىلىش كېرەككى؛ ئىمام نەسىردىن ھەزرىتى ئەلىنىڭ ئوغلى؛ زەينىلئابىدىن ئىمام ھۈسەيىننىڭ ئوغلى؛ زەينىلئابىدىننىڭ ئوغلى ئىمام مۇھەممىدى باقىر؛ ئىمام مۇھەممىدى باقىرنىڭ ئوغلى ئىمام جەئفىرى سادىقنىڭ

ئوغلى ئىمام مۇسا كازىم؛ ئىمام مۇسا كازىمنىڭ ئوغلى ئەلى مۇسارىز؛ ئەلى مۇسا- رىزنىڭ ئوغلى مۇھەممەت تەقى؛ ئىمام مۇھەممەت تەقىنىڭ ئوغلى ئىمام مۇھەممەت نەقى؛ ئىمام مۇھەممەت نەقىنىڭ ئوغلى ئىمام ئەسكىرى؛ ئىمام ئەسكىرىنىڭ ئوغلى ئىمام قاسىم؛ ئىمام قاسىمنىڭ ئوغلى ئىمام ئەپتەھ؛ ئىمام ئەپتەھنىڭ تۆت ئوغلى بولۇپ، ئۇلار مۇھەممەت پەيغەمبەرگە ئەۋلاددۇر ۋە ئۇلار بارلىق ئادەملەرگە يولباش- چىدۇر (يۇقىرىدىكى تۆت ئىمام زەبىھۇللا دىگەنلەر ئىمام ئەپتەھنىڭ ئوغۇللىرىدۇر).

### ئىماملار ماۋارا ئۇننەھىردىن چىقىپ، يۇسۇپ قادىرخاننى قەشقەرگە قوشۇن بىلەن ئەۋەتىشى، يۇسۇپ قادىرخان قەشقەرگە كېلىپ مەسلىھەتلەشكىنى

بۇلارنىڭ تارىخى ۋەقەسى توغرىسىدا خەۋەر بەرگۈچى ئاپتور شۇنداق خەۋەر قىلىدۇكى: ئىمام ئەپتەھنىڭ ئوغلى بولغان تۆت ئىمام مادايىنىد ① دا تۇراتتى، ئۇلار بىلەن ئەمىرلەر، ئەسكەرلەر بىللە ئىدى. مەسلىھەت قىلىشىپ، تۆت ئىمام ئىسلام دىنىنىڭ ئاجىزلىقىنى ۋە دىنىنى كۈچەيتىش ئۈچۈن جەڭ قىلىشنى نىشانلاپ، ئاتاقلىق قەھرىمان يۇسۇپ قادىرخاننىڭ ئىلتىماسى بويىچە، قەشقەرگە يۇسۇپ قادىرخاننى ئەۋەتمەكچى بولۇشتى. يۇسۇپ قادىرخان:- ئەي شاھلىرىم، قەشقەر خەلقى كاپىر ئىكەن، مۇسۇلمانلارغا كاپىرلار باشلىق ئىكەن، ھەر بىرىڭىزلەرنىڭ دەۋرىدە، ئۇ يەر- لەر ئىسلام دىنىغا كىرگۈزۈلۈپ دىن راۋاجلانسا- دىدى، شۇنىڭ بىلەن،-دىن ئۈچۈن جەڭ قىلىشنى ئارزۇ قىلغۇچىلار بولسا توپلانسۇن- دەپ ئىلان قىلدى. مۇشۇ مۇنا- سىۋەت بىلەن، دىن ئۈچۈن جەڭ قىلىشقا 40،000 (قىرىق مىڭ) كىشىلىك قوشۇن تەييارلىنىپ، قەشقەرگە قاراپ يۈرۈش قىلدى. يوللارنى بېسىپ ئۆتۈپ قەشقەر يېرىگە يېتىپ كېلىپ، قەلئەگە يېقىن بىر جايغا چېدىر قۇردى. يۇسۇپ قادىرخان قەشقەر ئاھالىسىگە قارىتا:- بىزگە تۆت ئىمام بۇيرۇق قىلدى، سىزلەر ئىسلام دىنىغا كىرىشىڭىزلەر كېرەك، ئەگەر قوبۇل قىلمىساڭلار جاھىللىق بىلەن ئۆز- ئۆزەڭلەرگە زۇلۇم قىلغان بولۇرسىزلەر، قانلىرىڭىز ئېرىقتىكى سۇدەك ئاققۇزۇلۇپ، باشلىرىڭىز ساي تېشىدەك كېسىپ تاشلىنىدۇ، مال- مۈلۈكىڭىزلەرنى ۋەيران قىلىمىزلەر، دىگەن مەزمۇندا بىر مەكتۇپ يازدى. يۇسۇپ قادىرخاننىڭ بۇ مەكتۇپى قەشقەر ئاھالىسىگە يېتىپ كەلگەچ، ئوقۇپ ۋاقىپ بولۇپ مەسلىھەت قىلىشتى. مەسلىھەتتىن كېيىن:- ئەگەر بىزنى ئىسلام دىنىغا چاقىرغۇچىلار پەيغەمبەرنىڭ ئەۋلادى بولسا، ئۇلارنىڭ جامالىنى (يۈزىنى) كۆرۈپ تۇرۇپ ئىمان ئېيتىپ جان پىدا قىلساق- دىگەن جاۋابنى بەردى.

① ئىراندىكى مەشھۇر بىر شەھەرنىڭ نامى.

نامە ئېلىپ كەلگۈچى ئەلچى بۇ جاۋابنى يۈسۈپ قادىرخان غازىغا يەتكۈزدى. يۈسۈپ قادىرخان مۇنداق دېدى:ـ قەشقەر خەلقى بۇ سۆزنى ئېيتىپ تۇرغاندا، بىز ئۇلار بىلەن جەڭ قىلىشىمىز لازىم ئەمەس، ئىماملارغا بىر نامە ئەۋەتەي ـ دەپ كاتىپقا بۇيرۇدى. نامە مۇنداق ئىبارىلەر بىلەن يېزىلدى: «سىلەرنىڭ نەزىرىڭلار چۈشسە، چۆللەر كۆللۈككە ئايلىنىدۇ، سىلەرنىڭ سۆيۈپىڭلار قۇياشقا ئوخشايدۇ، سىلەر بۇيرۇق قىلىش بىلەن بۇ يەرگە كەلدىم، قانداقلا مۇشەققەت يۈز كەلتۈرسە، دىن يولىدا شەرەپلىك دەپ بىلدىم، ئەلۋەتتە ھەر بىرىڭلارنىڭ قەدىمى يەتسە، بۇ يەر-لەردە دىن جارى بولۇپ قالسا ئەجەب ئەمەس» دەپ تامانلاپ ماڭدۇردى. خەت ئېلىپ ماڭغۇچى كېچە ـ كۈندۈزلەپ يول يۈرۈپ، مادايىن شەھىرىگە يېتىپ كەلدى. لېكىن ئىماملار بۇ چاغلاردا ئوۋ قىلىپ دەشتلەرنى كېزىپ تاماشا قىلاتتى. خەتچى موللا يۈسۈپ قادىرخاننىڭ نامەسىنى ئىمامغا تاپشۇردى، ئوقۇپ مەزمۇنىدىن ۋاقىپ بولۇپ :ـ قەشقەر خەلقى ئىسلام دىنىغا زار ئىكەن، لېكىن بىزنىڭ بېرىشىمىزغا كۆز تۇتۇپ تۇرۇپتۇ، ئەلۋەتتە، بىز دىن ئۈچۈن جەڭ قىلىشقا بارىمىز، ھەر كىم بۇنداق جەڭنى قىلسا، خۇدا ئۈچۈن جېنىنى پىدا قىلسۇن، ھەر كىم بىزنىڭ بۇ سۆزىمىزنى قوبۇل قىلسا، خۇدا ۋە پەيغەمبەر ئۇ كىشىگە مەدەت قىلىدۇ ـ دەپ ئېلان قىلدى. پىدائىيلار توپلاندى، ئىماملار مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ قەبرىسىگە بېرىپ دۇئا قىلىپ، روھىدىن بىشارەت ئالدى. بېرىلگەن بىشارەتتە مۇنداق خەۋەرلەر بار ئىدى: «قەشقەر ئېلىنىپ، ئۇنىڭ ئاھالىسى ئىسلام دىنىغا كىرىدۇ، لېكىن ئىماملار باشلىق نۇرغۇن كىشى شېھىت بولىدۇ.» بۇ بىشارەتنى ئاڭلاپ، پەيغەمبەرنىڭ قەبرىسىنى قانچە قېتىم ئايلىنىپ زىيارەت قىلىپ ئارقىغا قايتىپ خۇشال-خۇرام يۈردى. ئىماملار يۈرۈش قىلىپ، ئەنجان تېغىغا كېلىپ چېدىر بارگاھلىرىنى تىكىپ چۈشتى. ئەسكەر-لەرنىڭ سانىنى ئېلىش ئۈچۈن ھەر بىر كىشىگە بىر دانىدىن «نوقۇت» دانىسى تاشلىدى. ئۇ، نوقۇت دانىلىرىنى يىغىۋېلىپ تارازىغا سېلىپ ئۆلچەپ كۆردى، توپ-توغرا بىر چارەك چىقتى. دانىلارنى ساناپ كۆرگەندە ئەسكەرلەر سانى 140 مىڭ كىشى ئىكەن. ئىماملار شۇنداق دېدى: «بۇلار بىزنى دەپ شۇنچە جاپا تارتىپتۇ، بەزىلىرى ئۆز ئىختىيارى بىلەن كەلسە، بەزىلىرى قورقمىش بىلەن قورقۇپ كەلگەن بولۇشى چوقۇم، ھەر كىم قايتىشنى ئىختىيار قىلسا قايتسۇن، بېرىشنى ئارزۇ قىلغانلار بارسۇن.» بۇ سۆزلەرنى قوشۇندىكىلەر ئاڭلاپ يىغا ـ زار قىلىشىپ، ئۆزىنى يەرگە تاشلاپ :ـ بىزنىڭ جېنىمىز سىزنىڭ ئالدىڭىزدا پىدا بولسۇن، ئەگەر دۈشمەنگە قارشى تاش ئېتىش كېرەك بولۇپ قالسا، تاش ئورنىدا بىزنىڭ بېشىمىز ئېتىلسا رازىمىز، تىرىكلا بولساق بىللە بولۇمىز، بىزنىڭ تىلىكىمىز ـــ سىلەرنىڭ ئالدىڭلاردا ئۆلتـ

كەيمىز، قىيامەت كۈنى بوۋىڭىز مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىدا شەرمەندە بول-
ماسلىق ئۈچۈن، سىزنىڭ ئالدىڭىزداجان بېرىمىز -دەپ يىغلىشىپ ئېتىقاد بىلدۈرۈپ
تۇرغانلىقى بىلىندى. ئىماملار قوشۇندىن مۇنداق ئاۋاز يەنى ئېتىقادنى ئاڭلاپ كۆڭۈل-
لىرى قايناپ، بېشىنى يالاڭباشتاق قىلىپ، قىبلە تەرەپكە قاراپ قولىنى كۆتۈرۈپ
دۇئا قىلدى، قوشۇندىكىلەر قوشۇلۇپ «ئامىن!» دېيىشتى، ھەممە ئۈچۈن ئاللادىن
كەچۈرۈم تىلىدى. شۇ كۈنى يۈسۈپ قادىرخان غازىغا نامە يۈرگۈزدى، ئارقىدىنلا
ماڭدى. ھەر تەرەپتىن ئاق بايراقلار كۆرۈندى، بايراقلارنىڭ نىشانىسىدىن قارىغاندا،
100 مىڭ ئەرنىڭ بەلگىسى كۆرۈنەتتى. ئۇلارنىڭ ئىچىدىن پادىشاھلاردەك تاج كىيىپ،
بېلىگە كەمەر باغلىغان ئاتلىق ئىماملار ئالدىن چىقىپ كەلدى، يۈسۈپ قادىرخان
غازى ئىماملارنىڭ ئالدىغا چىقىپ كۆرۈشتى، بىر-بىرىدىن ئەھۋال سوراشتى. يۈسۈپ
قادىرخان كۆرۈشۈپ بولۇپ:- ئىماملارنىڭ قالغىنى قەيەردە قالدى؟ دەپ سورىغاندا،
ئىمام شاھزادە قاسىم:-ئۇلار ئوشتا قالدى، مېنى ئالدىن بېرىپ يۈسۈپ قادىرخانغا خەۋەر
بەرگىل دەپ ئەۋەتتى- دەپ جاۋاب بەردى. يۈسۈپ قادىرخان كۆپ خۇشال بولدى ۋە ئۇ-
لارنى مېھمان قىلدى. مۇسۇلمانلارنىڭ قائىدىسى بىلەن شادلىق ناغرا-كانايلىرىنى چال-
دۇردى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئوشلۇق شاھ مەنسۇر، ئەخمەت خوجا سەئىد، خوجا ئەزىز قا-
تارلىقلار يېتىپ كەلدى. بۇلار ھەممىسى ھەربىي كىيىنىش بىلەن كىيىنىپ كەلگەن
ئىدى. بۇ كۈنى كەچ بولۇپ قاراڭغۇ چۈشتى. ئەتىسى قۇياش چىقىپ جاھاننى يورۇتتى.
ئەنجان تەرەپتىن* سەنجەر كاسانى، سۇلتان ھەيدەر كاسانى، خوجا ئىسمائىل، خوجا
يۈسۈپ، خوجا-ياقۇپ، خوجا ھەسەن، خوجا سۇلايمان قاتارلىق كاسانلىقلار يېتىپ كەلدى.
يۈسۈپ قادىرخان بۇلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ كۆرۈشۈپ، ئۇلارنى مۇۋاپىق ئورۇنلاش-
تۇردى. ئۇلار كېلىپ ئورۇنلاشقاندىن كېيىن، 20 بايراق قوشۇن يەنى 20 مىڭ ئەس-
كەر بىلەن ئوبۇلھۇزەيپەر ۋە سۇلتان قاسىم خارەزمى، خوجا ئەزەم، خوجا كۈچەك،
خوجا شاھباز قاتارلىق خارەزملىقلەر يېتىپ كەلدى. يۈسۈپ قادىرخان بۇلارنىمۇ
ئالدىغا چىقىپ كۈتۈۋالدى، قەشقەر خەلقى ھەيران بولۇشۇپ قالدى. ئەتىسى سۇلتان
جالالىدىن ۋە سۇلتان سەئىددىن، زىيائىددىن، ئالائىددىن، خوجا شەمسىددىن،
سۇلتان ھەسەن زىيائىددىن، خوجا مەھمۇت مۇھەممىدى، تاھىر، خوجا يەھيا، خوجا
ئۆمەر ناسىر، خوجا مەنسۇر، خوجا ئابدۇلكەرىم، خوجا ئابدۇلغوپۇر، ئابدۇلرەھىم
قاتارلىق* باغدادلىقلار يېتىپ كەلدى. بۇلارنىڭ ھەيۋىسىدىن زېمىن تىترەپ تۇراتتى.
بۇنداق كەلگەن ئەسكەر بىلەن قەشقەر تولدى، تېخى ئەسكەرلەرنىڭ پۈتۈن كېلىپ
بولغانلىقى* بىلىنمەيتتى. قىلىچلار قىلىچقا، نەيزىلەر نەيزىگە تۇرۇلاتتى. بۇ كۈنى كەچ
چۈشۈپ ئارام ئالدى. ئەتىسى 25 مىڭ ئەسكەر بىلەن قورال-ياراق (مىلتىقلار)

بىلەن قوراللىنىپ، تۆت ئىمام يېتىپ كەلدى. يۇسۇپ قادىرخان: — ئەي قەشقەر خەلقى! ئەمدى ھەممىنىڭ شاھى — ئىماملار كەلدى، ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولۇشتىن باشقا چارە يوق، ھەممەڭلار ئالدىغا چىقىڭلار! دەپ ئېلان قىلىپ، ئىماملارنىڭ ئالدىغا چىقتى، ئۇلاردىن ئەھۋال سوراپ كۆرۈشۈپ ئارام ئالدى. قەشقەر خەلقى ئوق- ساداقلىرىنى بويۇنلىرىغا ئېسىپ، ئىماملارغا تازىم قىلىپ كېلىشتى. ئىماملار ئۇلارغا جاۋاب قايتۇرماستىن تۇرۇپ يۇسۇپ قادىرخاندىن سورىدى: — بۇ خەلقلەر مۇسۇلمانمۇ ۋە ياكى كاپىرمۇ؟ يۇسۇپ قادىرخان: — بۇلار ئىمان ئېيتىشقا كەلدى، — دەپ جاۋاب بەردى. ئىماملار يەنە: — بۇلار ئۆز ئىختىيارى بىلەن كەلدىمۇ ياكى قورقۇنچ بىلەن كەلدىمۇ؟ دەپ سورىدى. شۇنىڭدەك خەلقتىن سورىغاندا، ئۇلارمۇ: — بىز ئىمان ئېيتىشقا كەلدۇق دەپ ئېيتىشتى. ئىماملار بۇ سۆزنى ئاڭلاپ قەشقەر ئاھالىسىگە ئىسلام ئىمانىنى ئۆگەتتى، ھەممىسى ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولدى. تۆت ئىمام قولىنى كۆتۈرۈپ دۇئا قىلدى، ھەممە خەلق قوشۇلۇپ «ئامىن!» دېدى، كاپىرلىقتىن ئەسەر قالماي يوقالدى. ئىماملار قەشقەر ئاھالىسىنى ئىسلام دىنى شەرىپى بىلەن مۇبارەكلىدى، ھەممە خەلق خۇشال بولدى، ھەممە خەلق مېھمانلارنى ئۆز مەيلىچە كۈتۈۋالدى. يۇسۇپ قادىرخان غازى قەشقەر خەلقىگە پادىشاھ بولدى، خەلقلەر ھىمايە قىلىپ مىننەتدارلىق بىلدۈردى.

ئەي ئەقىللىق — ھوشيار! بۇ سۆزلەردىن شۇنداق ئاگاھ بولغىن، ئىماملار قەشقەردە مەلۇم مۇددەت تۇردى. يۇسۇپ قادىرخان قەشقەر ئاھالىسىگە پادىشاھلىق قىلاتتى. تۆت ئىمام قادىرخانغا ۋەسىيەت قىلىپ: — يۇرتنى ئادالەت بىلەن ئاۋات قىلىڭ، ئەگەر بىز ئۇرۇشتا قۇربان بولساق، جەسىتىمىز تۇزلەڭدە قالمىسۇن، شەرىئەت قىلىچىنى جارى قىلىڭ، بىز ئۈچۈن قەبرە قىلىپ، ۋەخپە مۈلۈكلەرنى بېكىتىپ، شەيخ - جارۇپكەشلەر بەلگىلەپ، نەزىر - نۇزۇرەت ئۈچۈن قازان، شەمسى (چىراغ) لەر بەرپا قىلىڭ، مازارلىرىمىزدىن خەۋەر ئېلىش ئۈچۈن شەيخلەر قويۇڭ، ئۇلار بىزگە دۇئا قىلسۇن ... دېدى. يەنە بىر قانچە ۋەسىيەتلەرنى قىلىپ قوشۇن بىلەن قوزغىلىپ يەكەن تەرەپكە قاراپ ماڭدى، يەكەنگە يېتىپ كەلدى. بۇ يەردە بىر نەچچە يۈز ئادەم «يار» (سۇ چىقىندىسى بىلەن ھاسىل بولغان يارلىق) نى كولاپ ئۆي قىلىپ ئولتۇرغان ئىدى. ئۇلار تۆھپە - سوغاتلار تەييارلاپ ئىماملارنىڭ ئالدىغا چىقىپ سالام بەردى. ئىماملار ئۇلارغا ئىمان تەكلىپ قىلدى، ئۇلار قوبۇل قىلىپ مۇسۇلمان بولدى. ئىماملار ئۇلارغا دۇئا قىلىپ: — بۇ يۇرت (يەكەن) خوتەن مۈلكىنىڭ پايتەختى بولسۇن، دەپ خەلق بىلەن خەيرلىشىپ «ماچىن» تەرەپكە (خوتەنگە) قاراپ يۈردى. ئىماملار يولدا كېتىۋېتىپ ئەر - ئاياللاردىن بىر نەچچە كىشىلەرنى ئۇچراتتى، ئۇلارنىڭ بىر قىسمى ئىسلام دىنىغا كىردى، بەزىسى قېچىپ كەتتى. بۇ ئەھۋال خەلق ئىچىدە: «گۇمەمدا گۇمان

قالدى، مۇجىلىقلار قاچتى» دېگەن بىر مەسەل بولۇپ قالىدى. ئۇلار تامامەن ئىسلام دىنىغا كىرمەي قالدى. ئالدىنقى ئەسكىرىي قىسىم بىلەن ئىمام مۇھەممەدى شاكىر يۈرگەن بولۇپ، جوقتى رەشىت، نوكتى رەشىت ئىسىملىك خوتەنگە پادىشاھلىق قىلىپ تۇرغان كاپىرلارنىڭ يول ئۈستىدە قويغان قاراۋۇل (پوست) لىرىغا تۇيۇقسىز ئۇچرىشىپ ئۇرغۇن ئۇرۇشۇپ، ئاقىۋەت «قۇم راۋات» دېگەن يەردە قۇربان بولدى. لېكىن ئىسلام ئەسكەرلىرى كاپىرلارنىڭ زور قىسمىنى هالاك قىلدى. بىر نەچچە كاپىر قۇتۇلۇپ قېچىپ بېرىپ جوقتى رەشىتكە خەۋەر قىلدى، جوقتى رەشىتنىڭ هوشى بېشىدىن قاچتى، دەرھال ھەر تەرەپكە ئادەم ئەۋەتىپ ئەسكەرلىرىنى تەييارلىتىپ، قەلئەنى مۇستەھكەم قىلىدى. ئۇرۇشقا تەييارلىق كۆرۈپ تۇراتتى. يولدا بولغان بۇ ئەھۋال ئارقىدىن كېلىۋاتقان ئىماملارغا ھەم خەۋەر قىلىندى. ئۇلار يۈرۈپ ئىمام مۇھەممەدى شاكىر شېھىت بولغان قۇم راۋاتقا يېتىپ كەلدى. ئىمام شاكىرنىڭ قىزىل قانغا بۇلىنىپ ياتقان جەسىتىنى كۆرۈپ، ئىماملار ۋە بارلىق ئەسكەرلەر زور تەزىيەت بىلدۈرۈپ، قۇم راۋاتقا دەپنە قىلىپ، ماچىن (خوتەن) تەرەپكە قاراپ يۈرۈش قىلىپ، ئۇ يەرگە يېتىپ بېرىپ قەلئە ئالدىدا چېدىر تىكىپ چۈشتى. جوقتى رەشىت بولارنى كۆرۈپ ھەيران بولۇپ قاراپ تۇراتتى. ماچىن شەھىرىدە بىر «سېھىر» (جادۇگەر) كاپىر بار بولۇپ، ئۇ، جوقتى رەشىتنىڭ قېشىغا كىرىپ: — مەن ئىسلام ئەسكىرىگە قارشى بىر ئىلاج قىلاي، قەلئەنى جادۇگەرلىك بىلەن كۆزدىن غايىپ قىلىپ يوشۇرۇن قىلاي — دەپ جادۇگەرلىككە شۇغۇللىنىشقا باشلىدى. ئىماملار شەھەرگە ئەلچى كىرگۈزۈشنى بۇيرۇدى: — ئەگەر ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ مۇسۇلمان بولسا، دەخلى قىلماسلىق كېرەك، ئەگەر قوبۇل قىلمىسا، جەڭ قىلىشىمىز كېرەك — دەپ بىر كىشىنى ئەلچى قىلىپ كىرگۈزدى. ئەلچىگە شۇنداق تاپشۇردى: — بۇ كەلگەنلەر ماۋارا ئۇننەھىردىن كېلىپتۇ، دىن ئۈچۈن جاپا چېكىپ كەپتۇ، 140 مىڭ ئەسكىرى بار، مەقسىتى دىن ئۈچۈندۇر، خۇدانى بىر دەپ بىلىپ مۇسۇلمان بولسۇن، ئەگەر قوبۇل قىلمىسا، ئۆز ئۆزىنى دوزاققا تاشلايدۇ، ئىسلام دىنى بىر گۆھەردۇر، بۇ گۆھەرنىڭ باھاسىغا يەتمەسە، ئىشىنىڭ ئەڭ ئاخىرقى مەقسىتىگە يېتەلمىسە، ئەلۋەتتە ئۇ دوزاققا كېتىشى چوقۇم. ئەلچى بۇ سۆزلەرنى ئىماملاردىن ئاڭلاپ شەھەرگە قاراپ ماڭدى. شەھەرگە كىرىپ ئىماملارنىڭ سۆزىنى جوقتى رەشىتكە بىر — بىرلەپ بايان قىلدى. جوقتى بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ قاتتىق قايغۇلاندى، نېمە دەپ جاۋاب بېرىشنى بىلمەي، جادۇگەرنىڭ قېشىغا كىردى، ئىماملارنىڭ ئەلچى ئارقىلىق كىرگۈزگەن سۆزىنى سۆزلىدى. بۇ جادۇگەرنىڭ ئىسمى شەمئان ئىدى، ئۇنىڭ قىرىق شاگىرتى بولۇپ، ھەر بىرى بىر شەيتانغا باراۋەرلىك قىلاتتى. قىرىق شاگىرتى بىلەن شەمئان بىر بولۇپ

جادۇگەرلىك قىلىشقا كىرىشتى. جوقتى رەشىت، نوكتى رەشىتلەرنىڭ ئاخىرقى قارارى —
مۇسۇلمان بولماسلىق ۋە ئۇرۇش قىلىشقا تەييارلىنىش بولدى، ئەلچىگە ھەم شۇنداق
جاۋاب بەردى. ئەلچى ئىماملار قېشىغا كېلىپ، بىرىلگەن جاۋابنى بايان قىلدى. شۇنىڭ
بىلەن ئىماملار ئۇرۇشقا ناغرا - كاناي چالدۇرۇپ تەييارلاندى، ئۇرۇش سەپلىرى
تۈزۈلدى، ئىماملار قوشۇنى قەلئەگە قاراپ ھۇجۇم باشلىشى بىلەنلا ، شەھەر قەلئەسى
كۆزدىن غايىب بولۇپ كەتتى. شۇنىڭ بىلەن بۇلار بىر قانچە زامان نېمە قىلىشىنى
بىلمەي ھەيران بولۇپ تۇردى . بەزى رىۋايەتلەرگە قارىغاندا ، قىرىق يىل، بەزىلەر-
نىڭ رىۋايىتىچە قىرىق كۈن كۆزدىن يوشۇرۇندى. مۇنداق دېيىش، كاپىرلار بېشىغا
قاتتىق كۈن چۈشكەنلىكتىن، بىر كۈن بىر يىلغا تەڭ كۆرۈنگەن، دېگەنلىك بولسا
كېرەك. جادۇگەرنىڭ جادۇ قىلىشى بىلەن شەھەر كۆزدىن غايىب بولامتىمۇ؟ بەلكى
بۇ، كاپىرلارنىڭ ئۆز ئۆزىنى قاماقتا ئېلىشىدۇر. مەسىلەن، تۆلكە شىرنى كۆرمەي
تۇرۇپ ئۆز - ئۆزىگە ئويۇن - كۈلكە قىلىدۇ، ئەگەر شىرنى كۆرگەندە ئۆزىنى يوشۇر-
ماي تۇرالمايدۇ. شۇنىڭدەك ئىماملارنىڭ يېتىپ كېلىشى بىلەن ئۇلار قېچىپ يوشۇرۇ-
نۇپ كۆردى، لېكىن ئەتىسى ئىسلام لەشكەرلىرى ئاتلىنىپ شەھەرگە ھۇجۇم قىلدى،
شەھەردە نۇرغۇن ئاۋاز ئاڭلاندى، ئۇلار بىر ئادەمنى ئۇچرىتىپ سورىدى، بۇ ئادەم جاۋاب
بېرىپ: - نوكتى، جوقتى قاتارلىق مەلئۇنلار ئۆز لەشكەرلىرى بىلەن بۇگۈن كېچە قېچىپ
كەتتى، جادۇگەرلەرمۇ قاچتى، ئۇلار تاغ تەرەپكە كېتىشتى، شەھەر ئۆزى يوشۇرۇنغان
ئەمەس ئىدى، ماڭا رەھىم قىلىپ ئازاد قىلساڭلار، مەن خەلققە تەشۋىق قىلىپ ئىمام-
لار تەرەپكە رىغبەتلەندۈرەي، ئۆزۈمدىكى يامانلىقلارنى يوقىتاي - دېدى. لېكىن
ئىسلام ئەسكەرلىرى ئۇ ئادەمنى باغلاپ ئىماملارنىڭ قېشىغا ئېلىپ كەلدى، ئۇ ئىماملار-
نىڭ ئالدىدا ئىسلام دىنىنى قوبۇل قىلىپ مۇسۇلمان بولدى. خوتەن شەھرىنىڭ ۋە
نوكتى، جوقتىلارنىڭ ئەھۋالىنى سورىدى. ئۇ ئادەم جاۋاب بېرىپ: - ئۇلار 12 مىڭ
ئەسكەر بىلەن بىللە ئىدى، ئۇلار 12 مىڭ ئەسكەر بىلەن قېچىپ كەتتى، شەھەردە
ماڭا ئوخشاش نۇرغۇن ئاجىزلار قالدى، ئۇلارنىڭ مۇسۇلمان بولۇش - بولماسلىقى
ماڭا نامەلۇم - دېدى. ئىماملار: - شەھەرگە ئەلچى كىرسۇن - دەپ بۇيرۇدى. ئىسلام
ئەسكىرىدىن غەربىي ئاسىيالىق قەيتۇس ئىسىملىك بىر كىشى ئەلچى بولۇپ، بىر ئادەمنى
ئۆزىگە ھەمرا قىلىپ شەھەرگە كىردى. شەھەرگە «خەلخال» باشلىق ئىدى، ئەلچى
كىرىپ خەلخال بىلەن سۆزلەشتى، خەلخالنىڭ ھوشى بېشىدىن ئۇچتى. خەلخالنىڭ
ئادەملىرىدىن بىر قانچە نادانلار ئەلچى قەيتۇسنى تۇتۇۋېلىشقا ئۇرۇندى، قەيتۇس
بېنىدىن قىلىچنى سۇغۇرۇپ ئېلىپ يەتتە كىشىنى چېپىپ ئۆلتۈردى، خەلخالنىڭ ئادەم-
لىرى كالىدەك قاچاتتى، قەيتۇس شىرغا ئوخشاش قوغلايتتى. بۇ ئەھۋالدىن ئىماملار

خەۋەر تېپىپ: — ئوشلۇق شاھ قاسىم بىرىپ ياردەمبەرسۇن — دەپ بۇيرۇق قىلدى. شاھ قاسىم ئادەملىرى بىلەن يېتىپ بېرىپ قەلئەگە ھۇجۇم قىلدى، دەرۋازىنى ئومۇد (چوماق) بىلەن ئۇرۇپ چاقتى. قەيتۇسىنىڭ ئىنىسى مايەمەن 700 كىشى بىلەن بېرىپ ياردەم بەردى. قاتتىق ئۇرۇش بولدى، ئاتىسىنىڭ ئوغلىدىن، ئوغلىنىڭ ئاتىسىدىن خەۋىرى بولمىدى، قانلار ئېقىشقا باشلىدى، كاپىرلار چىداشلىق بېرەلمەي ئامانلىق تىلەپ قىلدى. بۇلار ئامانلىق بېرىپ ئىماملارنىڭ ھۇزۇرىغا قايتىپ باردى. مۇسۇلمانلاردىن بۇ ئۇرۇشتا 200 كىشى شېھىت بولغان ئىدى، كاپىرلاردىن 560 كىشى ئۆلتۈرۈلدى. خەلخال ئادەملىرى بىلەن قورال ياراقلىرىنى بوينىغا ئېسىپ چىقىپ تۆۋە قىلىپ، دۈشمەنلىكنى تاشلاپ ئۆتمۈشكە پۇشايمان قىلىپ، ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولدى. خەلخالنى ماچىن (خوتەن) گە پادىشاھ قىلدى. ئەتىسى خوتەن ئەھلى تۆھپىلەر ئېلىپ كېلىپ كۆرۈشتى. ئۇلار: — ئەي ئىماملار، بىزدە ئۇجاتلىق دەپ بىر خىل ئادەملەر بار، كۆرۈنۈشتە دىنغا ئىقتىدا قىلسىمۇ، لېكىن كۆڭلىدە ئاداۋەت (دۈشمەنلىك) ساقلايدۇ — دېدى. ئىماملار: — ئەگەر كۆڭلىدە ئاداۋەت ساقلىسا، ھەر ئىككى دۇنيادا «ئۇجاتلار نىجات تاپماس» دېدى.

## چوقتى رەشت ۋە نوكتى رەشتلەر قاچقاندىن كېيىن

بۇ ھەقتە رىۋايەت قىلغۇچى شۇنداق رىۋايەت قىلىدۇكى: چوقتى، نوكتىلارنىڭ قاچقانلىقىدىن شەھەر خەلقى خەۋەر يەتكۈزدى. ئىماملار پۈتۈن قوشۇننى ئۇلارنى قوغلاپ بېرىشقا بۇيرۇدى، كاپىرلارنى تاپقان يەرگە قەدەر قوغلاپ بېرىشنى كۆرسەتتى، پۈتۈن قوشۇن تاغ ئارىسىغا يۈرۈش قىلدى. ھەر بىر ئەسكەر قولىغا بىر دانىدىن تاش ئېلىپ ماڭدى، يولدىن ئازماسلىق ئۈچۈن تاشنى تىزىپ تاشلاپ بەلگە قىلىپ ماڭاتتى، بىر يەرگە كەلگەندە تاشنى يەرگە تاشلىدى، بۇ يەرنىڭ نامى شۇنىڭدىن باشلاپ «ماقەبە» دەپ ئاتالدى. قوشۇن مېڭىپ بىر يەرگە كەلگەندە، ئورۇق بىر تۆگىنى يېتىلىگەن بىر كاپىر ئۇچراشتى، بۇ تۆگە بىر ھەيكەلگە ئوخشاش ئورۇق بولۇپ، تۆپىسىدىن باشقا يېرى پۈتۈنلەي يېغىر بولۇپ كەتكەن، تېرىلىرى ئاشلاپ ئەتكەن تېرىدەك بولۇپ كەتكەن، ئاندا — ساندا تۈكلىرى قالغان، ئۈستىگە ئارتقان يۈك تاغدەك كۆرۈنەتتى، دېمەك، سۆڭەك ۋە تېرىدىن باشقا نەرسە قالمىغان ۋە يۈكنى كۆتۈرۈشتىن دەرمانسىزلانغانىدى، ھەر قەدەم بېسىپ بىر «بۇھا!» دەپ ۋاقىرايتتى (يەنى تۆگە ئۆز ھالىغا يىغلايتتى). بۇ كاپىر يۈك ئۈستىگە پۇتىغا كىيىدىغان چورۇقنى ئارتقانىدى. ئىماملار: — قەلئەنىڭ ئادەملىرى قەيەردىن سۇ ئىچىدۇ؟

دەپ سورىدى، بۇ ئادەم:— دەرىيانىڭ ئىچىدىن مىستىن نۇ قىلىپ شەھەرگە سۇ كىرگۈزۈلگەن — دەپ جاۋاب بەردى ۋە — نۇنىڭ ئاغزىنى ئىزدەپ تېپىپ بېكىتىۋەتسە، سۇ توختايدۇ — دېدى. بۇ ئادەمنى تەكشۈرۈپ كۆرگەندە، چېچىنى يېكىدىن چۇشۇرۇپتۇ، ئېيتقان سۆزىدىن يالغانلىقى كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ، دېمەك، بۇ كاپىرنىڭ جاسۇس ئىكەنلىكى بىلىندى. ھەر بىر كىشى ئۇنىڭغا بىردىن تاش ئاتتى، ئۇ تۆگىسى بىلەن تاش ئاستىدا قالدى. ھازىر بۇ يول بىلەن ياش قېرى ھەركىم ئۆتسە تاش ئېتىپ ئۆتۈش رەسىمدۇر. ئىسلام قوشۇنى بۇ يەردىن ئۆتۈپ كېتىپ باراتتى، يىراقتىن بىر قارا كۆرۈندى. ئادەم ئەۋەتىپ تونۇشتۇرۇپ قارىسا، ماچىنلىق (خوتەنلىك) كاپىرلار ئىكەن. نەتىجىدە توقۇنۇش بولۇپ، كاپىرلار قاچتى، مۇسۇلمانلار قوغلاپ بىر ئېقىنغا (سۇلۇق سايغا) يەتتى، سۇ بويىغا كەلگەنلىكىگە ھەممىسى خۇشال بولدى. بۇ يەر سۇلىرى ئېقىپ تۇرىدىغان، گۈللىرى ئېچىلغان، بۇلبۇللىرى سايرىشىپ تۇرغان، دەرەخلىرى كۆپ، ھاۋالىق بىر جاي ئىدى. ئىسلام ئەسكەرلىرى ئارام ئالغاندىن كېيىن، كاپىرلارنىڭ يوشۇرۇنغان يېرىنى ئىزلەشكە باشلىدى، ئىزلەپ يۈرۈپ ئاقىۋەت كاپىرلارنى تاپتى. كاپىرلار تاغ ئىچىدە تاشتىن سېپىل قىلىپ بىر شەھەر ياساپ، ئۇنىڭ ئىچىگە چېدىر — بارگاھلىرىنى قۇرۇپ كىرىۋالغانىدى. كاپىرلار بىلەن نۇرغۇن ئۇرۇشلار قىلدى، كاپىرلار قىستالسا قەلئە ئىچىگە قېچىپ كىرەتتى، چىقىپ يەنە ھۇجۇم ياساپ ئۇرۇشاتتى. قەلئەنى بۇزۇپ كىرىشكە چارە تاپالمىدى، ھەر كىم بىر خىل چارە قىلىشنى ئېيتتى. ئەڭ ئاخىرى، قەلئەگە كىرىدىغان سۇنى توساپ ئېلىشنى نىشانلاپ، ئىزلەپ يۈرۈپ قەلئەگە كىرىدىغان ئېقىنى تېپىپ، يەر ئاستىدىن مىس نۇ بىلەن سۇ كىرىدىغان ئېقىنى توسىۋالدى، شۇنىڭ بىلەن قەلئەگە كىرىدىغان سۇ توختاپ قالدى، ئۇرۇشمۇ قىلمىدى. كاپىرلارنىڭ ئەھۋالى قىيىنلاشقانلىقتىن، قەلئەنى تاشلاپ يەنە بىر تەرەپكە قاچتى. كاپىرلارنىڭ قاچقانلىقىنى بىلگەن ئىسلام ئەسكەرلىرى ۋە ئىماملار مېڭىپ بىر يەرگە كەلدى. بۇ يەر ئىنتايىن خۇش ھاۋا، سۇلۇق، دەرەخزارلىق يەر بولۇپ، بۇ يەردە پەيغەمبەر ئەۋلادىدىن بولغان ئىمام مەھدى ئاخىر زاماننىڭ يوشۇرۇنۇپ قالغان جەسىتى (مازىرى) بار ئىدى، ئۇنىڭ روھى بىلەن ئۇچراشتى. بۇنىڭ بىلەن خوشلىشىپ مېڭىپ، جەئفەرى تەيراننىڭ مازىرى بار يەرگە كەلدى، ئۇنىڭ روھى بىلەن ئۇچرىشىپ ئەھۋاللاشتى. جەئفەرى تەيران:— مەن ئەرەبىستاندا «ئوھۇد» ئۇرۇشىدا شېھىت بولغاندىن كېيىن، ئىسلام بايرىقىنى چىشلەپ ئۇچۇپ كېلىپ بۇ يەرگە جايلاشقان ئىدىم، چۈنكى پەيغەمبەر: بىر كۈنى قەشقەر يېرىگە مېنىڭ ئەۋلادىم بارىدۇ، دەپ ئېيتقان ئىدى — دېدى. بۇنىڭ روھىغا دۇئا قىلىپ خوشلىشىپ قايتتى. قوشۇندىكى كىشىلەر كېلىپ ئىماملارغا خەۋەر بەردى:— كاپىرلارنىڭ قەلئە—

سىدىن ناغرا ـ دۇمباق ئاۋازى چىقىپ تۇرىدۇ، بۇ نېمە ئاۋاز ئىكەنلىكىنى بايقاش
ئۈچۈن، ياشلاردىن بىر قانچىمىز قەلئەگە كىرىپ باقتۇق، يالغۇزلا دۇمباق ئاۋازى
چىقىپ تۇرىدۇ، لېكىن بىرەر جانلىق هايات يوق، بىز بۇ ئەھۋالغا ھەيران بولۇپ،
شەھەر ـ قەلئە ئىچىنى يۇگۇرۇپ يۈرۈپ ئاختۇردۇق، نەتىجىدە بىر دانە قوتۇر
مەس تۆگىنىڭ تىزلىنىپ ياتقىنىنى كۆردۇق، ئۇنىڭ قۇيرۇقىغا دۇمباقنى باغلاپ
قويۇپتۇ، دۇمباققا ئۇرۇلىدىغان تاياققا تۆگە قۇيرۇقىنى ئۇرۇش بىلەن تاياق دۇمباق-
قا تېگىپ دۇڭ ـ دۇڭ ئاۋاز چىقىدىكەن ـ دېدى. ئىماملار بۇنى ئاڭلاپ، قەلئەدە
ئادەم يوق ۋە قاچقانلىقىنى بىلىپ:ـ قوشۇن ئاتلانسۇن! دەپ بۇيرۇق قىلدى. قوشۇننىڭ
ئالدىدا شاھ قاسىم ئۆز تۇغقانلىرى بىلەن كاپىرلارنىڭ ئارقىسىدىن قوغلاپ ماڭدى،
چۈنكى ئۇرۇش قىلىش بۇنىڭ ئالدىدا ئويۇنغا ئوخشاش ئىدى. بۇلار خېۋەرسىز
كېتىپ بارغاندا، بىر بولۇڭدا يوشۇرۇنۇپ بۆكتۈرمە قىلىپ ياتقان كاپىرلار تۇيۇقسىزلا
چىقىپ جەڭ قىلىشقا باشلىدى. بۇ ئۇرۇشتا شاھزادە شاھ مەنسۇر شېھىت بولدى.
شاھ قاسىم ئىنىسىنىڭ شېھىت بولغانلىقىنى كۆرۈپ ئاھ تارتىپ يىغلاپ، ئۆز ئىنىسىنىڭ
شېھىت بولغانلىقىنى نەسىرلەپ تەزىيەتلەر بىلدۈرۈپ، كاپىرلارغا ھۇجۇم قىلدى،
كاپىرلارنى ئۆلتۈرۈپ باشلىرىنى ساي تېشىدەك ياتقۇزدى، ئەڭ ئاخىرىدا شاھ
قاسىم ھەم شېھىت بولدى. بۇلار بۇنداق ھالەتتە تۇرغاندا، تۆت ئىمام يېتىپ كەلدى،
ئەھۋالنى كۆرگەندىن كېيىن، شاھ مەنسۇرنى دەپنە قىلدى، قۇرئان ئوقۇپ دۇئا قىلدى،
ئۇنىڭدىن كېيىن شاھ قاسىمنى دەپنە قىلدى، پۈتۈن قوشۇن يىغلاشتى. ئۇلار شۇنداق
دېيىشتى:ـ بىزگە بۇ يەرلەر قىزىل قان كۆرۈنۈپ تۇرىدۇ. ئىماملار: بىزنىڭمۇ شېھىت
بولۇش ۋاقتىمىز يېقىنلاشقان ئوخشايدۇ ـ دەپ خۇدادىن مەدەت تىلەپ تۇرۇشتى. ئىمام-
لار نامازغا تۇردى، ئەسكەرلەر تاماق تەييارلاشقا مەشغۇل بولۇپ تۇراتتى. بۇ
ئارىلىقتا كاپىرلار ئۇرۇش سەپلىرىنى تۈزەپ تەييارلىنىپ تۇردى. ئاش پىشىپ
ئۈلگۈرمىدى، ئاقىۋەت تاماق يېمەستىن تۇرۇپ ئۇرۇشقا تەييارلاندى. بۇ كۈنى ئەڭ
قاتتىق ئۇرۇش بولۇپ، كاپىرلارنى قىستىدى ۋە كۆپچىلىكىنى ھالاك قىلدى، بىر
قىسمى مەجرۇھ بولدى، كاپىرلار كۆپ ئىدى، مۇسۇلمانلاردىنمۇ نۇرغۇن ئادەم
قۇربان بولدى، ئاقىۋەت ئۇرۇشنى توختىتىش ناغرىسىنى چېلىپ، ھەر ئىككى تەرەپ
فرونتتىن قايتتى. شۇ كۈنى ئىسلام ئەسكەرلىرى ئارىسىغا ئىككى دانە ئىت پەيدا
بولۇپ، سۆڭەكلەرنى غاجىلاپ يۈرەتتى. بۇ ئىتلار چېدىرغا يېقىن كېلىش بىلەن
ئىماملاردىن بىرى قولىغا ئوقيا ئېلىپ ئىتنى ئېتىشقا تەييار بولغاندا، يەنە بىر ئىمام:ـ
ياق، ئاتماڭ! ئىت بولسىمۇ ئارام ئالسۇن ـ دەپ توسۇپ قويدى. بۇ ئىككى ئىت ئەس-
لىدە ئىت شەكلىدە گىرىم قىلغان جاسۇس ئادەملەر ئىدى، بۇ كېچىسى بۇ ئىككى

ئىت شەكىللىك جاسۇس يا (ساداق) لارنىڭ چىللىرى (كىرىچلىرى) نى كېسىپ، قىلىچ-
لارنىڭ غىلاپلىرىنى يەملىدى، مىلتىقلارنىڭ ئىچىگە (ستوۋۇلىغا) قۇم تىقىپ قويدى،
ئاتلارنىڭ ئوڭ تەرىپىدىكى ئۈزەڭگىلىرىنى كېسىپ تاشلىدى. ئەتىسى تاڭ ئېتىشى
بىلەن ئىسلام ئەسكەرلىرى ناماز ئۆتەشكە تەييارلاندى، 170 سەپ بولۇپ قاتار تىزىل-
دى، خوجا ئابدۇللا دېگەن چوڭ ئالىم كىشى نامازغا ئىمام بولدى. كاپىرلار دەل
مۇشۇ پۇرسەتتىن پايدىلىنىپ بېسىپ كەلدى. ئىمام بولغان خوجا ئابدۇللانىڭ
خاتىرىگە ھېچ سۈرە (ئايەت) كەلمىدى، سۈرە «بەقەرە» دېگەن ئۇزۇن ئايەتنى
ئوقۇدى، ئىككىنچى رەكەتكە «تاھا» سۈرىسىنى ئوقۇدى. بۇ ئىككى ئۇزۇن ئايەت بىلەن
باشلانغان نامازنى ئۆتەپ تامام بولغىچە، كاپىرلار پۈتۈن مۇسۇلمانلارنى ئۆلتۈرۈپ
شېھىت قىلدى. ئىمام ئوڭ تەرىپىگە سالام بەرگىنىدە، ئۈچ يېرىم سەپ ئادەم قالدى،
سولغا سالام بەرگۈچە بىر يېرىم سەپ ئادەم قالدى. ئىماملارنىڭ غەزەپلىرى ئۆرلەپ،
ئاتلىرىغا مىنىپ جەڭ قىلماقچى بولغانىدى، ئوڭ تەرەپتىكى ئۈزەڭگە يوق، قىلىچلار
غىلاپلىرىغا يەملەنگەن، يالارنىڭ چىللىسى كېسىلگەن، بۇ ئەھۋالغا پەرىشتىلەر نازارەت
قىلىپ يەر ۋە ئاسمانلار تىترىدى. ئوتقا سۇ ئېلىشقاندەك، قومۇچقا ئوت تۇتاشقاندەك،
يالىڭاچ قالغانلار كىيىمىگە ئۆزىنى ئاتقاندەك، ئاچ قالغانلار تاماققا ئۆزىنى
ئاتقاندەك كىرىشىپ كەتكەن ھالدا ئۇرۇش بولدى. قانلار سۇدەك ئېقىشقا باشلىدى، ئوڭ
قول، سول قولغا ئات يۈگۈرتۈپ ئۇرۇشاتتى، ئۆلۈكلەردىن دۆۋىلەر تىكلەندى، كا-
پىرلار كۆپ قىرىپ تاشلاندى، كاپىرلار چىداشلىق بېرەلمەي قاچتى. شەيخ جالال-
ىددىن باغدادى (باغداتلىق) كاپىرلارنى قوغلاپ باردى، قوغلاپ كېتىۋېتىپ بىر چوڭ-
قۇر يەرگە يېتىپ بارغاندا، بۆكتۈرمە قىلىپ يوشۇرۇنۇپ تۇرغان بىر مۇنچىلىغان
كاپىرلار چىقىپ ھۇجۇم قىلىپ، جالالىددىن باغدادىنى شېھىت قىلدى، قالغان قىسىم
كاپىرلارنى قوغلاپ مەرتلىك كۆرسەتتى. ئىماملار نامازغا تۇرۇپ بىر تال چىچىنى
قولىغا ئېلىپ يەرگە كۆمدى، خۇدانىڭ تەقدىرى بىلەن بۇچاچ دەرھال كۆكلەپ دەرەخ
بولدى. ھازىر، ھاجەتلىك ئادەملەر بۇ يەرگە كېلىپ دەرەختىن بىر تال شاخنى يىرىپ
تەلەپ قىلسا، ھاجىتى ھەل بولىدۇ. ئىماملار ناماز ئۆتەپ تۇرغان يەرگە كاپىرلار
ئىماملارنى «زەيپە» قىلىپ (بوغۇزلاپ) شېھىت قىلدى، كۈن تۇتۇلۇپ قاراڭغۇ چۈش-
تى، ئاسمان ۋە يەر پىغان (نالە) قىلدى، تاغلاردىن يىغا ئاۋازى ئاڭلاندى، ياۋايى ھاي-
ۋانلاردىكى ياۋايى ھايۋانلارمۇ يىغلىدى. ئىماملار ياش يىگىتلەر بولۇپ، غۇنچە چېغىدا
غازات بولۇپ توزۇپ كەتتى. دېمەك، جوقتى، نوكتىلەر ھەزرىتى ئىماملارنى شېھىت
قىلدى، بايراق تۇتقۇچىغا قەست قىلدى، بايراقچى بايراقنى قاتتىق مۇھاپىزەت قى-
لىپ ھېچبىر كىشىگە بەرمىگەندە، قولىنى كېسىپ تاشلىدى، بايراقنى تىزىغا قىسىۋال-

دى، تىزىنى كەسكەندىن كېيىن، بويىنىنى قىستى، بويىنىغا كىسىپ تاشلىغاندىن كېيىن،
بايراق ھاۋاغا ئۆرلەپ كۆزدىن غايىب بولدى، ئۈچ كېچە - كۈندۈز جاھان قاراڭ-
غۇلىشىپ ئاندىن كۈن ئېچىلدى. كاپىرلار ماچىن تەرەپكە ماڭدى. ئىسلام ئەسكەرلىرى-
دىن قىرىق كىشى ھايات قالغان بولۇپ، بۇلار كۆپ يىغلاپ، زار قاخشاپ، ئىماملار
ئۈچۈن ھەسرەت چېكىپ. ئاخىرى خۇدانىڭ تەقدىرى بىلەن بۇلار غايىب بولۇپ كەت-
تى. بىر كىشى ئايرىلىپ قېلىپ، تاغ - دەشتلەرنى كېزىپ يۈرۈپ قەشقەرگە كېلىپ،
يۈسۈپ قادىرخانغا خەۋەر يەتكۈزدى. يۈسۈپ قادىرخان بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، يىغلاپ
تەزىيە تۇتۇپ، خوتەن تەرەپكە يۈرۈش قىلدى. خوتەنگە كېلىپ شېھىت بولغان ئىمام-
لارنى كۆرۈپ يىغلاپ ھوشسىزلىنىپ، قايتا ھوشىغا كېلىپ، تۆكۈلگەن قانلارنى، كې-
سىلگەن باشلارنى كۆرۈپ ھەيران بولدى. مۇسۇلمانلارنىڭ جەسىتى بىلەن كاپىرلار-
نىڭ جەسىتىنى ئايرىغىلى بولمايتتى، يۈسۈپ قادىرخان خۇداغا مۇناجات قىلىپ دۇئا
قىلغاندىن كېيىن يامغۇر ياغدى، كاپىرلارنىڭ يۈزى تۆۋەن بولدى، مۇسۇلمانلارنىڭ
بېشى قىبلىگە قارىتىلدى، شۇنىڭ بىلەن مۇسۇلمانلارنى پەرق ئېتىپ، شېھىتلەرنى دەپنە-
قىلدى. ئىماملارنىڭ جەسەتلىرىگە ساندۇق ياسىتىپ دەپنە قىلدى، مازىرىغا يەر - زېمىن-
لەرنى ۋەخپە قىلىپ، تۇغ - بايراق تىكتىپ زىننەتلىدى. ئاش پىشۇرۇشقا قازان، شەم-
ئىدانلارنى ئاستى، قەشقەردىن باشلاپ قۇمۇلغىچە قانچە شەھەرلەرنىڭ ئاشلىق ۋە چاھار
پايلىرىنىڭ «دەھيەك» (ئوندىن بىر) نى تۆت ئىمام ئۈچۈن نەزىر قىلدى. قىرىق ئۆيلۈك
ئادەمنى بارلىق ئالۋان - سېلىق تۆلەمدىن ئازاد قىلىپ، شەيخلىككە بەلگىلىدى، شۇنىڭ
بىلەن يۈسۈپ قادىرخان غازى قەشقەرگە قايتىپ كەتتى. ھەر يىلى بىر قېتىم كېلىپ، ئىمام-
لار ئۈچۈن نەزىر - نىيازۇرەت ئۆتكۈزۈپ دۇئا قىلىپ قايتاتتى. ھەر كىشىنىڭ ھاجىتى
بولسا، ئىماملارنىڭ مازارىغا قوي، كالا سويۇپ نەزىر قىلىپ بىر نەچچە كۈن ياتسا، ھا-
جىتى ھەل بولىدۇ، بەزىبىر ئادەملەر يولنىڭ يىراقلىقىدىن بارالماي قالىدۇ ياكى پىتنە-
پاسات، قالايمىقانچىلىقلار تۈپەيلىدىن كېلەلمەسلىكى مۇمكىن. بۇنداق سەۋەبلىك كېلەل-
مىگەنلەر، ئىخلاس قىلىپ تۆت ئىمامنىڭ ھەققىدە سەدىقە ۋە نەزىر ئۆتكۈزسە، بۇنداقلار
تۆت ئىمامنىڭ شاپائەت قىلىشى بىلەن دۇنيادا بەخت - سائادەت، بايلىق - پاراۋانلىققا
ئېرىشىپ، ئاخىرەتتە (قىيامەت كۈنى) شاپائەت قىلىنىپ، كەچۈرۈم قىلىنىشقا ئىگە بو-
لۇپ، جەننەت بىلەن مۇكاپاتلىنىدۇ. مەن ئاپتور (نىيازى) ئەڭ گۇناھكار بەندىمەن،
ھېچبىر ياخشى ئەمەلىيەت مەندىن ۋۇجۇتقا كەلمىدى، لايىق ئىبادەت (بەندىچىلىك)
قىلالمىدىم، ماڭا ئوخشاش شەرمەندە ئادەم پۈتۈن ئىنسانلار ئىچىدە يوقتۇر، ئىلاھىم
(خۇدايىم) ھەزرىتى مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ ئەۋلادلىرىنىڭ ھەققى - ھۆرمىتى
ئۈچۈن مېنى كەچۈرگىل، مەن «نىيازى» نى ئۆزۈڭنىڭ قۇللىقىغا قوبۇل قىلغىل.

## ئاپتورنىڭ تەرجىمھالى توغرىسىدا

ئەي ئەقىللىق كىشىلەر، مەن كەمىنە بىر نادان (بىلىمسىز)، غاپىل (تۇيغۇسىز) كىشىمەن، مېنىڭ يېشىم كىچىك، ئۆزەم بىلىمسىز، كەمچىلىكلىرىم كۆپ ئىدى. ئەلۋەتتە، كىچىكلەر خاتالىق ئۆتكۈزسە چوڭ كىشىلەر ئەپۇ ئېتىدۇ، ئۆزەمنىڭ قابىلىيىتى بولمىغانلىقتىن، مۇنداق بىر ۋەقەلىكنى شېئىرىيەت بىلەن داستان قىلىش قولۇمدىن كەلمەيتتى. ئانامنىڭ يۇرتى خوتەن، ئاتامنىڭ يۇرتى خوتەننىڭ تاغ يېرىدىن بولۇپ، ئۇلار تۆت ئىمامنىڭ «نىيازى» (بېغىشلىمىسى ۋە نەزىرىسى) قىلىپ، ئېتىمنى «نىياز» دەپ قويۇشقان ئىكەن. دېمەك، مېنىڭ ئانا ۋەتىنىم بولسا خوتەن ئىدى، كىندىك قېنىم تۆكۈلگەن تۇپرىقىم ھەم شۇدۇر، نەسىل - نەسەبىم خوتەندۇر، تۇغۇلغان يېرىم ھەم شۇ ئىدى. يەتتە پۇشتۇم (يەتتە بوۋام) مۇ خوتەندە جاھاندىن كېتىپ، خوتەندە كۆمۈلگەن ئىكەن ۋە شۇ يۇرتتا ئۆز مەقسەتلىرىگە يەتكەن ئىكەن. ئاتام قىرىق ياشقا يەتكەندىمۇ زادى بالىسى يوق ئىكەن. بىر كۈنى ئىماملارنىڭ قەبرىسىگە بېرىپ كېچىسى ئىبادەت قىلىپ تەلەپ قىلىپتۇ، شۇنىڭدىن كېيىن مەن ئانامنىڭ ھامىلىسىگە پەيدا بولۇپ ۋۇجۇدقا كېلىپتىمەن. تۇغۇلغاندا ئاجىز - كىچىك بىر ئوغۇل بولۇپ تۇغۇلغان ئىكەنمەن. ئاتا - ئانىلىرىم خۇداغا شۈكرى قىلىپ تەربىيە قىلىپتۇ، پۈتۈن كۈچى بىلەن مېنى تەربىيىلەشكە كىرىشىپ چوڭ قىلىپتۇ، ئېتىمنى «دوللا نىياز» قويۇپ، ئىماملارغا نىياز قىلىپتۇ (بېغىشلاپتۇ). تۆت ياش ۋاقتىمدا مەكتەپكە بېرىپتۇ، ئاتام داۋاملىق مەن بىلەن بولاتتى، ئىمان، ئەدەپ - ئەخلاق ئۆگىنەتتى. يېشىم ئالتە - يەتتە ياشقا يەتكەندە، ئاتام ئۆلۈپ كەتتى، بېشىمغا يېتىملىك غەم تېغى بېسىپ چۈشتى، كۆڭلۈمنى يېتىملىك ھەسرەت داغلىرى قاپلىدى. ئانا يوق ھەر يەرگە باراتتىم، كېچە - كۈندۈز يىغلاپ يۈرەتتىم ھەم مەكتەپتە ئوقۇشۇمنى داۋام قىلدۇراتتىم. شۇ ئارىدا پاتلا ساۋادىم چىقىپ، ھەر قانداق بىر سۆز ئالدىمدىن ئۆتۈپ خاتىرەمگە چۈشسە، نەزمە (شېئىر) قىلاتتىم. شېئىرىمنى ئاڭلىغانلار رازىلىق بىلدۈرۈپ ياخشى كۆرەتتى. كۆپلەپ شېئىر يازغانلىقىمدىن، خەلق ماڭا «كىچىك شائىر» دەپ ئات قويدى. خىيالىمدا داۋاملىق بىرەر ئەسەر يارىتىش ھۆكۈم سۈرەتتى. مۇشۇ خىيال بىلەن يۈرۈپ يېشىم 20 گە يەتتى. خۇداغا سېغىنىپ ئىماملارنىڭ مازىرىغا بېرىپ يىغلاپ، ئۆزەمنىڭ تەلىپى ئۈستىدە ئىماملارنىڭ روھىدىن بىشارەت سورايتتىم. چۈشۈمدە بىر ئېگىز تاغنى كۆردۈم، ئۇ تاغقا چۈمۈلىدەك ياماشتىم، تاغقا قاراپ چىقىپ كېتىۋاتاتتىم، بىر ئۇلۇغ سۈپەتلىك كىشى پەيدا بولۇپ: - ئەي ئوغلۇم! غەم قىلما - دەپ قولۇمنى تۇتۇپ تاغ ئۈستىگە ئېلىپ چىقتى، مەن ئىنتايىن خۇشال بولدۇم، ئاندىن چۆچۈپ ئويغاندىم، شۇندىن باشلاپ شېئىردا تىلىم راۋان (جارى) بولۇشقا باشلىدى. ئىماملار ماڭا مەدەت

بەردى. ماھارىتىم ۋە كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە شېئىر يازدىم. بۇ كىتابتا كەمچىلىك خاتالىقلار كۆرۈلسە ئەپۇ قىلىڭلار، ئەيىبكە بۇيرۇماڭلار. كاۋ (ئەگرى) ماڭىدىغان پەلەك (دەۋر) زىرەكلىك، تەبىئەتلىك كىشىلەرنى خار قىلدى. شائىرلارغا خېرىدار (تەلەپكار) مۇ يوق، شېئىر گۆھىرىنىڭ بازىرى كاساتلاشتى. شېئىرنىڭ قىممىتىنى تونىمىغانلار خارابىگە كۆمۈلگەن مەخپىي خەزىنە (ئالتۇن، جاۋاھىر) لارنىڭ قەدرىنى بىلمىگەنلەردۇر. بۇنداق ئەھۋال تۈپەيلىدىن بەك مالال بولاتتىم (مەيۈسلىنەتتىم)، ئۆز ئەھۋالىم بىلەن ئاۋارىچىلىق تارتاتتىم، بەزىبىر چاغدا ئاشىق (جەمئىيەتتىن ئۈزۈلگەن كىشىلەر) بىلەن بىللە يۈرەتتىم. بۇ ۋاقىتلىرىمدا ئەلىشىر ناۋايىنىڭ خەمسىسى ۋە شېئىرلىرى ماڭا مۇڭداش بولاتتى، ئەلىشىر ناۋايىنىڭ بۇ ئەسەرلىرى مېنى سۇخەندان (سۆزچى) قىلدى، شۇنىڭ ئۈچۈن مەن ئۆزەمنى ئەلىشىرنىڭ نەمەكدانى (تۇز قاچىسى) دىن لەززەت ئالغۇچى ھېسابلىدىم. ھەر قانداق تاماق تۇزسىز بولسا، ئەلۋەتتە تەمى يوق، بەتتام بولىدۇ، تۇزى يوق تاماقتىن قۇمغا ئارىلاشقان قاتتىق تاش ياخشى. دېمەك، مەن ئۆزەمنى ئىماملارغا مەنسۇپ قىلىپ، شۇلارنىڭ مازىرىدا ياتاتتىم، مېنىڭ ئەھۋالىمغا يېتىدىغان بىرمۇ كىشى يوق ئىدى، جاھان خەلقى (جەمئىيەتتىكى ئادەملەر) گە ئارىلاشمايتتىم، ئاتا-ئانام، خوتۇن-بالا-چاقام يوق، ئۇرۇق-تۇغقانلىرىم ھەم يوق ئىدى، چۆلدە يىغلاپ يۈرەتتىم، ئۆز-ئۆزەمگە ئۈلپەت ئىدىم. كۆپ ئويلىغاندىن كېيىن، ئۆمرۈمنىڭ ئاخىرلىشىپ كېتىشىنى، ئەگەردە لوقماندەك ئۇزۇن ئۆمۈر كۆرسەمۇ، سۇلايمان پەيغەمبەردەك چوڭ پادىشاھ بولسامۇ، رۇستەمدەك كۈچلۈك پەلۋان بولسامۇ، ھۆردەك قىزلار خىزمەتكارى، ھەممەيسى بولسامۇ، پۈتۈن پەرىشتىلەر خىزمەت قىلىپ بەرسىمۇ، ئۇنىڭ ئاقىۋەت ئەجەل چاڭگىلىغا چۈشۈشى ۋە ھېچكىمنىڭ ئۇنى توسۇپ قېلىشى مۇمكىن ئەمەسلىكىنى ئويلىدىم. لېكىن ياخشى يادىكار قالدۇرغان كىشىنىڭ ئىپتى ئۆچمەسلىكىنى ۋە خەلق ئۇنى ياخشى نام بىلەن ئاتايدىغانلىقىنىمۇ ئويلاپ، ئاددىي بولسىمۇ بۇ شېئىر داستانىنى يېزىپ قالدۇردۇم. سۆزلىرىمدە، شېئىرىمدا، خېتىمدە ئەيىب-نۇقسانلار كۆرۈلسە، كەچۈرۈپ دۇئايىڭىزدا ياد ئېتىڭ.

تۆت ئىمامنىڭ خوتەندە ئۇرۇش قىلىپ شېھىت بولغان ۋاقتى تارىخى ھىجرىيىنىڭ 390-يىلى (مىلادى 990-يىلى) زۇلھەججە ئېيىنىڭ 10-كۈنى ئىدى. بۇ كىتاب ھىجرىيىنىڭ 1212-(مايمۇن) يىلى (مىلادى 1797-يىلى) ھەمەل پەسلى (مارت) باھار مەۋسۇمى جۈمە كۈنى تامام بولدى. يېزىلىشتا بەزى «ئىماملار» دا، بەزى سايباغ يېزىسىدا تۇرۇپ يازدىم.

«ئىماملار» دېگەن بۇ سۆز خەلق ئىچىدە مەشھۇر بولۇپ، ھازىرقى كۈندە تۆت ئىمام دەپنە قىلىنىپ مازار بولغان يەرنىڭ ئىسمى «ئىماملار» دەپ ئاتىلىدۇ. خوتەن ۋىلايەت چىرىيە ناھىيىسىنىڭ جەنۇبىي تەرىپىدىكى ئەتراپى تاغلىق بىر رايوندۇر. سايباغ دېگەن يەرمۇ «ئىماملار» رايونىغا تۇتاش بىر رايوندۇر.

# بۇغراخانلار تەزكىرىسى

ئاپتورى : موللا ھاجى

شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ جەمئىيىتى، تارىخىنى تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەرىپىدىن تەرجىمە قىلدۇرۇلدى

1959 - يىل نويابىر

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى دىن تەتقىقات ئىنستىتۇتى تەرىپىدىن باستۇرۇلدى

1988 - يىل يانۋار

# «بۇغراخانلار تەزكىرىسى»

## — قاراخانىلاردىن سۇتۇق بۇغراخان ۋە ئۇنىڭ تاۋابىئاتلىرى توغرىسىدا تارىخىي قىسسە —

سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ھەققىدە يېزىلغان تارىخىي رىۋايەت ۋە تەزكىرىلەردە بايان قىلىنىشىچە، ئۇنىڭ روھى مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامغا مىئراج ① كېچىسى ئاسماندا ئۇچراشتى. مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامغا جەبرائىل ئىسىملىك پەرىشتە تونۇشتۇرۇپ: «سىز ۋاپات بولۇپ 333 يىلدىن كېيىن سۇتۇق دۇنياغا تۇغۇلىدۇ. تۈركىستان ۋىلايىتىدىكى كاپىرلارنى ئىسلام دىنىغا كىرگۈزىدۇ، سىزنىڭ شەرىئىتىڭىز (دىنىڭىز) نى خەلق ئارىسىدا ئاشكارا قىلىدۇ» دېگەن ئىدى. مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام جەبرائىلدىن: — نېمە ئۈچۈن بۇ سۇتۇق بۇغراخاننىڭ روھى پەيغەمبەرلەرنىڭ روھى قاتارىدا ئورۇن ئالدى؟ دەپ سورىدى. جەبرائىل: — سۇتۇقنىڭ روھى پەيغەمبەرلەرنىڭ روھى قاتارىدا ئورۇن ئېلىشى شۇنىڭ ئۈچۈنكى، ئىسلام ئۈچۈن جەڭ قىلغان باشقا «غازىلار» بىر نەچچە كىشىنى ئىسلام دىنىغا كىرگۈزگەن بولسا، سۇتۇق ساناقسىز كۆپ كىشىنى ئىسلام دىنىغا كىرگۈزىدۇ ۋە دىنىڭىزنى ئاشكارا قىلىدۇ — دېدى. مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام بۇ خۇشخەۋەرنى ئاڭلاپ خۇشال بولۇپ: — ئەمدى خۇداغا شۈكرى، تۈركىستان يۇرتلىرى تەرەپتىن خاتىرجەم بولدۇم، تۈركىستان تەرەپكە ئىسلام دىنىنىڭ قىلىچى يەتمىدى، ئۇلار ئىمانغا كىرەلمىدى، قىيامەت كۈنى قانداق قىلارمەن، دەپ ئەندىشە قىلاتتىم — دېدى. مىئراجدىن قايتىپ كېلىپ، پەيغەمبەر ئۆزىنىڭ دوستلىرى (ساھابىلەر) گە بۇ توغرىلىق سۆزلىگەن ئىدى ھەم ئەبۇ نەسىر سامانىنىڭ تىرىشىشى بىلەن سۇتۇق بۇغراخان ئىسلام دىنىغا كىرىپ، دىن ئۈچۈن جەڭ قىلىشنى ساھابىلەرگە ئېيتتى، ساھابىلەر تارىخ قىلىپ يېزىپ قويدى. مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭمۇ «تۈر-

① ئىسلام دىنىدا، مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ بىر كېچىدە ئاسمانغا چىقىپ، خۇدا بىلەن نۇرغۇن سۆزلىشىپ كەلگەنلىكى توغرىلىق بىر سىرلىق رىۋايەت بار.

كىستاندا ئاۋۋال باشلاپ ئىسلام دىنىغا كىرىدىغان كىشى سۇتۇقتۇر» دېگەن ھەدىسە-
لىرى بار ئىدى. خۇدانىڭ تەقدىرى بىلەن بىر قانچە يىللاردىن كېيىن، خوجا ئەبۇ
نەسىر سامانى تۇغۇلدى. ئۇ ئوقۇپ ئىلىم ھاسىل قىلىش جەريانىدا، سۇتۇق بۇغراخان
ھەققىدىكى رىۋايەتلەرنى ۋە مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى قالدۇرغان
خاتىرە (تارىخ) نى كۆردى. شۇنىڭ بىلەن ئەبۇنەسىر سامانى سۇتۇقنىڭ تۇغۇ-
لۇش ۋاقتىغا كۆز تۇتتى ۋە سۇتۇقنىڭ تۇغۇلۇشىغا ئاز قالغانلىقىنى بىلىپ، مۇھەم-
مەت ئەلەيھىسسالامنىڭ روھىدىن رۇخسەت ئېلىپ تۈركىستان تەرەپكە كەلدى.

رىۋايەتلەردە، سۇتۇق بۇغراخان تۇغۇلغاندا، ئۆز دەۋرىنىڭ دانالىرى: — بۇبالا «جاھانگىر» بولىدۇ، مۇھەممەتنىڭ دىنىغا كىرىدۇ — دېيىشتى. بۇ سۆزنى سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئاتىسى ئاڭلاپ، سۇتۇقنى ئۆلتۈرمەكچى بولغاندا، ئانىسى ئۇنىماي: — بۇبالا مۇھەممەتنىڭ دىنىغا كىرىشىنى كىم بىلىپتۇ، قاچان چوڭ بولۇپ مۇھەممەتنىڭ دىنىغا كىرسە، شۇ چاغدا ئۆلتۈرمەمسىز — دېدى. شۇنىڭ بىلەن سۇتۇق بۇغراخان تۇغۇلۇپ يەتتە ياشقا كىردى، دادىسى ئۆلدى، سۇتۇقنىڭ ئانىسىنى تاغىسى (سۇتۇق بۇغراخاننىڭ دادىسىنىڭ ئىنىسى ھارۇن، بەزى كىتابتا دارۇن دەپ يېزىلغان) ئېلىپ، سۇتۇقنى تەربىيە قىلغان ئىدى. سۇتۇق بۇغراخان 12 ياشقا كىردى، ئۆز تەڭتۇشلىرىدىن 39 نەپەر ياش بالا بىلەن بىللە ئويناپ يۈرەتتى. بىر كۈنى بولار ئوۋغا چىقتى، ئوۋ ئوۋلاپ بىر توشقاننى قوغلاپ كېتىپ باراتتى، بىر ئۇلۇغ ئادەم يولۇقتى، ئۇ: — ئەي ئوغلۇم، مەن سىزنى ئىزدەپ يۈرەتتىم، ئەمدى تاپتىم، ئاتتىن چۈشۈڭ! بىر قانچە سۆزلىرىم بار، ئاڭلاڭ — دېدى. سۇتۇق بۇغراخان ھەيران بولۇپ ئاتتىن چۈشۈپ، بۇ كىشىنىڭ ئالدىغا كەلدى، بۇ كىشى نەسىھەت قىلىشنى باشلاپ: — ئەي ئوغلۇم، سىز كاپىرلىقنى، يامان ئادەتلەرنى نېمە ئۈچۈن قىلىپ يۈرۈيسىز، ئويلاپ قاراڭ، سىزنى ياراتقان خۇدايىڭىز بار، سىز شۇ خۇدانىڭ دوستى — پەيغەمبىرى يۈرگەن يولدا يۈرۈڭ — دەپ نەسىھەت قىلدى. سۇتۇق بۇغراخان: بۇ كىشى ماڭا نېمىلەرنى دەيدۇ، ئۆزى قانداق كىشى، ھازىرغا قەدەر مۇنداق ئادەملەرنى كۆرمىگەن ۋە مۇنداق سۆزلەرنى ئاڭلىمىغان ئىدىم، دەپ ئويلاپ: — ئەي ئۇلۇغ كىشى، ماڭا نېمە دېدىڭىز، غەرىزىڭىز نېمە؟ دېدى. ئۇ ئۇلۇغ كىشى: — ئەي ئوغلۇم، مېنىڭ غەرىزىم شۇكى، سىزنىڭ نازۇك بەدىنىڭىز دوزاق ئوتىدا كۆيمىسۇن، دەپ ئەپسۇسلىنىمەن — دېدى. سۇتۇق بۇغراخان: — دوزاق دېگەن قانداق جاي؟ دېدى. ئۇ كىشى سۆزنى داۋاملاشتۇرۇپ، دوزاقنىڭ ئەڭ دەھشەتلىك ئوت بىلەن قىزىتىلغان، قاراڭغۇ قۇدۇقلار بىلەن ئورالغان ۋە ئۇنىڭغا كاپىرلارنى سېلىپ كۆيدۈرۈپ ئازابلايدىغانلىقىنى، ئەگەر دوزاقتىن بىر ئۇچقۇن چىقىپ زور تاغلارغا چۈشسە، كۆيۈپ كۈل بولۇپ كېتىدىغانلىقىنى سۆزلىدى.

سۇتۇق بۇغراخاننىڭ كۆڭلىدە بىر قورقۇنچ پەيدا بولدى. سۇتۇق دەرھال: — ئەي ئۇلۇغ كىشى، ئېيتىدىغاننى ئۆگىنىڭ، مەن ئېيتاي — دېدى. ئۇ كىشى: «لائىلاھە ئىللەللا مۇھەممەدۇرەسۇلۇللا» (بىر ئاللادىن باشقا ئاللا يوق، مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام ئاللا-نىڭ ئەلچىسى — پەيغەمبىرى) دەپ ئېيتىڭ — دېدى. سۇتۇق بۇغراخان: — بۇ سۆزنىڭ پايدىسى نېمە؟ دەپ سورىدى. ئۇلۇغ كىشى: — ئوغلۇم، بۇ سۆزنىڭ پايدىسى شۇكى، ھەر كىشى بۇ سۆزنى ئېيتسا مۇسۇلمان بولىدۇ، جەننەتكە كىرىدۇ — دېدى. سۇتۇق بۇغراخان: — سۆزىڭىزنى قوبۇل قىلدىم، لېكىن چوڭ بولغاندا ئېيتاي — دېدى. ئۇ ئۇلۇغ كىشى: — ئەي ئوغلۇم، سىز چوڭ بولۇپ ئېيتىدىغان سۆزلەر تولا — دېدى. سۇتۇق بۇغراخان: — ئۇنداق بولسا، سىز بىلەن كۈندە كۆرۈشۈپ ئۆگىنەي — دېدى. ئۇلۇغ كىشى: — سىزنى تەربىيە قىلىدىغان كىشى پات يېقىندا قېشىڭىزغا كېلىدۇ، مەقسىتىڭىزگە يېتىسىز — دېدى. سۇتۇق بۇغراخان: — ئۇنداق بولسا، ئىماننى شۇ كىشى قېشىدا ئېيتاي — دېدى. لېكىن بۇ ئۇلۇغ كىشى ئۇنىماي، سۇتۇق بۇغراخانغا ئىمان ئېيتقۇزدى: «بىر خۇدادىن باشقا خۇدا يوق، مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام خۇدانىڭ پەيغەمبىرى» دېگۈزدى. ئەمما شاھادەت كەلىمىسى (ئەشھەدۇ ئەننە لا ئىلاھە) نى ئېيتقۇزمىدى، چۈنكى بۇنى ئۆگىنىش ئەبۇنەسىر سامانىغا تېگىشلىك ئىدى. بۇ ئۇلۇغ سالاھىيەتلىك كىشى خىزىر پەيغەمبەر ئىدى (بەزى رىۋايەتتە: ئەبۇنەسىر سامانى ئۆزى ئىدى، دەيدۇ). تولۇق رىۋايەتچى خىزىر ئىدى. سۇتۇق بۇغراخان ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىنى دەسلەپتە يوشۇرۇن تۇتتى. سۇتۇق بۇغراخان يېنىدىن ھېلىقى ئۇلۇغ كىشى غايىب بولۇپ كەتكەندىن كېيىن قايتىپ كەلدى. بىر قانچە ۋاقىتتىن كېيىن، سۇتۇق بۇغراخان ئوۋغا چىقتى، ئوۋ ئوۋلاپ يۈرۈپ ئاتۇشنىڭ «بەقۇ» دېگەن يېرىگە كەلدى. ئۇ يەردە بىر مۇنچە كىشىلەر چىرايلىق كىيىنگەن ھالدا تۇرۇشقان بولۇپ، يايلاقتا ئاتلىرىنى قويۇپ بېرىپتۇ. سۇتۇق بۇغراخان ئۇلارنى كۆرۈپ: — بىزدە مۇنداق ئادەملەر يوق ئىدى، بۇلار قانداق ئادەملەردۇ؟ دەپ، ھەمراھلىرى بىلەن يېقىن كەلدى. ئۇلار ئەبۇنەسىر سامانى باشچىلىقىدىكى كارۋان ئىدى. ئەبۇنەسىر سامانى بۇلارنى كۆرۈپ: — خۇداغا شۈكرى، «تارىخ»تا كۆرگەن يىگىت (سۇتۇق بۇغراخان) شۇ، مېنىڭ بۇ يەرگە كېلىشىمدىكى مەقسىتىم ئەشۇ يىگىت ئىدى، ئەمدى دۇنيالىق مەقسىتىمنى تاپتىم — دەپ خۇشال بولۇپ كەتتى ۋە دەرھال خىزمەتكارلىرىغا بۇيرۇپ: — بۇيىگىتكە لايىق تۆھپە — سوغات تېپىڭلار — دېدى. ئاڭغىچە ئۇلارنىڭ ئىچىدىن بىر كىشى ئورنىدىن تۇرۇپ ناماز ئۆتەش ئۈچۈن ئەزان ئوقۇدى، ھەممىسى ئورنىدىن تۇرۇپ ناماز ئۆتەشكە باشلىدى، نامازدىن كېيىن ئولتۇردى. سۇتۇق بۇغراخان بۇلارنىڭ ھەرىكىتىگە ھەيران بولۇپ: — بۇلار ئاجايىپ ئادەملەر ئىكەن، بىز ئاتلىق

كېلىپ قاراپ تۇرساق، پەرۋا قىلماستىن يوكلىرىنى تاشلاپلا بېشىنى يەرگە تۇرۇشقا باشلىدى ـ دەپ تۇراتتى، ئەبۇنەسىر سامانى يەتتە قەدەم ئىلگىرىلەپ كېلىپ سۇتۇققا سالام قىلدى، سۇتۇق بۇغراخان ئاتتىن چۈشتى، ئەبۇنەسىر سامانى بىلەن كۆرۈشتى. سۇتۇقنى تەكلىپ قىلىپ ئولتۇرغۇزۇپ، ھەر تۈرلۈك نەرسىدىن ئىككىنى سۇتۇقنىڭ ئالدىغا تۆھپە قىلىپ قويدى. ئەبۇنەسىر سامانى سۇتۇق بۇغراخانغا دىنىي نەسىھەت قىلىشقا باشلىدى. ئەبۇنەسىرنىڭ دېگەنلىرىنىڭ ھەممىسىنى سۇتۇق جان ـ دىلى بىلەن قوبۇل قىلاتتى. سۇتۇق ئەبۇنەسىر سامانىدىن: ـ ئېيتقىنىز نېمە؟ دەپ سورىدى. ئۇ كىشى: ـ ئەبۇنەسىر سامانى ـ دېدى. سۇتۇق: ـ ئەشۇ ئۇلۇغ كىشىنىڭ دېگىنى مۇشۇ كىشى ئىكەندە ـ دەپ خوش بولۇپ: ـ ئەي بوۋا، ھەر نەرسە دېگەن بولسىڭىز ھەممىنى قوبۇل قىلدىم، سىزدىن سورايدىغىنىم، بىز شۇنچە ئاتلىق كېلىپ قاراپ تۇرساق يوك ـ تاقىلارنى بىزنىڭ ئېلىپ كېتىشىمىزدىن غەم قىلماي، يەرگە باش قويۇپ كەتتىڭلار، بۇ نېمە ھەرىكەت؟ دېدى. ئەبۇنەسىر بۇ سوئالنىڭ پۇرسىتىدىن پايدىلىنىپ نەسىھەت قىلىشقا باشلىدى: ـ ئەي شاھزادە، بۇ دۇنيا تۇرار جاي ئەمەس، ھەممە كىشىلەر بۇ دۇنيادىن كېتىدۇ (ئۆلىدۇ)، پۇل ـ مال، ھۆرمەت ـ ئابروي ۋاپا قىلمايدۇ، بەلكى پۇل ـ مال، ئابروي كىشىلەرنىڭ دوزاققا كىرىشىگە سەۋەب بولىدۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن بىز بېشىمىزنى يەرگە ئۇرۇپ (سەجدە قىلىپ) خۇداغا ئىبادەت قىلىپ، قىيامەت ئۈچۈن تەييارلىق قىلىۋاتىمىز ـ دېدى. سۇتۇق بۇغراخان: ـ قىيامەت دېگەن نېمە؟ دەپ سورىدى. ئەبۇنەسىر قىيامەت كۈنى (ئاخىر زامان) نى چۈشەندۈرۈپ كېلىپ: ـ ئۇ يەردە، خۇداغا ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولغانلار ئۈچۈن چىرايلىق قىزلار، تۈرلۈك ـ تۈرلۈك تاتلىق مېۋىلەر، ھەر خىل تاماقلار، گۈزەل رەڭمۇ رەڭ يىپەك كىيىملەر، ئالىي چىرايلىق ئىمارەتلەر بار ـ دېدى، شۇنىڭدەك دوزاقنىڭ دەھشەتلىك يىلان ـ چايان، ئوت، سوغۇق، تۈتۈنلەر بىلەن قاپلانغان ئازابلىق جاي ئىكەنلىكىنى چۈشەندۈردى. سۇتۇق بۇغراخان ئەبۇنەسىرنىڭ بۇ سۆزلىرىنى ئاڭلاپ كۆڭلىگە قورقۇنچ چۈشۈپ: ـ مۇسۇلمان بولىدىغان سۆزنى ئۆگىتىڭ ـ دېدى. ئەبۇنەسىر سامانى سۇتۇق بۇغراخانغا ئىمان ۋە شاھادەت ئۆگىتىپ: «ئەشھەدۇئەننە لائىلاھە ئىللەللا ۋە ئەشھەدۇئەننە مۇھەممەدۇ رەسۇلۇللا» (يوق بىر ئاللادىن باشقا ئىلاھ، مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام ئاللانىڭ بەندىلىرىگە ئەۋەتكەن ئەلچىسى ـ پەيغەمبىرى دەپ گۇۋاھلىق بېرىمەن يەنى ئىشىنىمەن) دەڭ ـ دېدى. سۇتۇق شاھادەت ئېيتىپ بولۇپ: ـ مۇھەممەت كىم؟ دەپ سورىدى. ئۇنى چۈشەندۈردى، شۇنىڭ بىلەن ئىسلام دىنىنىڭ ئېيتىشقا تېگىشلىك بولغانلىرىنى ئېيتىپ، ئۆزى بىلەن ئويناپ كەلگەن 39 كىشىنى بىر ـ بىرلەپ چاقىرتىپ، ئۇلارنى ئىسلامغا تەكلىپ قىلدى. ئۇلارنىڭ بەزىسى

ئۆز ئىختىيارىچە ئىسلامغا كىردى، بەزىسى سۇتۇق بۇغراخاندىن قورقۇپ مۇسۇلمان بولدى، تاكى نامازدىگەرگىچە (كەچكىچە) ئۇلارغا ئىمان ئۆگەتتى. ئەبۇنەسىر سامانى: — ئەمدى قايتىڭلار، ئەگەر قايتمىساڭلار، سىلەرنى ئىزدەپ كەلگەنلەر بىزنى تۇتۇۋېلىپ ھەممىمىزنى ئۆلتۈرىدۇ — دەپ ئۇلارنى قايتۇردى، كېچىسى مەخپىي كېلىپ تۇرۇشنى تاپشۇردى. شۇنىڭ بىلەن ئۇلار كېچىلىرى مەخپىي كېلىپ قۇرئان ئوقۇشنى ئۆگەندى، سەككىز كۈندە قۇرئاننى ئوقۇپ تۈگەتتى ھەم ناماز ئوقۇشنى ئۆگەندى، سۇتۇق بۇغراخان ئالتە ئايدا قۇرئاننى ياد ئېلىپ قارى بولدى.

## سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئاتىسى توغرىسىدا

سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئاتىسى (ھارۇن بۇغراخان) كاپىرلىقتا ئىنتايىن مۇستەھكەم ۋە تاشتىن قاتتىق ئىدى، ئەسكەرلىرىمۇ تولا ئىدى. ئۇ ئۆزىنىڭ پەم-پاراسىتى بىلەن سۇتۇقنىڭ خاراكتېرىدىن ئۇنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقىدىن گۇمان قىلدى، تېخىمۇ ئوبدان بىلىنسۇن دەپ ھېچ كىشىگە ئېيتمىدى. ھارۇن بىر كېچىسى چۈشىدە بىر شىر كېلىپ ئۇنى قاماللاپ ئۆلتۈرگەنلىكىنى كۆردى، سۇتۇقنىڭ ئانىسىغا بايان قىلدى، سۇتۇقنىڭ ئانىسى: — بۇ، شەيتاننىڭ ۋەسۋەسىدىن بولغان چۈش دېدى، لېكىن ھارۇن بۇغراخان بۇنىڭ بىلەن تىنچىمىدى، ئۇ: — بۇ بالاڭنى ئۆلتۈرۈشكە قويمىدىڭ، ئاقىۋەت بالاڭ بىزنىڭ دىنىمىزنى ۋەيران قىلىپ، بىزنى ئۆلتۈرىدۇ، چۈشۈمدىكى شىر ئەشۇ بالاڭ — دەپ، سۇتۇقنى ئۆلتۈرۈشكە قەست قىلدى. ئەتىسى بارلىق ئەمەلدار-بەگلىرىنى يىغىپ، سۇتۇقنىڭ مۇسۇلمان بولغانلىقى ئۈستىدە شىكايەت قوزغىدى. بەگلەر: — دىنىمىزنىڭ دۈشمىنىنى نېمە ئۈچۈن يوقاتمايمىز؟ دەپ ئۇنى ئۆلتۈرۈشكە قارار قىلىشتى، سۇتۇقنىڭ ئانىسى ئارىغا چۈشۈپ قارشىلىق قىلدى. ھارۇن بۇغراخاننىڭ ئاچچىقى كېلىپ: — دىنىمىزدىن چىقىپ مۇسۇلمان بولۇشتىن ئارتۇق جىنايەت بولامدۇ؟ دەپ تۇرۇۋالدى. سۇتۇقنىڭ ئانىسى ئۇنى ئەمەلىيەتتە سىناپ كۆرۈشنى تەكلىپ قىلدى. ھارۇن بۇغراخان مەسلىھەت قىلىشىپ: — بىر بۇتخانا بىنا قىلايلى، بىنانىڭ ئۇلىنى سۇتۇققا قويدۇرايلى، ئەگەر بۇتخانا بىناسىغا ئۇل قويسا، ئۇنىڭ مۇسۇلمان ئەمەسلىكى راست، ئەگەر باش تارتسا ئۆلتۈرەيلى — دېگەن قارارغا كېلىپ، بىنانىڭ تەييارلىقىنى قىلدى. ھارۇن بۇغراخان سۇتۇق بۇغراخاننى چاقىرتىپ: — سىز بىزنىڭ دىنىمىزدىن چىقىپ مۇسۇلمان بولۇپسىز — دېدى. سۇتۇق كاپىرلارنىڭ رەسمىچە قەسەم قىلدى. ھارۇن ئىشەنمەي: — بىز بىر بۇتخانا بىنا قىلماقچىمىز، ئەگەر بۇت بىناسىغا ئۇل قويسىڭىز، تامنى پۈتتۈرسىڭىز

مەيلى، بولمىسا يوق - دېدى. سۇتۇق بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، بىرىم كېچىدە ئەبۇنەسىر سامانى قېشىغا كەلدى، ئەھۋالنى بايان قىلدى. ئەبۇنەسىر سامانى: - ئەي بالام، ئۆزىڭنى ساقلاش ئۈچۈن، زورۇر كەلگەندە بەزى قىلمايدىغان ئىشلارنى قىلىشقىمۇ توغرا كېلىدۇ، سىز تامغا ئۇل قويۇشتا «بۇ بىنا مەسچىت ئۈچۈن» دەپ ئۇل قويۇڭ، بىز مەلئۇن كاپىرلاردىن قۇتۇلساق، ئۇ يەر مەسچىت بولىدۇ- دېدى. سۇتۇق بۇغرا- خان خۇشال بولۇپ قايتىپ كەلدى. ئەتىسى كۈن چىقىش بىلەنلا، ھارۇن بۇغراخان پۈتۈن ئەمەلدار، كاپىرلارنى يىغىپ بۇت بىناسىغا كەلدى، سۇتۇق بۇغراخانغا ئۇل سېلىشنى بۇيرۇدى. سۇتۇق بۇغراخان: - خوش، بولىدۇ - دەپ پەشلىرىنى قىستۇرۇپ ئۆز دوستلىرى بىلەن بىرلىكتە ئىككى دانىدىن كېسەك كۆتۈرۈپ ئۈچ قېتىم ئېلىپ كەلدى، تۆتىنچى نۆۋەتتە، ھارۇن بۇغراخان سۇتۇق بۇغراخاننى چاقىرىپ: - بولدى بالام، ئەمدى سىزنى سىنىدىم، كۆڭلۈم تىندى - دېدى. سۇتۇق بۇغراخان دوستلىرى بىلەن قايتىپ كەتتى. ئەبۇنەسىر سامانىنىڭ قېشىغا كېلىپ ئەھۋالنى سۆزلەپ: - قاچان- غىچە يوشۇرۇنۇپ تۇرىمىز، مەسلىھەت بېرىڭ - دېدى. ئەبۇنەسىر ئىختىيارنى سۇتۇققا بەردى ۋە كۆتۈرۈلۈش ئۈچۈن روخسەت تەلەپ قىلدى. ئەبۇنەسىر سامانى خۇدا- دىن مۇكاپاتلىنىش ۋەدىسى بىلەن رۇخسەت بەردى، يەنە: - ھازىرچە ئەسكەرلىرىڭىز ئازلىق قىلىدۇ - دېدى. سۇتۇق بۇغراخان كۆتۈرۈلۈشنى قۇۋۋەتلىدى. ئۇ چاغدا ئىسلام دىنىغا كىرگەنلەر يوشۇرۇن (يەر ئاستىدا) ئىبادەت قىلاتتى، دەل شۇ چاغدا سۇتۇق بۇغراخاننىڭ تەشەببۇسى ۋە ئۆز ئىختىيارى بىلەن ئالتە ئاي ئىچىدە 600 كىشى مۇسۇلمان بولغان ئىدى. بۇ مەسلىھەت بولۇپ ئىككىنچى كېچىسى، سۇتۇق بۇغراخان ئۆزىنىڭ 39 دوستى بىلەن ئەبۇنەسىر سامانى قېشىغا كېلىپ تەييارلاندى.

## سۇتۇق بۇغراخاننىڭ «خۇرۇج» قىلىشى (كۆتۈرۈلۈشى)

سۇتۇق بۇغراخان ئەبۇنەسىر سامانىدىن دۇئا ۋە رۇخسەت ئېلىپ، شۇ كېچىسى ھارۇن بۇغراخاننىڭ ئوردىسىغا بېسىپ كىردى، ئوردىدىن 400 ئات ۋە جەڭ قوراللىرىنى ئېلىپ، بەزى دۈچ كەلگەن كاپىرلارنى ئۆلتۈرۈپ چىقىپ كەتتى، كاپىرلار خەۋەرسىز قالدى. بۇ ئات ۋە قوراللار بىلەن قوراللىنىپ، ئەتىسى مۇسۇلمانلار ھا- رۇننى مۇھاسىرە قىلدى، مۇسۇلمانلار تاغ باغرىلىرىدا جايلىشىپ جەڭ قىلىشقا كىرىشتى. جەڭ باشلىنىپ، شۇ كۈنى ناماز پېشىن (سائەت ئىككى) گىچە جەڭ بولدى، كاپىرلاردىن 500 كىشى ئۆلتۈرۈلۈپ، مۇسۇلمانلاردىن قۇربان بېرىشلەر بولمىدى، ئىككىلا كىشى مەجرۇھ بولدى، نەتىجىدە كاپىرلار يېڭىلىپ ئۇرۇشنى توختاتتى. ئەتىسى 6000 كىشى كاپىرلار سېپىدىن ئايرىلىپ، مۇسۇلمانلارغا قوشۇلدى،

شۇنىڭ بىلەن كاپىرلار بىر - بىردىن كېلىپ مۇسۇلمانلارغا قوشۇلدى، ئىسلام ئەس-
كىرى 6000 دىن ئاشتى. ئىككىنچى كۈنى تېخىمۇ قاتتىق جەڭ بولدى، كاپىرلار مەغ-
لۇپ بولۇپ، بىر نەچچە كۈن ئىچىدە مۇسۇلمان ئەسكىرى 12 مىڭغا كۆپەيدى، ئوزۇق-
تۈلۈك جەھەتتە مۇسۇلمانلار قىسىلدى. ئەبۇ نەسىر سامانى بىلەن مۇزاكىرىلەشكەن-
دىن كېيىن، ئىختىيارنى سۇتۇق بۇغراخانغا قويدى، سۇتۇق بۇغراخان مۇسۇلمان-
لارنى تەييارلاپ كېچىلىك ھۇجۇمغا ھازىرلاندى. يېرىم كېچە ۋاقتىدا 12 مىڭ كىشى
بىلەن كاپىرلارغا ھۇجۇم قىلىپ، ھارۇن بۇغراخاننىڭ ئوردىسىغا باستۇرۇپ كىردى.
ھارۇن بۇغراخان ئۇخلاپ ياتاتتى، ئۇنى ئۆلتۈرمەكچى بولۇپ:- بۇنى ئۇخلاپ تۇرغان
ھالدا ئۆلتۈرۈش مەرتلىك ئەمەس، ياخشىسى بۇنى ئويغىتايلى، ئۇنىڭ ئۈستىگە
بۇنىڭ مەندە ئاتىلىق ھۆرمىتى بار- دەپ ئويلاپ،ھارۇننىڭ پۇتىغا سانجىپ ئويغاتتى.
ھارۇن ئۆز ئوغلى سۇتۇقنىڭ قولىدا قىلىچ، بېشىدا قاراپ تۇرغانلىقىنى كۆرۈپ:-
ئەي سۇتۇق! سەندە شۇنچە ھۆرمەت، دۆلەت تۇرۇپ، نېمە ئۈچۈن مۇنداق قىلىسەن؟
دېدى. سۇتۇق:- ئەي كاپىر! ئىشنىڭ ياخشىسى مەن قىلغان ئىش، سەنمۇ شۇنداق
قىلىشىڭ كېرەك (مۇسۇلمان بول)- دەپ دىنغا دەۋەت قىلدى. ھارۇن بۇغراخان قوبۇل
قىلمىدى، سۇتۇق ئۇنى قىلىچ بىلەن چېپىپ تاشلىماقچى بولۇپ، ئۇنىڭ ئاتىلىق
ھۆرمىتىنى ئالدىغا كەلتۈرۈپ خۇداغا ئىلتىجا قىلدى:- مەن بۇنىڭ ئاتىلىق ھوقۇقىغا
رىئايە قىلدىم، ئەي ئاللا، ئۆز قەھرىڭ، غەزىپىڭ بىلەن يەرگە يۇتقۇزغىن - دەپ
دۇئا قىلدى. بۇ تەلەپ ئىجاۋەت (قوبۇل) قىلىنىپ، يەر تەۋرەپ يېرىلىپ، ھارۇننى
كۆكرىكىگىچە يۇتتى، ھارۇن ئىسلامنى يەنە قوبۇل قىلمىدى، ئاقىۋەت ئۇنى يەر
پۈتۈنلەي يۇتۇپ كەتتى. تاڭ يورىدى، شۇ كۈنى ئەتىگەندە سۇتۇق بۇغراخان ئۆزى-
نىڭ ئىسمىنى «خان» دەپ ئېلان قىلىپ، ناماز ئۈچۈن ئوچۇق - ئاشكارا ئەزان
ئوقۇشنى بۇيرۇدى. كاپىرلار شۇ كۈنى يېرىم كۈن ئۇرۇشۇپ، ئاخىرى مەغلۇبىيەت
بىلەن چېكىندى، كاپىرلار سىپىدىن 20 مىڭ كىشى مۇسۇلمانلارغا قوشۇلدى. بۇ
ئۇرۇشلاردا سۇتۇق بۇغراخان تەرىپىدىن بىر قانچە پەۋقۇلئاددە ئۇلۇغ ئىشلار
ۋۇجۇتقا كەلدى، بۇغراخانغا «غازى» دەپ ئۇنۋان بېرىلدى.سۇتۇق بۇغراخاننى بەزى
رىۋايەتلەردە 12 ياشتا دېيىلگەن، لېكىن سۇتۇق بۇغراخان شۇ چاغدا 16 ياشتا ئىدى.

ئەي ئەزىز، ئاگاھ بول! سۇتۇق بۇغراخان ياشلىق ۋاقىتلىرىدا ئىسلام دىنىغا
كىرىپ ئەبەدىي سائادەتكە ئېرىشتى، ياشلىقىدىلا ياخشى ئىشلارنى قىلدى، ياز پەسىل-
لىرىدە كاپىرلار بىلەن ئۇرۇش قىلاتتى، قىش كۈنلىرىدە ئىبادەت قىلاتتى. سۇتۇق
بۇغراخان 96 يىل داۋامىدا، بەلخنىڭ بۇ تەرىپىدىكى ئامۇ دەرياسىغىچە، شەرق تەرىپى
كىنگ ( گونگ) دېگەن ... يەرگىچە، شىمالى قارا قۇرۇمغىچە قىلىچ كۈچى بىلەن

كاپىرلارنى مۇسۇلمان قىلىپ، مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ دىن - شەرىئىتىنى قارارلاشتۇردى. بىر كۈنى سۇتۇق ئوۋغا چىقىپ، بىر كىيىكنى تۇتۇپ گۆشىنى كاۋاپ قىلىشقا باشلىغاندا تۇز كېرەك بولۇپ، غايىبتىن تۇز پەيدا بولدى، ئېشىپ قالغان تۇزنى تاغقا تاشلىۋەتتى، كارامەت بىلەن بۇ تاغنىڭ ھەممىسى تۇزغا ئايلاندى (ئاتۇشتىن ئېلىنىدىغان تۇز شۇ دېمەكچى — ت). ئېيتىشلارغا قارىغاندا، سۇتۇق بۇغراخان مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامدىن تەربىيە ئالغان، ئۇنىڭ ۋۇجۇدىدا سۇلايمان پەيغەمبەرنىڭ تەسىرى بار ئىدى، شەكلەن ئەبۇ نەسىر سامانىغا شاگىرت بولغان ئىدى.

سۇتۇق بۇغراخان ئۆز ھاياتى جەريانىدا، خىتاي تەرىپىگە غازات (جەڭ) گە يۈرۈش قىلىپ، تۇرپانغىچە مۇسۇلمان قىلدى. تۇرپاندا سۇتۇق بوغراخان كېسەل بولۇپ يىراققا بارالماي، قەشقەرگە قايتىپ كەلدى، كېسىلى كۈنسېرى كۈچەيدى، بىر يىل ئورۇن تۇتۇپ ياتتى، ئۆزىنىڭ سەپداشلىرىغا، دوستلىرىغا ۋەسىيەتلەر قالدۇردى. ئۇ ئۆزىنىڭ ۋاپات بولۇشىنى ئالدىن مۆلچەرلىگەن ئىدى.

## ئەبۇ نەسىر سامانىنىڭ ئوغلى ئوبۇلپەتتاھ توغرىسىدا

ئوبۇلپەتتاھ سۇتۇق بۇغراخانىنىڭ دىنىي مەشغۇلىيەتتە ئۆز ئورنىدا قالدۇرغان «خەلىپە» لىرىدىن بىرى ئىدى. دىنىي كارامەتتە سۇتۇق بۇغراخانغا تەڭداشلىقى بار ئۇچۇن، سۇتۇق بۇغراخان ئۇنىڭغا ئۆزىنىڭ بۈيۈك ئىسمىدىن بۆلۈپ بەرگەنىدى، شۇڭا ئۇنى «ئوبۇلپەتتاھ بۇغرام» دېيىشەتتى (خەلق ئىچىدە «بۇغرام» دەپ ئاتايتتى). باتۇرلۇقتا ئۇنىڭغا سۇتۇق بۇغراخاندىن باشقا كىشى تەڭ بولالمايتتى. دېمەك، ئوبۇلپەتتاھ سۇتۇق بۇغراخانىنىڭ ئەمىرى (قوماندانى) ۋە يېقىن كىشىلىرىدىن ئىدى. سۇتۇق بۇغراخان ئوبۇلپەتتاھقا دىنىي مەھكەم تۇتۇشقا قاتتىق ۋەسىيەتلەرنى قىلىپ تەكىتلىدى ھەم مۇنۇلارنى ۋەسىيەت قىلدى: - مېنىڭ بالىلىرىم كىچىك قالدى، ئوبدان تەربىيە قىلىڭلار، ئەگەر بالىلىرىم تەربىيىسىز قالسا، يامان ئىشلار ئۆتتۇلسە، قىيامەت كۈنى خۇدانىڭ ئالدىدا سىلەرنى تۇتارمەن - دېدى، يەنە: - ئەي ئوبۇلپەتتاھ، ئاللادىن ياردەم سوراڭ، مەردانە ۋە غەيرەتلىك بولۇڭ - دېدى. ئەڭ ئاخىرىدا، سۇتۇق بۇغراخان: - ئەي خۇدايىم، ئاشىق - بىچارە سۇتۇق بۇ يوقالغۇچى ئالەمدىن سېنىڭ رازىلىقىڭنى ئىستەپ كەتتى - دەپ يىغلاپ جانلىرىنى تاپشۇردى. سۇتۇق بۇغراخان دۈشەنبە كۈنى چۈش ۋاقتىدا ۋاپات بولدى. مۇھەممەت ئەلەيھىسسالاممۇ ھەم دۈشەنبە كۈنى چۈش ۋاقتىدا ۋاپات بولغان ئىدى. سۇتۇق ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ھەر تەرەپكە خەۋەر قىلىندى، پۈتۈن خەلق توپلاندى. سۇتۇق بۇغراخانىنىڭ ۋەسىيىتى

بۇيىچە، ئوبۇلپەتتاھ سۇتۇقنىڭ جەسىتىنى يۇدى، بايراقدار شەيخ نەجمىددىن كېيىن تىكتى، جىنازىغا سېلىپ تەييارلىدى. ئەۋلىيالاردىن 200 كىشى، ئالىملاردىن ۋە ئۇلۇغ ئادەملەردىن 70 مىڭ كىشى، ھەربىي قوشۇندىن 22 مىڭ كىشى، ئاممىدىن كۆپ كىشىلەر ھازىر بولۇپ نامىزىنى ئۆتەپ، قەشقەر (ئاستىن ئاتۇش) «مەشھەد» دېگەن كەنتتە دەپنە قىلىندى. سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ۋاپات بولۇپ دەپنە قىلىنغان ۋاقتى تارىخى ھىجرىيىنىڭ 409 - يىلى (مىلادى 972 - يىل ) ئىدى. سۇتۇق بۇغراخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن، بىر قانچە كىشىلەر ئۇنىڭ ھەققىدە ياخشى چۈش كۆردى. سۇتۇق بۇغراخاندىن كېيىن، ئوبۇلپەتتاھ ئۈچ يىل مەملىكەتنى ئىدارە قىلدى، كېيىن ۋاپات بولدى.

سۇتۇق بۇغراخاننىڭ تۆت ئوغلى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىسمى: ھەسەن بۇغراخان، ئېسەن بۇغراخان، ئوسمان بۇغراخان، ھۈسەيىن بۇغراخان ئىدى؛ يەنە ئۈچ قىزى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىسمى: ئەلا نۇر خېنىم، نەسەب تۈركان خېنىم، زۇلەيخا بېگىم ئىدى .

ئەلا نۇر خېنىم ئىنتايىن پاكىزە ۋە گۈزەل ئىدى. خۇددى ئېيسا پەيغەمبەرنىڭ ئانىسى بى - بى مەريەمگە ئوخشاش، ئۇنىڭ ئاغزىغا بىر تامچە «نۇر» تامدى، توققۇز ئاي توققۇز كۈندىن كېيىن، ئاشۇر ئايىنىڭ 10 - كۈنى جۈمە نامىزى ۋاقتىدا بىر ئوغۇل تۇغدى، بۇ ئوغۇلنىڭ يۈزى قىزىل، ئىككى قېشى بىر - بىرىگە تۇتاش ئىدى. بۇ ئەھۋالغا سۇتۇق بوغراخاننىڭ قاتتىق غەزىپى كېلىپ: - بۇنىڭ راستىنى تېپىڭلار - دەپ ئەمر قىلدى. ئەربابلار، ئاخۇنلار ئەلا نۇر خېنىمدىن سورىغاندا، ئەلا نۇر خېنىم ۋەقەنى بايان قىلدى. ئاخۇن ۋە ئەربابلار مۇلاھىزە قىلىشىپ: - بۇ ھەزرىتى ئەلىنىڭ كارامەتلىرى ئىكەن - دەپ، ئۇ بالىنى ئەلىگە مەنسۇپ قىلىپ، ئىسمىنى «سەئىد ئەلى ئارسلانخان» قويدى. بۇ ئوغۇلنى ياخشى تەربىيەت قىلدى، بەش ياشقا كىرگەندە مەكتەپكە بەردى، ئالتە ئايدا مەكتەپنى پۈتتۈردى. سەئىد ئەلى ئارسلانخان يەتتە ياشقا كىردى، بۇ چاغدا نۇر ئەلا نۇر خېنىم توقا بۇغراخانغا نىكاھلاندى، بۇنىڭدىن ئۈچ ئوغۇل تۇغۇلدى، ئۇلارنىڭ ئىسمى: مۇھەممەت ئارسلانخان، يۈسۈپ ئارسلانخان، قىزىل ئارسلانخان ئىدى. نەسەب تۈركانى خېنىمنى سۇلتان ئىلىك مازىغاتوي قىلىپ بېرىلگەنىدى، ئۇنىڭ بىر قىزى بولۇپ، ئۇنى سەئىدكامالىددىن مەجنۇنغا نىكاھلاپ بېرىلگەنىدى، ئۇنىڭدىن سۇلتان بۇرھانىددىن قىلىچ تۇغۇلدى، نۇرغۇن ئەۋلىيالار ئۇنىڭ ئەۋلادىدىن تۇغۇلدى. يەنە بىر قىزىنى سەئىد جالالىددىن باغدادىنىڭ ئوغلى سەئىد باھائىددىن شاھقا بەرگەنىدى. ئۇنىڭ ئەۋلادى خوجا مۇھەممەت بۇرچى بولۇپ، لەقىمى «خوجا مۇھەممەت شېرىپ پىر» ئىدى.

ھەسەن بۇغراخاننىڭ قىزى ھەدىيە تۇركان خېنىمنى سەئىد جالالىددىن باغدادىننىڭ ئوغلى سەئىد ئالائىددىنغا بەرگەنىدى، ئۇنىڭدىن مىرزىيائىددىن، مىرسەئىد ھاشىم، مىرسەئىد جېلىل قەشقىرى تۇغۇلدى. قەشقەرنىڭ سەئىد (خوجا) لىرى سەئىد ئالائىددىننىڭ ئەۋلادىدۇر؛ كاسان ۋە سەمەر قەنتنىڭ سەئىدلىرى سەئىد كامالىددىن مەجنۇننىڭ ئەۋلادىدۇر؛ تاشكەنتنىڭ سەئىدلىرى باھائىددىننىڭ ئەۋلادىدۇر. «ھەزرىتى مازار»نىڭ نەسەبى — ئىسمى «خوجا مۇھەممەت يۇسۇپ خوجام پادىشاھ» بولۇپ، زىلەيخا بېگىمنى «ئىشان پۇنزا بېگىم» نىكاھلاپ ئالغاندىن كېيىن، پادىشاھ دەپ ئاتالدى. ئۇنىڭ ئۈچ ئوغلى بولۇپ، ئۇلارنىڭ ئىسمى: خوجا ھىدايىتۇللا، خوجا كىرامەتۇللا، خوجا قانائەتۇللا ئىدى. سەئىد مىرمۇھەممەت سەئىد نۇرۇللانىڭ ئوغلى، سەئىد نۇرۇللا سەئىد ئابدۇللانىڭ ئوغلى، سەئىد ئابدۇللا سەئىد قاسىمنىڭ ئوغلى، سەئىد قاسىم سەئىد يۇسۇپنىڭ ئوغلى، سەئىد يۇسۇپ سەئىد ھاشىمنىڭ ئوغلى، سەئىد ھاشىم سەئىد ئالائىددىننىڭ ئوغلى، سەئىد ئالائىددىن سەئىد جالالىددىن باغدادىنىڭ ئوغلى، سەئىد جالالىددىن شاھھەسەننىڭ ئوغلى، شاھھەسەن شاھھۇسەيىننىڭ ئوغلى، شاھھۇسەيىن سەئىد ئابدۇللانىڭ ئوغلى، سەئىد ئابدۇللا سەئىد مۇھەممەتنىڭ ئوغلى، سەئىد مۇھەممەت سەئىد تالىپنىڭ ئوغلى، سەئىد تالىپ ئىمام ئەلى مۇسا ئەپزەلنىڭ ئوغلى، سەئىد ئەپزەل سەئىد تالىپنىڭ ئوغلى، ئىمام مۇسا كازىم رىزانىڭ ئوغلى، ئىمام ئەلى مۇسا رىزا ئىمام مۇسا كازىمنىڭ ئوغلى، ئىمام مۇسا كازىم جەففىرى سادىقنىڭ ئوغلى، جەففىرى سادىق ئىمام باقىرنىڭ ئوغلى، ئىمام باقىر زەينۇلئابىددىننىڭ ئوغلى، زەينۇلئابىددىن ئىمام ھۇسەيىننىڭ ئوغلى، ئىمام ھۇسەيىن ئەلىنىڭ پاتىمە - زۇھرا (مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ قىزى) نىڭ ئوغلىدۇر.

## سۇتۇق بۇغراخاننىڭ نەۋرىسى — ئەلى ئارسلانخاننىڭ خۇسۇسىيەتلىرى

ئەلى ئارسلانخاننىڭ نەسەبى پاك ۋە ئۇلۇغلار ئەۋلادىدىن بولۇپ، ئۆزى ئەمەلىيەتلىك، شەرىئەتنى ئۆزىگە شوئار قىلغان، تەقۋادار، تەرىقەتنى ئىجرا قىلغۇچى كىشى ئىدى. بۇلارنىڭ ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ ئەھۋالى قەدىمكى كىتابلاردا (تارىخلاردا) بايان قىلىنغان ئىدى. ئۇ كىتابلاردىكى تارىخ رىۋايەتلىرىنى پۈتۈن خەلق بىلسۇن ئۈچۈن، «تۈركىي تىل» بىلەن بۇ كىتابقا توپلاندى. كەمىنە لاياقەتسىز موللا ھاجىمغا كىشىلەر بۇغراخانلار تارىخىنى يېزىشنى ئىلتىماس قىلدى، ماقۇل كۆرۈپ باشقا تەزكىرە، تارىخلاردىن توغرا ۋە راست، ئىشەنچلىك رىۋايەتلەرنى توپلىدىم. بۇ توپلامنى ئادەمنىڭ تەبىئىتىدىكى «تۆت ئۇنسۇر» (ئېلېمېنت) غا ئوخشىتىپ، تۆت بۆلۈم

قىلىپ تەرتىپ بەردىم. كىتابىم بىر مۇقەددىمە (كىرىش) ۋە ئىككى ماقالە، بىر خاتىمە (تاماملاش) بىلەن ئاياغلىشىدۇ. بۇ توپلامغا دەلىل، پاكىتلار بىلەن ئالىملارنىڭ سۆز- لىرى، تارىخىي ھېكايىلەرنى نەقىل (ستاتا) كەلتۈرۈپ ئىستىھكام بەردىم (بېكىتتىم).

## ھەسەن بۇغراخان توغرىسىدا

سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ چوڭ ئوغلى ھەسەن بۇغراخان قەشقەردە پادىشاھ بولۇپ تەختتە ئولتۇرغان مەزگىلدە، جۇقتى رەشىت، نوكتى رەشىت، چاكالۇ، خەل- خالۇ ماچىن قاتارلىق لەنتكەردىلەر 130 مىڭ چېرىك بىلەن ماچىن (خوتەن) دىن كېلىپ قەشقەرنى مۇھاسىرە قىلدى، مۇھاسىرە ئۇزۇنغا سوزۇلۇپ «قەھەتچىلىك» (بوھران) يەنى قىممەتچىلىك بولۇپ كېتىپ، مۇسۇلمانلار قىستالدى، بارئاشلىقنى بېرىپ ئىلاج قىلالمىدى. ئاقىۋەت، مۇسۇلمانلارغا ئۇۋال قىلمايلى، دەپ مەسلىھەت قىلىشىپ، ھەسەن بۇغراخان، يۇسۇپ قادىرخان، ئەلى ئارسلانخانلار 40 مىڭ ئەسكەر بىلەن چىقىپ كاپىرلارغا قارشى فرونت ئاچتى. بىرىنچى قېتىملىق ئۇرۇشتا، ئەلى ئارسلانخان فرونتقا كىرىپ ئۇرۇش قىلدى، ئۇرۇش ئىنتايىن قاتتىق بولدى، كاپىرلاردىن 500 كىشى ئۆلتۈرۈلدى، مۇسۇلمان- لاردىن دەرۋىش مۇھەممەدى، مۇھەممەت ئەلى ھاجى، سۇلتان دەرۋىش، خوجا ئابدۇكېرىملەر قۇربان بولدى، شۇنىڭ بىلەن ئۇرۇش توختىدى. ئىككىنچى كۈنى ئۇرۇش باشلىنىپ يۇسۇپ قادىرخان قوماندانلىق قىلدى، بۇ ئۇسۇلدا ئۇرۇش داۋام قىلدى. قەشقەرنى ئىدارە قىلىشنى سەئىد جالالىددىن باغدادىنىڭ چوڭ ئوغلى سەئىد ئالائىددىنغا تاپشۇرۇپ، 15 مىڭ ئەسكەرنى شەھەر ساقلاشقا بەلگىلىدى، ئۇرۇشقا ھەسەن بۇغراخان قوماندانلىق قىلدى، كاپىرلار قاتتىق يېڭىلىپ يەر چىشلىدى. ھەسەن بۇغراخان ئۆز ئورنىدا يۇسۇپ قادىرخاننى قالدۇرۇپ، ئۆزى فرونتقا كىردى، دۈشمەن تەرەپتىن خەلخالۇ ماچىن فرونتقا كىرىپ بىر - بىرىگە قارشى ئۇرۇشتى، قايتا ئۇرۇش باش- لاندى. بۇ نۆۋەتتىكى ئۇرۇشقا يۇسۇپ قادىرخان قوماندانلىق قىلدى، كاپىرلارغا قاتتىق زەربە بېرىلدى. كاپىرلار قېچىپ قەشقەردىن چېكىنىپ يېڭىسارغا كەلدى. ھەسەن بۇغراخان ئەلى ئارسلانخانغا 90 مىڭ ئەسكەر تەييارلاپ بېرىپ، كاپىرلارنى قوغلاشقا ئەۋەتتى. ئەلى ئارسلانخان كاپىرلارنى قوغلاپ كېلىپ نۇرغۇن ئۇرۇشۇپ «ئۆتەڭ قارار» دېگەن يەرگە كېلىپ توختىدى. بۇ يەردىكى بىر تۈركۈم كاپىرلار ئۇرۇشۇپ كۈچى يەتمىدى، ئەڭ ئاخىرىدا چاكالۇ، خەلخالۇ ماچىن باشلىق كاپىرلار مەسلىھەتلىشىپ: — ئەلى ئارسلانخانغا نېمە ئۈچۈن قىلىچ، نەيزە ئۆتمەيدۇ؟ بۇنى ھەل قىلىش كېرەك — دەپ، ئەلى ئارسلانخانغا قىلىچ ئۆتۈشنىڭ تەدبىرىنى تاپقان كىشىگە ئۆز قەدىرى بىلەن تەڭ ئالتۇن بېرىشنى ۋەدە قىلدى. بۇ كاپىرلارنىڭ ئىچىدە

بىر ئۇچراتلىق دەللە كاپىر قىبرى بار ئىدى، بۇ لەنىتى ئىپلاس بۇ ئىشنى زىممىسىگە
ئېلىپ، ئىسلام قوشۇنىغا ئۆزىنى ئاتتى (يوشۇرۇنۇپ كىردى)، بىر نەچچە كۈن تۇرۇپ،
ئەلى ئارسلانخاننىڭ ئاشخانىسىدا خىزمەت قىلىشقا كىردۋالدى، بۇنىڭدىن ھېچ كىشى
ئەلى ئارسلانخاننىڭ خەۋىرى بولمىدى. بۇۋاقىتتا ئۇرۇش داۋام قىلىۋاتاتتى، بىر كۈنى ئەلى ئارس-
لانخان ئۇرۇش ۋەقەسىنى سۆزلەپ بېرىپ خۇشال ئولتۇرغاندا، ئەلى ئارسلانخاننى
مەدھىيىلەپ تۇرۇپ، بىرى: - تەقسىر پادىشاھىم، ئۆزلىرىگە زادىلا تىغ ئۆتمەيدىكەن ... -
دېدى. ئەلى ئارسلانخان غازى: - مەن جەڭگە كىرگىنىمدە بەدىنىم تاشتەك
قاتىدۇ، ئەگەر نامازغا تۇرسام پۈتۈن بەدىنىم سۇ بولۇپ ئېرىيدۇ، ئەنە شۇ پەيتتە
تىكەننى ئۇرسا ھەم كىرەر - دېدى. بۇ سۆزنى ھېلىقى كاپىر دەللە ماراپ تۇرۇپ
ئاڭلىدى. بۇ سىرلىق سۆزنى ئاڭلاپ، دەللە قىبرى ئىسلام قوشۇنىدىن قېچىپ چىقىپ
خەلىخالۇ ماچىنگە خەۋەر قىلدى، دۈشمەن خۇشال بولۇپ، بۇ دەللە قىبرىغا بىر مۇنچە
پۇل بەردى. پەيشەنبە كۈنى تاماقتىن كېيىن، ئۆز قوشۇنى بىلەن فرونتقا ھازىرلاندى.
ئۇرۇش باشلىنىپ نۇرغۇن كاپىرلار ئۆلتۈرۈلدى، ئىسلام ئەسكىرىدىنمۇ نۇرغۇن كىشى
شېھىت بولدى. ئۇرۇش داۋام قىلدۇرۇلۇپ ئەڭ ئاخىرىدا، مۇھەررەم ئوشۇرئېيىنىڭ
10 - كۈنى بامدات نامىزىغا ئەزان ئوقۇلۇپ، پۈتۈن مۇسۇلمانلار نامازغا تۇردى،
نامازغا ئىمام بولغان كىشىنىڭ خاتىرىسىگە «ئىننا ئەتەينا» سۈرىسى كىرمەي،
«ئىننا پەتەھنا» سۈرىسى كىرىپ قالدى (ئۇزۇن ئايەتنى باشلىدى). كاپىرلار ھۇجۇم
قىلىپ كىرىپ مۇسۇلمانلارنى ئۆلتۈرۈپ، ئەلى ئارسلانخان غازىنىمۇ شېھىت قىلدى.
ئاللانىڭ قۇرئانىدا ئېيتقانىدەك، «ھەممىمىز ئۆلۈپ ئاللانىڭ ھۇزۇرىغا بارىمىز».
سەئىد ئارسلانخان شېھىت بولغان كۈنى ئىسلام قوشۇنى يىغا - زار قىلىشتى ۋە دۇنيانى
قاراڭغۇلۇق باسقاندەك بولدى. مۇسۇلمانلار پاراكەندە بولۇپ قاچتى، كاپىرلار ئىسلام
قوشۇنلىرىنىڭ ئائىلە تاۋابىئاتلىرىغا ئات سېلىپ ئارقىدىن قوغلاپ كەلدى. مۇسۇل-
مانلار توختاپ تۇرۇپ ئۇرۇشاتتى، لېكىن كاپىرلار ئۈستۈنلۈك قازىنىپ كۆپ كىشىنى
شېھىت قىلدى. «ئاللا ئۇ مۇسۇلمانلارنىڭ ئورنىنى جەننەتتە قىلسۇن!» ئەڭ ئاخىرىدا،
بى بى مەريەم خېنىم قىزلار بىلەن جەڭگە كىردى، 25 نەپەر كاپىرنى ئۆلتۈرۈپ
غەلىبە قىلىپ تۇراتتى، كاپىرلار ھۇجۇم قىلىپ قورشىۋالدى، بى بى مەريەم خېنىم يەرگە
قاردى، يەر يېرىلىپ يەرگە كىرىپ كەتتى، قىزلارنى كاپىرلار شېھىت قىلدى. دېمەك،
سەئىد ئارسلانخاننىڭ ۋاپات بولۇشى بىلەن ئىسلام قوشۇنى مەغلۇبىيەتكە ئۇچرىدى،
بۇ مەغلۇبىيەت ۋە تەزىيە خەۋىرى ھەسەن بۇغراخان، ئېسەن بۇغراخان، يۈسۈپ قا-
دىرخانلارغا ئاڭلاندى، بۇلار ھەسرەت، مۇسىبەت، قايغۇ ئىچىدە يىغا - زار قىلىشىپ
تەزىيەت تۇتتى. بۇلارنىڭ يىغىسىغا دەريادىكى بېلىقلار، ھاۋادىكى ئۇچار قۇشلار

باھار يامغۇرىدەك ياش تۆكۈپ يىغلاشتى. 2000 دانە قوي، 200 دانە تۆگە، 500 كالا سويۇپ نەزىر ئۆتكۈزدى، قۇرئان ئوقۇپ دۇئا قىلىشتى.

## ھەسەن بۇغراخاننىڭ دۈشمەننى تارمار قىلىش توغرىسىدىكى بۇيرۇق ئېلانى

پادىشاھ ھەسەن بۇغراخان: «قوشۇن توپلانسۇن!» دەپ بۇيرۇق ئېلان قىلدى. نەتىجىدە 60 مىڭ ئەسكەر توپلىنىپ تەييارلىق قىلىنغاندىن كېيىن، ھەسەن بۇغراخان ئۆزى قوماندانلىق قىلىپ، سەئىد ئارسلانخاننىڭ ئىنتىقامىنى ئېلىش ئۈچۈن ئاتلاندى. قوشۇننى ئېلىپ يولغا چىقىپ، ئەلى ئارسلانخان شېھىت بولغان يەرگە كېلىپ ئارسلانخاننىڭ نۇرلۇق جەسىتىنى ۋە نۇرغۇن شېھىتلەرنى تاپتى. ھەسەن بۇغراخان ۋە ئىبسەن بۇغراخان، يۈسۈپ قادىرخانلار قاتتىق دەردۇ - ئەلەملەر بىلەن ھەسرەتلىنىپ يىغلاپ ھۇشىنى يوقاتتى، قايتا ھۇشىغا كەلدى. دۈشمەنگە قارشى غەزەپلىرى تېشىپ، بەدىنىدىكى ھەر بىر موي نەشتەردەك تېشىپ چىقتى. كاپىرلارنى ئىزلەپ تېپىپ قاتتىق ئۇرۇش قىلدى، كاپىرلاردىن نۇرغۇنى قىرىپ تاشلاندى. كاپىرلار قاچتى، ئۇلارنىڭ مال-مۈلكىنى ئولجا قىلىپ ئالدى. ھەسەن بۇغراخان قوغلاپ ئۇلارغا كۆكيار ① دېگەن يەردە يېتىشىۋالدى ھەم بۇ يەردە بىر ھەپتە كېچە - كۈندۈز ئۇرۇش قىلدى، كۆپ مۇسۇلمانلار شېھىت بولدى. بۇ ئۇرۇشتا سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ كىچىك ئوغلى ئوسمان بۇغراخان شېھىت بولدى، كاپىرلار ئۇرۇشۇپ - ئۇرۇشۇپ ماچىن (خوتەن) تەرەپكە قېچىپ كەتتى. ئوسمان بۇغراخاننىڭ جەسىتىنى تېپىپ دەپنە قىلىپ، ئۇنىڭغا بېغىشلاپ ۋەخپە يەرلەر بەلگىلىدى، شەيخ - جارۇپكەشلەر بەلگىلەپ، ئۇلارنى ھۆكۈمەتنىڭ سېلىق - ئالۋانلىرىنى تۆلەشتىن ئازاد قىلدى. نەزىرلەر ئۆتكۈزۈلگەندىن كېيىن يەكەنگە قايتىپ كەلدى، خەلقنى ئىمانغا دەۋەت قىلدى، يەكەن خەلقى جان - دىلى بىلەن مۇسۇلمان بولۇپ، بارلىقىنى مۇسۇلمانلار ئۈچۈن بېغىشلىدى. ھەسەن بۇغراخان باشلىق غازىلار يەكەن ئاھالىسىنىڭ ھەققىدە دۇئا قىلدى، دۇئاسى خۇدا ھۇزۇرىدا قوبۇل قىلىندى. شۇنىڭ ئۈچۈن يەكەن خاراب ( ۋەيران ) بولماي-دۇ. قەشقەرلىق ئابدۇسەمەت دېگەن كىشىنى يەكەنگە رەئىس ( باشلىق ) قىلدى. يەكەندىن قوزغىلىپ مېڭىپ، ئەلى ئارسلانخان شېھىت بولغان يەرگە كېلىپ تەزىيە

① كۆكيار - ھازىرقى قاغىلىق ناھىيىسىنىڭ غەربىي جەنۇبىي تاغ رايونى (خوتەن تەرەپ).

تۇتۇپ يىغا - زار قىلىشىپ، نەزىر - چىراغ ئۆتكۈزۈپ دۇئا قىلدى ۋە ئارسلان خاننى شېھىت بولغان يەرگە دەپنە قىلدى، ئەمما مۇسۇلمانلارنى كاپىرلاردىن ئايرىپ بولماي، ھەسەن بۇغراخان پادىشاھ دۇئا قىلدى، مۇسۇلمانلارنىڭ ئۈستىگە قۇم ياغدى، كاپىرلارنىڭ ئۆلۈكىگە شور يېغىپ ئوچۇق قالدى، بۇ سەۋەبلىك، ئۇلارنىڭ دەپنە قىلىنغان يېرى « قۇم شىقىغان » دەپ ئاتالدى. شەيخ پەقى ئەييۇب دېگەن كىشىنى شەيخ قىلىپ، يەنە 40 كىشىنى قوشۇپ ئۇلارنى پۇقرادارچىلىق ئالۋان - سېلىقتىن ئازاد قىلىپ، مازارنىڭ خىزمىتىگە قويدى. يەر، مۈلۈك، قازان - چىراغلارنى ھازىرلاپ ۋەخپە قىلدى، بەشكەنت ئۈستىگە بويلىرىدىكى يەرلەرنى بىر چارەك ئۇرۇقلۇق يەرنى بىر مىسقال ئالتۇنغا ئېلىپ ۋەخپە قىلدى. تارىخنىڭ رىۋايىتىچە: سەئىد ئارسلانخان غازى شېھىت بولغان ۋاقىت ھىجرىيىنىڭ 489 - يىلى مۇھەررەم (ئوشۇر ئاي) نىڭ 10 - كۈنى جۈمە كۈنلۈكى ئىدى. رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، سەئىد ئارسلانخاننىڭ باشلىرى تەنلىرىدىن ئاجرىتىلغاندا غايىب بولۇپ كەتتى، ھەسەن بۇغراخان قاتارلىق ھەممىسى يىغلاپ ئىزلەپ تاپالمىدى. سەئىد ئارسلانخاننىڭ ئانىسى ئەلا نۇر خېنىم مەككىگە باردى. مەككىدىن بىشارەت بولۇپ: «مەككىدىن ئۈچ تام يوق بولۇپ كەتتى، چىنار تۈۋرۈك بىلەن ئۈچ تام قەيەردە بولسا ئوغلىڭىزنىڭ بېشى شۇ يەردە » دېيىلدى. بۇ بىشارەت ( خۇشخەۋەر ) بىلەن ھەسەن بۇغراخاننى خەۋەردار قىلغاندا، ھەسەن بۇغراخان ئىزلەپ ئۈچ تام بىلەن چىنار تۈۋرۈكنى تېپىپ، «ئارسلانخاننىڭ باشلىرى شۇ يەردە » دەپ ئېتىقاد قىلىپ، مازار ياساپ توغ - ئەلەم قاداپ، جارۇپكەشلەر تەيىنلىدى، نۇرغۇن نەزىر ئاشلار بېرىلدى، سەئىد ناسىر دېگەننى شەيخ قىلدى، شۇنىڭ بىلەن 25 كىشىنى ئالۋان - سېلىقتىن كەچۈرۈم قىلىپ، مازارغا قاراش ئۈچۈن قويۇلدى.

ئومۇمەن، ھەسەن بۇغراخان ۋە ئېسەن بۇغراخان، يۈسۈپ قادىرخانلار 12 يىل پادىشاھلىق قىلدى. بۇلارنىڭ پادىشاھلىق دەۋرىدە، بېشىغا سەللە يۆگىمىگەن كىشىنى كۆرسە، تۇتۇپ كېلىپ بېشىغا مىق قاقاتتى. «يۇرت ئاھالە شۇ قەدەر ئاۋاتلىق - پاراۋانلىق بولدىكى، بىر چارەك (16 جىڭ) ئاشلىقنى بىر پۇلغا ئالىدىغان كىشى يوق ئىدى».

## مەۋلانە سەدىدىن «قەشقىرى» نىڭ تۈركىستاندىن خەۋەر ئېلىپ كېلىشى

ھەسەن بۇغراخانغا مەۋلانە سەدىدىن قەشقىرى باشلىق 100 ئاتلىق كىشى تۈركىستاندىن ئەلچى بولۇپ كەلگەنلىكى خەۋەر قىلىندى. ھەسەن بۇغراخان قوبۇل

قىلدى. خوجا ئابدۇللا تۈركىستانى، ئەبۇبەكرى تاشكەندى قاتارلىقلار كىرىپ سالام بېرىپ ئەھۋال سورىغاندىن كېيىن، ئۇ: ـ تۈركىستان ① ۋىلايىتى كاپىرلىقتا يېنىپ كەتتى، شۇڭا سىلىدىن ياردەم سوراپ كەلدۇق ـ دېدى. بۇسەۋەبلىك، قوشۇن توپلاشقا بۇيرۇق قىلىنىپ، كەڭ كۆلەملىك قوشۇن ھازىرلاپ قەشقەرنى باشقۇرۇشنى ھۈسەين پەيزۇللا خوجىغا، خوجا بىغەم خوجىغا، ئوبۇلقاسىم قەشقەرىگە تاپشۇرۇپ، تۈركىستان (ئوتتۇرا ئاسىيا)غا يۈرۈش قىلىپ ماڭدى. بۇلار تۈركىستانغا يېتىپ بېرىپ ئۇرۇش بولۇشتىن ئىلگىرى، تۈركىستانلىقلار قورقۇپ باش ئېگىپ ئىتائەت قىلىپ، ئىسلامنى قايتا قوبۇل قىلدى. بۇلار ئەھمەت يەسەۋىنىڭ مازىرىنى زىيارەت قىلدى، ھەسەن بۇغراخان شۇيىلى قىشتا ئوتتۇرا ئاسىيادا قىشلىدى. تاشكەنت، تۈركىستانلارنى پۈتۈن ئىشغالىيىتىگە ئالدى. ئىككىنچى يىلى، ئەھمەت يەسەۋىنىڭ ئانىسى بىبى مەريەم خېنىمنى ئېلىپ شەھەرلەرنى ساياھەت ھەم زىيارەت قىلدى. مۇسۇلمان ئەمەس نۇرغۇن شەھەرلەرنى، قەبىلىلەرنى مۇسۇلمان قىلدى. مادايىن شەھىرىگە كېلىپ ئىمام نەسىرىددىن، ئىمام قەۋامىددىن، ئىمام مۇئىنىددىن، ئىمام زەھىرىددىن قاتارلىق ئىماملار (مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ نەۋرىلىرى) نى زىيارەت قىلدى ۋە ئۇلارغا نۇرغۇن سوغاتلار تەقدىم قىلدى، ئىسلام ئۈچۈن قىلىنغان جەڭلەرنى سۆزلەپ بەردى، مادايىن شەھىرىدە بىر نەچچە كۈن تۇردى. ھەسەن بۇغراخان ئىماملاردىن: ـ مەن قايتىپ كېتىپ، ئاتىسام سۇتۇق بۇغراخاننىڭ غازات (جەڭ) قىلىش، ئىسلام ئېچىش يولىنى داۋام قىلدۇرسام ـ دەپ ئىجازەت سورىدى. ئىماملار دۇئا قىلىپ پاتىھە ـ رۇخسەت بەردى. ھەسەن بۇغراخان ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ يۈرۈپ كۆپ يەرلەرنى ئىسلام دىنىغا كىرگۈزدى. ئوممان دەرياسىدىن ② باشلاپ تاكى قارا قۇرۇم ئېتەكلىرىگىچە بۇلارنىڭ قىلىچىنىڭ نۇرىدىن يورۇپ، ئىسلام دىنى ئورۇنلاشتى، مۇقىملاشتى. بۇ ئىشلار بىر تەرەپ بولغىچە بىر نەچچە يىللار ئۆتۈپ كەتتى.

### ھەسەن بۇغراخانغا «قەشقەر كاپىر بولۇپ كەتتى» دەپ خەۋەر كەلدى

ھەسەن بۇغراخانغا: قەشقەر كاپىرىستان بولۇپ كەتتى، دەپ خەۋەر كەلدى. «ئەسكەر توپلانسۇن!» دەپ يارلىق بېرىلدى، ئەسكەر توپلاندى. ھەسەن بۇغراخان يۈسۈپ

① تۈركىستان ـــ سوۋېت ئىتتىپاقى ئۆزبېكىستاندىكى تۈركىستان.

② ئوممان دەرياسى (ئوممان دېڭىزى) ـــ ھىندى دېڭىزىنىڭ شىمالىي غەربىدىن ئىبارەت بىركورپۇز بولۇپ، شىمالى بېلوجىستان يەنى ئىران ۋە ئەرەب جەزىرىسى بىلەن تۇتاش يەرلەردۇر. «قامۇس ئەئلام» 5 ـ توم. 3213 ـ بەت.

قادىرخانغا:-ئەي ئوغلۇم، سىز مادايىنغا بېرىپ ئىماملارغا مەلۇمات بېرىڭ، ياردەم كۆرسەتسۇن- دېدى. يۇسۇپ قادىرخان مادايىنغا كېلىپ ئىماملارغا خەۋەر بەردى (ئىماملار كېلىپ خوتەندە قىلغان ئۇرۇش قىسسىلىرى ئىماملارنىڭ تەزكىرىسىدە بايان قىلىنىدى).

ھەسەن بۇغراخان پادىشاھ 70 مىڭ ئەسكەر بىلەن كېلىپ قەشقەرنى مۇھاسىرە قىلدى. ئىسلامغا قارشى كاپىرلار چىقىپ ئۇرۇشتى، ئىسلام قوشۇنلىرى كاپىرلارنى ئۆلتۈرۈپ، قانلىرىنى سۇدەك ئاققۇزدى. ھەسەن بۇغراخان ئوتتۇرا ئاسىياغا كەتكەندىن كېيىن، كاپىرلار مۇسۇلمانلارنى مەجبۇرلاپ قايتا كاپىرلىققا كىرگۈزدى ھەم ئىت، ئېشەك، چوشقا گۆشىنى يېگۈزۈپ، ھارام ئىشلارنى ئادەتتىكىدەك قىلىپ كاپىرلاشتۇرغان ئىدى. ھەسەن بۇغراخان كاپىرلارغا قارشى بەش ئاي ئۇرۇشتى، مۇسۇلمانلار غەلىبە قىلدى، قەشقەرنى بەش ئاي مۇھاسىرە قىلىپ ھېچ ئادەمنى چىقارمىدى. كاپىرلار تەڭ بولۇپ (قىسىلىپ) شەھەردىن چىقىپ ئۇرۇشتى، كاپىرلارغا جوۋقتى رەشىت قوماندانلىق قىلاتتى، قاتتىق جەڭ بولۇپ ھەر ئىككى تەرەپتىن نۇرغۇن ئادەم ھالاك بولدى، ئۇرۇشنى توختاتتى. ئىككىنچى قېتىم ئۇرۇش باشلىنىپ، كاپىرلارغا خەلخالۇماچىن، مۇسۇلمانلارغا ھەسەن بۇغراخان قوماندانلىق قىلدى. بۇ ئۇرۇشتا كاپىرلار ئەڭ قاتتىق مەغلۇبىيەت - ھالاكەتكە ئۇچراپ قاچتى، «كۇسەن» دەرياسىدىن ئۆتۈپ كەتتى. مۇسۇلمانلار دەريا بويىغا قەدەر قوغلاپ بېرىپ، نۇرغۇن نەرسىلەرنى غەنىمەت ئولجا ئېلىپ، زور تەنتەنە بىلەن قەشقەرگە قايتىپ كەلدى. پۈتۈن قەشقەر خەلقى چوڭ - كىچىك بۇغراخانلارنىڭ ئالدىغا چىقىپ قايتىدىن بويسۇنۇپ بەيئەت قىلىپ، بۇغراخانلارنىڭ شەنىگە بېغىشلاپ بۇ شېئىرلارنى ئوقۇشتى:

كەلدى يۇرتقا لۇتپى ھەقتىن شەھرىيار،
ئەلئىنى روشەن قىلىپ ئالەمنى چۇن خورشىدۋار.
بولدى سەبزە خۇررەم ئول كەلمەك بىلەن باغنى مۇران،
غۇنچەئى ئۈمىد ئېچىلدى، يەتتى گويا نەۋباھار.
زۇلمەتى كۇپرە ئىچىدە بۇ قەشقەر ئەجەبمۇ تار ئىدى،
كەلدى چۇن بىر ماھى تابان، قىلدىلەر لەيلىنى ناھار.
مال، جان مەملىكەت ئى پادىشاھىم ئالەم پانا،
بارچىسى بولسۇن سىنىڭ، خاك پايىڭغا نىسار.

شېئىرنىڭ تەرجىمىسى:

(خۇدانىڭ مەرھەمىتىدىن يۇرتىمىزغا ئۇلۇغ بەختلىك شاھلار كەلدى. ئۇلارنىڭ كېلىشى بىلەن مەقسەت مۇرادىمىزنىڭ باغچىلىرى كۆكلەپ، ئۈمىد گۈلىمىزنىڭ غۇنچە

لىرى ئېچىلدى. بىز ئۈچۈن باھار مەۋسۈمى كەلدى. كاپىرلىق ۋە زۇلۇم بىلەن بۇ
قەشقەر تار - قاراڭغۇلاشقان ئىدى، نۇرلۇق بىر ئاي (بۇغراخان) لارنىڭ كېلىشى
بىلەن، ئۇ، كاپىرلىق، زۇلۇم بىلەن قارايغان كېچىنى كۈندۈز قىلدى (بىز ئۈچۈن تاڭ
ئاتتى). مال - مۈلكىمىز، جېنىمىز، مەملىكەت ۋە جاھانغا تايانچى بولغان شاھلار سىلەر
نىڭ ئايىغىڭلاردىكى ئۆرلىگەن توپىغا پىدا بولسۇن ...) دېگەن شېئىرلار بىلەن
قارشى ئالدى. چۈنكى ھەسەن بۇغراخان قەشقەر خەلقىنى يېڭىباشتىن ئىسلام دىنىغا
كىرگۈزۈپ، كاپىرلىقتىن قۇتۇلدۇرغان ئىدى. قەشقەر خەلقى مال - مۈلكىنى بۇلارغا
بېغىشلىدى. ھەسەن بۇغراخان مال - مۈلۈكلەرنى مۇسۇلمانلارغا تەقسىم قىلىپ بەر-
دى، پۈتۈن خەلققە ئاش تارتتى (زىياپەت ئۆتكۈزدى). ھەسەن بۇغراخان غازىنىڭ
پادىشاھ بولۇپ ئولتۇرغىنى پۈتۈن يەرلەرگە شۆھرەت قازاندى، ئەسكىرىي قوشۇن كۈندىن-
كۈنگە كۆپەيدى. «قوشۇن تەييارلانسۇن!» دەپ يارلىق بېرىلدى، قوشۇننى ئېلىپ يېڭىسارغا
كەلدى. كاپىرلار ئالتۇنلۇقتىن «ئۆتەڭ قارار» دېگەن يەرگە قەدەر ئورۇنلىشىپ يېتىپتۇ، بۇيەردە
بىر قانچە كۈن ئۇرۇشۇپ، كاپىرلارنى تاغ قىرغىقىغا يەتكۈزدى. تاغ ئېتىكىدىن كاپىرلار
ھۇجۇم ياساپ چىقىپ، ئۇرۇش دەھشەتلىك ئۇلغايدى. ھۈسەيىن بۇغراخان ئۇرۇشتا
ئۆزى قاتنىشىپ، بىر قانچە يېرىدىن ئوق تېگىپ شېھىت بولدى. خوجا ئوبۇلمۇزەپپەر،
ئوبۇلمەنسۇر، ئابدۇللا ئابدۇراھمانى قاتارلىق ئاتاقلىق كىشىلەرمۇ شېھىت بولدى.
دېمەك، مۇسۇلمانلاردىن 300 كىشى قۇربان بولدى، ئۇرۇشنى توختىتىپ مەجرۇھلارنى
داۋالاپ ئوزۇقلاندۇردى. ئەنە شۇنداق ئۈزۈلمەي داۋام قىلغان ئۇرۇشتا، ھەسەن
بۇغراخان بىلەن چاكالۇ، خەلخالۇ ماچىنلەر بىر - بىرىگە قارىمۇ قارشى ئۇرۇش قىلىپ،
بىر دەشت قۇملۇق چۆلگە كىرىپ تىركەلدى. مۇسۇلمانلار ئاچ ۋە ئۇسسۇزلۇقتىن
دەرمانسىزلاندى، ھەسەن بۇغراخان خۇداغا ئىلتىجا قىلدى. ئىككى ئادەم پەيدا
بولۇپ ئاپتۇۋا، چىلاپچا كۆتۈرۈپ كەلدى، ئۇلار: بۇ — زەمزەم (مەككىدىكى ئۇلۇغ
قۇدۇقنىڭ سۈيى) دېدى. ئۇنىڭ بىرى خىزىر پەيغەمبەر، يەنە بىرى پەرىشتە ئىدى،
دېيىلدى. ھەسەن بوغراخان بۇ ئاپتۇۋىدىكى سۇ بىلەن تاھارەت ئالدى، ناماز ئۆتەپ
خۇداغا يىغلىدى. كارامەت بىلەن ھەسەن بۇغراخان تاھارەت ئالغان سۇ تامغان يەر-
دىن سۇ پەيدا بولدى، مۇسۇلمانلار ئىچىپ تەشەككۈر ئېيتتى ۋە ھەسەن بۇغراخاندىن
بۇ كارامەتنى كۆرۈپ يېڭىباشتىن ئۇنىڭ ئەتراپىغا زىچ ئۇيۇشتى. ھەسەن بۇغراخان:
- بۇ چۆلدە سۇ پەيدا بولدى، بەلكى بىزنىڭ ياتىدىغان (كۆمۈلىدىغان يېرىمىز)
مۇشۇ يەر بولۇپ قېلىشى مۇمكىن - دېدى. كاپىرلار ئۇرۇشتا ئۈستۈنلۈك قازىنىشقا
باشلىدى، ئۇرۇش داۋام قىلدى، مۇھەررەم (ئوشۇر ئاي) نىڭ 10 - كۈنى، ھەسەن
بۇغراخان غازى 5 مىڭ ئەسكەر بىلەن كاپىرلارنىڭ ئۈستىگە باستۇرۇپ كەلدى. كاپىر-

لارغا جوقتى رەشىت قوماندانلىق قىلىپ ئۇرۇش باشلىدى، بۇ ئۇرۇشتا ئىبسەن بۇغراخان شېھىت بولدى. بۇ سەۋەبلىك، مۇسۇلمانلارغا ھۇجۇم قىلىنىپ، 5 مىڭ مۇسۇلمان شېھىت بولدى، ھەسەن بۇغراخان باشلىق ئەربابلار بۇ پاجىئەلىك ئەھۋالنى كۆرۈپ تاقەتسىزلىنىپ، ھەممىسى ئۇرۇشقا كىرىشتى، جۈملىدىن ئۆز ئەلانۇر خېنىممۇ ئۇرۇشقا كىرىشتى. مۇھەررەم (ئوشۇر ئاي) نىڭ 18 - كۈنىگە قەدەر سوزۇلغان ئۇرۇشتا، ئىسلام ئەسكىرىدىن 30 مىڭ كىشى قاپتۇ، بۇ ئەھۋالغا ھەسەن بۇغراخان قاتتىق قايغۇلاندى. ئۇ پۈتۈن مۇسۇلمان ئەسكەرلىرىنى ئۇرۇشقا كىرىشكە تەلەپ قىلىپ ئۇرۇشقا كىرىپ كەتتى. ئۇرۇش ئاپىتى كۈچىنى كۆرسىتىپ، مۇسۇلمانلاردىن نۇرغۇن كىشى شېھىت بولدى، ھەسەن بۇغراخان پادىشاھ ۋە ئىبسەن بۇغراخانلارمۇ شېھىت بولدى.

ئېيتىشلارغا قارىغاندا، بۇلار شېھىت بولغاندىن كېيىن، قەشقەرنى كاپىرلار ئىستىلا قىلدى، مۇسۇلمانلار ھەر تەرەپكە قاچتى، چۆللەرگە تاراپ كەتتى. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا ، ھەسەن بۇغراخان، ئىبسەن بوغراخان، ئەلانۇر خېنىملار شېھىت بولغاندىن كېيىن ، ئوتتۇرا ئاسىيا (تۈركىستان ) دىكى يۈسۈپ قادىرخانغا بۇ پاجىئەلىك خەۋەر ئاڭلاندى. يۈسۈپ قادىرخان ئىمام نەسىرىددىن، ئىمام زوھرىددىن، ئىمام مۇئىنىددىن، ئىمام قەۋامىددىنلەرگە ئاتىسى ۋە تاغىلىرىنىڭ شېھىت بولغانلىقىنى خەۋەر قىلدى. ئىماملار 40 مىڭ ئەسكەر تەييارلاپ بەردى. ئۇ ئەسكەرلەرگە سەئىد جالالىددىن باغدادىنىڭ ئوغلى سەئىد ئالائىددىن قوماندانلىق قىلدى. يۈسۈپ قادىرخاننىڭ 40 مىڭ ئەسكەر بىلەن كېلىۋاتقان خەۋىرى قەشقەرگە ئاڭلاندى، كاپىرلار ئەسكەرلىرىنى ئېلىپ قېچىپ كەتتى. قەشقەر خەلقى نۇرغۇن تۆھپە - سوغاتلار ئېلىپ، يۈسۈپ قادىرخاننىڭ ئالدىغا ئەنجان تېغىغا باردى. ئاتلىرىنىڭ ئۈزەڭگىسىنى كۆزىگە سۈرتۈپ پۇتلىرىنى سۆيدى، يۈسۈپ قادىرخان شېھىت بولغانلارنى يادلاپ يىغلىدى، قەشقەرگە كېلىپ نۇرغۇن ئاش قىلىپ نەزىر قىلدى. ئىشلارنى بىر تەرەپ قىلىپ بولۇپ، قەشقەردىن 20 مىڭ ئەسكەر تەييارلاپ، جەمئىي 140 مىڭ ئەسكەر بىلەن يېڭىسارغا كەلدى. ھەسەن بۇغراخان شېھىت بولغان يەرگە كېلىپ، ئاتتىن چۈشۈپ يىغلاپ ھۇشسىزلاندى، يەنە ھۇشىغا كېلىپ زارلاندى، دادىسى ئۈچۈن ئاھ ئۇردى، پۈتۈن قوشۇندىكىلەر تەزىيە تۇتتى. ھەسەن بۇغراخان ۋە ئىبسەن بۇغراخانلارنىڭ بېشىنى تەنلىرىگە بىرلەشتۈرۈپ دەپنە قىلدى، يەنە چۆلنى ئاقتۇرۇپ قالغان مۇسۇلمانلارنىڭ ئۆلۈكلىرىنىمۇ ئىزلەپ تېپىپ دەپنە قىلدى، تەخمىنەن 25 مىڭ كىشى شېھىت بولغانلىقى بىلىندى (بۇلارنىڭ ھەممىسى يېڭىساردا دەپنە قىلىنغان). يۈسۈپ قادىرخان غازى 500 قوي، 200 تۆگە، 200 كالا، 500 ئات سويدۇرۇپ شېھىتلەرگە نەزىر قىلدى. سەئىد سالىخ خوجا دېگەن كىشىنى شەيخ قىلىپ، 40 كىشىنى جارۇبكەش قىلدى، 30 كىشىنى قۇرئان ئوقۇپ دۇئا قىلىشقا بەلگىلىدى. يېڭىسارنىڭ ئالتۇنلۇق

دىگەن يېرىدىن ئاخىرى ماڭشىنىغىچە، توغرىسى سايلىق قارا چانىساق ئۆستەڭگىچە يەرلەرنى سېتىۋېلىپ، ئاتىسى ھەسەن بۇغراخان ۋە شېھىتلەر ھەققىدە بېغىشلاپ ۋەخپە قىلدى. بۇ ۋەقەدىن كېيىن، يۈسۈپ قادىرخان غازى 44 مىڭ ئەسكەر بىلەن تەييارلىنىپ، ئاتامىنىڭ ئىنتىقامىنى ئالىمەن - دەپ، قاچقان كاپىرلارنى قوغلاپ خوتەنگە باردى. رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە، خوتەندە 24 يىل ئۇرۇش قىلىپ، خەلىپالۇماچىننى ئۆلتۈرۈپ، ئاتىسىنىڭ خۇن ئىنتىقامىنى ئېلىپ، كاپىرلارنىڭ مال - مۈلۈكلىرىنى ئېلىپ قەشقەرگە قايتىپ كەلدى. خانئېرىق ئۆستىڭىنىڭ بىر قېشىنى، تازغۇننىڭ يەتتە كەنتىنى بىر چارەك يېرىنى بىر مىسقال ئالتۇنغا سېتىۋېلىپ ۋەخپە قىلىپ، مەھسۇلاتىنىڭ ئۈچتىن بىر قىسمىنى شەيخ، جارۇپكەشلەرگە، ئۈچتىن بىر قىسمىنى قۇرئان ئوقۇپ شېھىتلەرگە بېغىشلاپ دۇئا قىلىدىغانلارغا بېرىشنى بەلگىلىدى. بۇ ھەقتىكى رىۋايەتلەردە مۇنداق دېيىلىدۇ: يۈسۈپ قادىرخان خوتەننى ئېلىپ خۇشال - خۇرام بولۇپ يەكەنگە كەلدى، يەكەن خەلقى ئالدىغا چىقىپ سوغات - تۆھپىلەر بىلەن قارشى ئالدى، يۈسۈپ قادىرخان يەكەن ئاھالىسى ھەققىدە ياخشى دۇئالارنى قىلدى. بىر قانچە كۈن تۇرۇپ قەشقەرگە يۈرىدىغى يول بىلەن مېڭىپ قىزىلغا چۈشتى، بۇ يەرگە ئەلى ئارسلانخان ھەققىدە بىر لەڭگەر بىنا قىلدى، كۆل قازدۇردى، ئورغۇن يەرلەرنى ۋەخپە قىلدى، ئۇ يەردىن ئۆتۈپ تاغباغرىدىكى شېھىتلەرنى زىيارەت قىلدى، بۇ يەردىن مېڭىپ قەشقەرگە كەلدى، قەشقەر خەلقى يۈسۈپ قادىرخاننىڭ ئالدىغا چىقتى، شەھەرگە كىرىپ پادىشاھلىق تەختىدە ھۆرمەت - ھەشەمەت، تەنتەنىلەر بىلەن ئورۇنلاشتى، دىن - شەرىئەت ئىشلىرىغا راۋاج كىرگۈزدى، خەلققە ئادالەت، ياخشىلىقلار كۆرسەتتى.

ئاپتورلۇق كۆز قارىشى:

سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ۋە ھەسەن بۇغراخان، يۈسۈپ قادىرخانلار - خانلىق تەختىدە ئولتۇرۇپ كاپىرلار بىلەن غازات قىلغان غازىلاردۇر، شۇنىڭ ئۈچۈن ھەركىمنىڭ مۇھىم ئېھتىياجى بولسا، بۇلارنىڭ زىيارەتگاھىغا بېرىپ تەلەپ قىلسا، ھاجىتى ئاسان بولىدىغاندۇر، بۇنىڭغا شەك قىلمىسۇن.

شېئىر (خاتىمە ئورنىدا):

رەھمەت ئەتكەيلەر ئۇلارغا ھەزرىتى پەرۋەردىگار،
چۈنكى مىللەتنىڭ چىرىغى ئىدىلەر ئۇ غازىلار.

XXX XXX XXX

ئەسلى نۇسخىسىدىن كۆچۈرگۈچى: كاتىپ موللا يۈسۈپ.

«سۇتۇق بۇغراخان تەزكىرىسى» ناملىق قول يازما ئەسىرىدىن تەرجىمە قىلىندى.

# خوجا ئەبۇ نەسىر سامانى تەزكىرىسى

(«تەزكىرە ئۇۋەيسىيە» نىڭ ئالتىنچى بابىدىن تەرجىمە)

شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ جەمئىيىتى، تارىخىنى
تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەرىپىدىن تەرجىمە قىلدۇرۇلدى

1959 - يىل نويابىر

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى
دىن تەتقىقات ئىنستىتۇتى تەرىپىدىن باستۇرۇلدى

1988 - يىل يانۋار

# خوجا ئەبۇنەسىر سامانىنىڭ تەزكىرىسى

(«تەزكىرە ئۇۋەيسىيە» نىڭ 6 - بابىدىن)

ئەبۇنەسىر سامانىدا خۇدانىڭ نۇرى ۋە مەرھەمىتى ئاشكارا بولۇپ، قۇرئاننى قائىدە بىلەن ناھايىتى ياخشى ئوقۇيتتى، پادىشاھلىق ۋە ھۆكۈمەت ئىشلىرىنى ياخشى بىلەتتى ھەمدە مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرىئەتلىرىگە كۆپ راۋاج بېرەتتى. پەزىلەت - ئەدەپتە، يۇمشاق سۆز قىلىشتا، زاھىرى ئىلىمدا ۋە ئىچكى (روھىي) ئىلىمدا، شەرىئەتنىڭ بۇيرۇقلىرىنى قوبۇل قىلىشتا ئىنتايىن كامىل ئىدى، بۇ ئەزىز دۇنياغا كېلىپ تاكى ئۆلگىچە گەپ - سۆزدە، ئىش ھەرىكىتىدە شەرىئەتكە خىلاپلىق قىلمىغان ئىدى، بۇ ئەزىز ئەۋلىيا بولماستىن بۇرۇن، پەيغەمبەرنىڭ «سۈننەتلىرى» (يولى) دەپ سودىگەرچىلىك قىلاتتى ۋە باشقا سودىگەرلەرگە ئوخشاش نەپسى كويىغا كىرمەستىن، بەلكى پۇل تېپىپ خۇدانىڭ بەندىلىرىگە «زاكات» بېرەي، «زاكات»نىڭ ساۋابىدىن مەھرۇم قالماي، دەپ سودىگەرچىلىك قىلاتتى.

بىر كۈنى مۇرىتلىرىدىن بىرى: - ئەي خوجا، شۇنچە پۇل - مېلىڭىز تۇرۇپ، يەنە نېمە ئۈچۈن سودىگەرچىلىك قىلىسىز؟ دېدى. خوجا ئەبۇ نەسىر: - ئەي مۇرىت، ياخشى ئېيتىسىز، لېكىن مەن ئەقلىمگە كەلگەندىن بۇيان، پەيغەمبەرنىڭ «سۈننەت» (يول ئادىتى) لىرى مەندىن تاشلانمىدى، پەيغەمبەرنىڭ «سۈننەت» لىرىنى تاشلىمايمەن، خاھى سەپەردە، خاھى يۇرتتا تۇرغان ۋاقتىمدا بولسۇن، خەلققە «زاكات» بېرىپ نەپ (پايدا) يەتكۈزىمەن، سودىگەرچىلىك قىلمىسام، زاكاتنىڭ ئەجرىدىن مەھرۇم قالىمەن، ئەي مۇرىت، ئاڭلىدىڭمۇ؟ ئۇلۇغ پەيغەمبەر مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام مەسچىتتە ئولتۇراتتى، بىر نەچچە ساھابىلەر كىرىپ: ئەي خۇدانىڭ پەيغەمبىرى، باشقا ساھابىلەر باي بولغىنى ئۈچۈن زاكات بېرىپ زاكاتنىڭ ساۋابىنى تاپىدۇ، بىز يوقسۇل بولغانلىقىمىز ئۈچۈن زاكات بەرگىلى پۇلىمىز يوق. زاكاتنىڭ ساۋابىدىن مەھرۇم قالىمىز، «زاكات» ساۋابىنى ھاسىل قىلغۇدەك ئىشنى بۇيرۇسىڭىز، دەپ ئىلتىماس

قىلىشتى، مۇھەممەت پەيغەمبەر: ئەي ساھابىلەر، كۈندە ناماز بامداتنى ئوقۇپ بو-
لۇپ 33 قېتىم «لائىلاھە ئىللەللا-
ھۇ ۋەھدەھۇ، لاشەرىكەلەھۇ، لەھۇلمۇلكۇ ۋەلەھۇلھەمدۇ، ۋە ھۇ ۋە ئالاكۇللى شەيئىن
قەدىر» دېسەڭلەر، زاكات بەرگەننىڭ ساۋابىنى تاپىسىلەر، دەپ بۇيرۇدى، بۇ كەم-
بەغەل ساھابىلەر خۇشال بولۇپ، كۈندە ناماز بامداتتىن كېيىن «ساۋاق» قىلىپ
ئوقۇدىلەر، بىر نەچچە كۈندىن كېيىن، باي ساھابىلەر ئاڭلاپ ئۇلار ھەم ناماز بام-
داتتىن كېيىن «ساۋاق» قىلىپ ئوقۇدى، كەمبەغەل ساھابىلەر پەيغەمبەرنىڭ قېشىغا
كېلىپ: باي ساھابىلەر زاكات ساۋابىنى ۋە بىزنىڭ ساۋاقلىرىمىزنىڭ ساۋابىنى ھا-
سىل قىلىشىدۇ - دېگەندە، ھەزرىتى مۇھەممەت: زاكاتنىڭ ساۋابىنى خۇدا خالىغان
بەندىسىگە بېرىدۇ، مەن قانداق قىلاي - دەپ جاۋاب بەردى، بۇنىڭدىن مەلۇمكى، زاكاتتا
ساۋاب ناھايىتى كۆپ ئىكەن، شۇ سەۋەبتىن مەن سودىگەرچىلىكنى تەرك قىلمىدىم - دېدى.
دېمەك، ھەزرىتى خوجا ئەبۇ نەسىر سەپەرگە چىققىنىدا، كۆپ سېخىيلىك قىلىپ
خەلققە نان بېرەتتى، يۇرتتا تۇرغىنىدا، كۆپ تائەت - ئىبادەت قىلاتتى، كۈندە كېچە-
دە قۇرئاننى ئوقۇپ تامام قىلاتتى، چىشلىرىدىن چۈشكەن يورۇقتا ئىككى پارە قۇرئان
يازاتتى، بەش قېتىم تاھارەت ئېلىپ، ھەر رەكئەتكە سۈرە ياسىننى قىرائەت قىلىپ
32 رەكئەت ناماز ئوقاتتى.

خوجا ئەبۇ نەسىر بىر كۈنى ئولتۇرۇپ سەپەرگە بېرىشنى ئىختىيار قىلىپ، كې-
چىسى كۈندە قىلىدىغان تائەت - ئىبادەتلىرىدىن بوشاپ يېتىپ چۈش كۆردى، ھەزرى-
تى مۇھەممەت پەيغەمبەر: - ئەي ئەبۇ نەسىر، بۈگۈن سەپەرگە بېرىشنى قويغىل،
سەپەرگە بارىدىغان ۋاقىت بولغاندا ئۆزەم رۇخسەت بېرىمەن - دېدى. خوجا ئەبۇ
نەسىر ياخشى بولىدۇ - دېدى. ئالتە ئايدىن كېيىن، پەيغەمبەر يەنە: - ئەي خوجا
ئەبۇ نەسىر، ئەمدى سەپەرگە بارىدىغان ۋاقىت بولدى، تۈركىستان تەرەپكە بارغىل،
«تۈركىستان» دا خۇدانىڭ بىر ياخشى بەندىسى ۋە مېنىڭ بەخت - سائادەتلىك
ئۈممىتىم بار، ئۆزى كاپىر سۈرىتىدە، ئۇنىڭ ئۇلۇغ ئىسمى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان،
مەن مىئراجغا چىققان كېچىسى شۇنداق كۆردۈم، «ئەرش» نىڭ تۆپىسىدە نۇردىن
تەخت قويۇلۇپتۇ، ئۇ تەخت ئۈستىدە سۇتۇقنىڭ روھى ئولتۇرۇپتۇ، سېنىڭ روھىڭ
سۇتۇقنىڭ روھىغا ئىمان ۋە قۇرئاننى ئۆگىتىپ ئولتۇرىدۇ، مەن ئۇنى كۆرۈپ
ھەيران بولۇپ، پەرىشتە جەبرائىلدىن سورىدىم، جەبرائىل: - بۇ قۇرئان تەلىم
بېرىپ ئولتۇرغان روھ تۈركىستانغا بېرىپ، ئۇ روھنى مۇسۇلمان قىلغاندىن
كېيىن، تۈركىستان يۇرتىنىڭ خەلقىنى بۇ كىشى مۇسۇلمان قىلىپ كۆپ كىشىنى
ئىمانغا كىرگۈزىدۇ - دېدى. ئەي خوجا ئەبۇنەسىر، ئۇ ئۈممىتىمنىڭ مۇسۇلمان بولۇشى

سىنىڭ بىر ئىشىڭغا باغلىق. تەخىر قىلماي بارغىل - دەپ بىشارەت (خەۋەر) بەردى.

خوجا ئەبۇنەسىر ئۇيقۇدىن ئويغىنىپ، كۆرگەن چۈشىگە خۇشال بولۇپ خۇداغا تەشەككۇر قىلىپ، پەيغەمبەرگە دۇرۇت (رەھمەت) ئېيتىپ، ئاللە يىل رىيازەت (جاپا) بىلەن تائەت - ئىبادەت قىلىپ، پەيغەمبەرنىڭ روھى بىلەن كۈندە بىر قېتىم كۆرۈشۈپ تۇردى. بىر كۈنى خوجا ئەبۇ نەسىر «مەدىنە» دە پەيغەمبەر قەبرىسىدە تۇرۇپ: - سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان غازى دۇنياغا كەلدىمۇ؟ ئىزلەپ بارسام ئىكەن - دەپ ئۇيقۇغا كەتتى. چۈشلىرىدە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: - ئەي ئەبۇ نەسىر! قوپقىل، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان تۇغۇلدى، ئىزلەپ بارغىل - دەپ بىشارەت بەردى. شۇ زامان خوجا ئەبۇ نەسىر خۇشال بولۇپ يول جابدۇقىنى راسلاپ، ئوغلى خوجا ئوبۇلپەتتاھنى ھەمرا قىلىپ، 70 نەپەر ئۈۋەيسى (ئەۋلىيا) بىلەن تۈركىستان تەرەپكە سەپەر قىلدى. شەھەرمۇ شەھەر يۈرۈپ، سۇلتان سۇتۇقنى ئىزلىدى، ئەنجانغىچە كەلدى. بىر كىشى: - قەشقەر تۈرىسىنىڭ بىر ئوغلى بار، ئىسمى سۇلتان سۇتۇق، ئۇ تېخى كىچىك، سىنىڭ سۆزۈڭگە جاۋاب بېرەلمەس - دېدى. خوجا ئەبۇ نەسىر: - ئۇنىڭ كىچىكلىكىنىڭ ماڭا كارى چاغلىق، مېنىڭ ئۆزى بىلەن ئىشىم بار - دېدى. 300 كارۋان بىلەن قەشقەر تەرەپكە ماڭدى، نەچچە كۈندىن كېيىن قەشقەرگە يېتىپ كەلدى. سۇلتان سۇتۇقنى تېپىپ ئېيتىدىغان سۆزلىرىنى ئېيتىپ، قىلىدىغان ئىشلىرىنى قىلىپ ئىمانغا كىرگۈزدى (بۇ توغرىدىكى قىسسە ھەزرىتى سۇلتان سۇتۇقنىڭ ئۆز تەزكىرىسىدە بايان قىلىندۇ).

خوجا ئەبۇ نەسىر 70 يىل رىيازەت - مۇشەققەت بىلەن خۇداغا تائەت - ئىبادەت قىلغانلىقى ئۈچۈن، زەلالەتتىكى خەلقلەر (يولدىن ئازغان خەلقلەر) نى ئىمانغا (ئىسلامغا) كىرگۈزۈش مەنسىپىنى خۇدا بۇ خوجىغا بەردى. چۈنكى خۇدانىڭ دەرگاھىدا بىر كىشىنى ئىسلامغا كىرگۈزۈشنىڭ ساۋابىدىن ئۇلۇغ تائەت - ئىبادەت يوق ئىكەن. خوجا ئەبۇ نەسىر نەچچە يىل تەلەپ قىلىپ، ئاخىرى مۇراد - مەقسەتلىرىگە يېتىپ، خۇدانىڭ بەندىلىرىنى ئىمانغا كىرگۈزۈشكە مۇۋەپپەق بولدى.

خوجا ئەبۇ نەسىر ھەزرىتى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان بىلەن ئۇچراشقاندىن كېيىن، 12 يىل خۇدانىڭ ئىبادىتىگە مەشغۇل بولۇپ، بۇغراخاننى كامالغا يەتكۈزدى. خوجا ئەبۇنەسىر كۈندۈزى روزا تۇتۇپ، كېچىسى ناماز ئوقۇپ تائەت - ئىبادەت قىلىپ، 7 مىڭ كىشىنى مۇسۇلمان قىلدى. 70 كىشىنى تەربىيە قىلىپ كامالغا يەتكۈزدى، بۇ 70 كىشى ئارىسىدىن شەيخ نەجمىدىن ئەتتار كۆپرەك تەربىيە تاپقان ئىدى. ئەبۇنەسىر بۇ 70 كىشى بىلەن مۇۋەپپەقىيەت قازىنىپ مۇرادىغا يەتتى، 50 كىشىنى ئوقۇتۇپ ئالىم قىلدى. خوجا ئەبۇ نەسىر سامانى 80 يىل ئۆمۈر كۆرۈپ، پۈتۈن ئۆمرىنى خۇداغا

ئىبادەت قىلىپ ئۆتكۈزدى. ھەزرىتى ئابا بەكرى سىددىقنىڭ روھىدىن تەربىيە تېپىپ، «ئۇۋەيس» (ئەۋلىيا) بولغان ئىدى، شۇ سەۋەبتىن، ھەزرىتى ياقۇپ ئەلەيھىسسالامنىڭ يېشىنى ياشىدى. دائىم يىغا ـ زار، ئاھ! سۆزىدە بولۇپ يۈرەكلىرىنى كۆيدۈرەتتى.

ئەي دەرۋىش! ئاگاھ بولغىلكى، كۆڭلۈڭنى يۇقىرى تۇتقىل، تەكەببۇرلۇق (يوغانچىلىق) قىلساڭ، تەكەببۇرلۇقۇڭ توسالغۇ بولۇپ، خۇدانىڭ جامالىنى كۆرەلمەيسەن، سىر ـ ئەسرارىنى ئاڭلىيالمايسەن، تىرىشقىل، توسقۇنلۇقتىن قۇتۇلۇپ خۇدانىڭ جامالىنى كۆرۈشكە كۆزۈڭ ۋە قۇلىقىڭ ئېچىلسۇن!

رىۋايەتتە ئېيتىلىشىچە: خوجا ئەبۇ نەسىر مۇرىتلىرى بىلەن ئولتۇراتتى، بىر كىشى كىرىپ: ـ ئەي خوجا ئەبۇ نەسىر، خۇشخەۋەر بولسۇنكى، خۇدا ساڭا «قۇتبى» (بۈيۈك ئەۋلىيالىق) مەنسىپىنى بېرىدۇ ـ دەپ خەۋەر بەردى. خوجا ئەبۇ نەسىر بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ كۆپ يىغلاپ: ـ ئىبارا خۇدايا، بۇ گۇناھكار بەندەڭنىڭ قۇتبىلىق كىيىمىنى كىيىشكە لاياقىتى يوق، چۈنكى تېنىم يۈز مىڭ گۇناھ بىلەن بۇلغانغان ـ دەپ پەرىشان ھالدا ئولتۇراتتى، بىر ئاۋاز ئاڭلانىدى: ـ ئەي خوجا ئەبۇ نەسىر! خۇدانىڭ رەھمىتىدىن بىر قەترىسى (تامچىسى) ھەر قانچە گۇناھقا بۇلغانغان تەنگە تامسا ئۇنى پاك قىلىدۇ، بىر تەن دائىم خۇدانىڭ بەندىلىكىدە بولسا، نېمە ئۈچۈن قۇتبىلىك كىيىمىنى كىيىشكە يارىمىسۇن! خوجا ئەبۇ نەسىر بۇ سۆزنى ئاڭلاپ كۆپ خۇشال بولۇپ، تاھارەت ئېلىپ ـــ يۇيۇنۇپ، تۆت رەكەت ناماز ئوقۇپ «قىبلە» تەرەپكە قاراپ ئولتۇرغان ئىدى. بىر نەچچە «ئۇۋەيس» (ئەۋلىيا) ھازىر بولۇپ، «قۇتبىلىق» كىيىمىنى خوجا ئەبۇ نەسىرگە كىيگۈزۈپ، قۇتبىلىق ئورنۇندا ئولتۇرغۇزۇپ غايىب بولۇپ كەتتى. خوجا ئەبۇ نەسىر ئۆيىدىن چىقىپ تۇراتتى، شەيخ نەجمىددىن ئەتتار ئورنىدىن تۇرۇپ: ـ ئەي بۇزرۇكۋار، «قۇتبى» بولغانلىرىڭىزغا مۇبارەك بولسۇن ـ دېدى. خوجا ئەبۇ نەسىر: ـ ئەي نەجمىددىن ئەتتار، ماڭا قۇتبىلىك كەلگەنلىكىنى نەدىن بىلدىڭىز؟ دېدى. سىز قۇتبىلىك كىيىمىنى كىيگەندە مەن ھازىر ئىدىم ـ دەپ جاۋاب بەردى، نەجمىددىن.

خوجا ئەبۇ نەسىر يەتتە يىل ئالتە ئاي «قۇتبى» بولدى. كىشىلەرگە ئارىلاشماي بىر بۇلۇڭدا ئولتۇرۇپ ھايات ئۆتكۈزدى. مەلۇم بولسۇنكى: بىر كۈنى خوجا ئەبۇ نەسىر ئولتۇراتتى، بىر كىشى كىرىپ سالام بېرىپ: ـ ئەي خوجا، مەن جان ئالغۇچى، سىزدىكى ئامانەتنى ئالغىلى كەلدىم ـ دېدى، خوجا ئەبۇ نەسىر دېدىكى: ـ ماڭا نېمە تەئەددى (تەنە). قىلىسىز، خۇدانىڭ ئەمرى بىلەن جان ئېلىشقا كەلگەن ئەلچى ئەۋلىيالارنىڭ ئالدىغا مۇنداق تەئەددى (تەنە) بىلەن كەلمەيدۇ، خۇدانىڭ ئەۋـ

لىيالىرى خۇدانىڭ جامالىنى ئارزۇ قىلىدۇ، تېنى بىلەن ئىشى يوق. مەن ھەم كۆز تۇتۇپ تۇرغان ئىدىم، ياخشى كەلدىڭىز. ئامانەتنى ئېلىشقا مەشغۇل بولۇڭ - دەپ جاننى خۇداغا تاپشۇردى. سائەتتىن كېيىن، يېقىن خىزمەتكارلىرىدىن بىرى كىرىپ قارىسا، خوجا ئەبۇنەسىر يۈزلىرىگە نىقاب تارتىپ، قىبلە تەرەپكە قاراپ ئاياقلىرىنى ئۇزىتىپ يانپاشلاپ يېتىپتۇ. بۇ خىزمەتكار ھەيران بولدى، چۈنكى خوجا ئەبۇنەسىر ئادەتتە ئاياقلىرىنى ئۇزىتىپ ياتمايتتى. خىزمەتكار: - بۈگۈن خوجا مۇشۇنداق ياتقان بولسا كېرەك - دەپ ئويلاپ، بىردەم تۇرۇپ يېقىن كېلىپ قارىسا، خوجا ئەبۇنەسىر ۋاپات بولۇپتۇ. خىزمەتكار پەرياد ئېتىپ، ئوغلى خوجا ئوبۇلپەتتاھ ۋە سۇلتان سۇتۇق بۇغراخانغا خەۋەر قىلدى، ھەممە ئادەملەر بىلەن كېلىپ تەزىيە تۇتتى. بىر مۇرىت سۇتۇق بۇغراخاندىن: - خوجا ئەبۇ نەسىرنى كىم يۇيىدۇ؟ دەپ سورىدى. سۇلتان سۇتۇق خوجا ئەبۇنەسىرنىڭ ئالدىغا كېلىپ يۈكۈنۈپ ئولتۇردى، خوجا ئەبۇنەسىرنىڭ كۆكرىكىدىن: - مېنى شەيخ نەجمىددىن بىلەن ئوغلۇم يۇيسۇن - دەپ ئاۋاز كەلدى. سۇتۇق بۇغراخان: - مەن ھەم ئوغلى، مېنى ھەم قوشۇپ دېدى - دەپ خۇشال بولدى.

ئەبۇ نەسىر سامانىينىڭ جەسىتىنى سۇلتان سۇتۇق ۋە شەيخ نەجمىددىن، خوجا ئوبۇلپەتتاھلار بىرلىكتە يۇيۇپ جىنازىغا سېلىپ، ئىززەت - ھۆرمەت بىلەن نامازگاھقا ئېلىپ بېرىپ، ئاممىۋى خەلقتىن 10 مىڭ 700 كىشى، دەرۋىشلەردىن 100 كىشى بىلەن نامىزىنى ئوقۇپ، «مەشھەد» دېگەن جايدا دەپنە قىلدى. ئەبۇ نەسىر دۇنيادىن ئۆتكەندە، ھىجرىيە تارىخقا 350 (ھىجرىيىنىڭ 350 - يىلى) ئىدى، شۇ كېچىسى دەرۋىشلەردىن بىرى قارىسا، ئەبۇ نەسىر بىر ئاق سەللە ئوراپ، ئاق كىيىم كىيىپ، ئاق ئاتقا مىنىپ، تىرىكلىكىدە غازاتقا چىققانلىرىغا ئوخشاش كۆرۈندى. دەرۋىش: - ئەي خوجا ئەبۇ نەسىر، خۇدا سىزگە نەدىن جاي بەردى؟ دەپ سورىدى. خوجا ئەبۇنەسىر: - خۇدا ماڭا ئەڭ ئالىي جەننەتتىن جاي بەردى، «كەربالا» ① دا غازات قىلىپ شېھىت بولغانلارنىڭ دەرىجىسىنى بەردى، مەن بۇرۇنقى ئۆتكەن غازىلارغا ئوخشاش جەڭ قىلالىغىنىم ئۈچۈن، بۇ ئۇلۇغ جەننەتكە ئىگە قىلدى، سەن ھەم ماڭا ئوخشاش غازات قىلساڭ، مەن تاپقان دۆلەتكە ئىگە بولۇرسەن، ئەي دەرۋىش! مېنىڭ مۇرىتلىرىمغا ئېيتقىل، خۇدا يولىدا غازات قىلىشقا مەشغۇل بولسۇن، خۇدا ئۈچۈن جەڭ قىلغان غازىدا ئون ئەۋلىيانىڭ مەرتىۋىسى بولىدۇ - دېدى.

---

① كەربالا - باغداد (ئىراق) نىڭ جەنۇبىدا قۇملۇق بىر جاي بولۇپ، مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ نەۋرىسى ئىمام ھۈسەين ۋە ئۇنىڭ تەرەپدارلىرى خاۋارىجلار بىلەن ئۇرۇشۇپ ھۈسەين ئۆلتۈرۈلگەن يەر.

## خاقان ۋە خاقان ئوغلى سۇلتان سۇتۇق
## بۇغراخاننىڭ تەزكىرىسى

بۇ زات — كاپىرلىقنى، گۇناھنى يوق قىلغۇچى، شەرىئەتكە راۋاج بەرگۈچى، ئۇ، دىن — ئىسلامنىڭ راۋاجى ئۈچۈن ھەممە كاپىر - مۇناپىقلارنى ئۆلتۈرۈۋەتتى، قىلىچلىرىنىڭ يۈزى كاپىرلار ئارىسىدا مەشھۇر ئىدى. ھەزرىتى مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامدىن تەربىيەت تېپىپ، كۆپ خەلققە يول كۆرسىتىپ، مەقسەتلىرىنى ھاسىل قىلىپ، مەزلۇم (مەھكۇم) لەرنىڭ دادىغا يېتىپ، بىچارىلەرگە يېقىن بولۇپ، غېرىبلارغا رەھىم قىلىپ، تاشلىنىپ قالغانلارنى كۈتۈۋەتتى. بۇ زاتنىڭ تەرىپلىرىنى قىلىشقا ئاراتور (ناتىق) لارنىڭ تىلى ئاجىز ۋە ھۆسن - جامالىنى تەرىپ قىلىشتا پەم ئىدراك ھەيران، ئۇنىڭ بىلىمىنى بايان قىلىشتا كامىللارنىڭ ئەقلى سەرگەردان ئىدى. مۆجىزىلىك تىلى غايىب سىر - ئەسرارنىڭ ئاچقۇچى، خۇدانىڭ قۇرئانىنى ئىزاھلاپ بەرگۈچى بولۇپ، بۇ زاتنىڭ ئالدىدا ھەر قانداق ناتىقنىڭ تىلى لال ئىدى. ھەر قانداق پەزىلەتلىك زاھىت ئادەملەر بۇ زاتنىڭ تەقۋادار (پەرھىزكار) لىقى ئالدىدا يوقنىڭ ئورنىدا ئىدى. جاھانغا زىننەت بېرىدىغان جامالىدىن ئاي، كۈن خىجىل ئىدى. ئۇنىڭ ۋۇجۇدى ئالەم خەلقىگە راھەت ئىدى. خۇدا ئۇنىڭغا رۇستەمنىڭ كۈچ-قۇۋۋىتىنى، ھەزرىتى ئەلىنىڭ ھىممىتىنى، ئىمىر ھەمزىنىڭ جۈرئىتىنى بەردى. ئۇ، جاھىل ۋە يولدىن ئازغان ئادەملەرنى توغرا يولغا سالاتتى. خۇدا بۇ زاتنى شۇنداق يارىتىپتىكى، مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ دىن، مىللەتلىرىنىڭ ئاچقۇچىنى ئۇنىڭ قولىغا بەردى. بۇ زات دۇنياغا كەلمەستىن بۇرۇن، «مىئراج كېچىسى» روھلىرىنى خۇدا مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامغا پەيغەمبەرلەر قاتارىداكۆرسەتتى. مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام:- بۇ قايسى پەيغەمبەرنىڭ روھى؟ دەپ جەبرا ئىلدىن سورىغاندا، جەبرائىل: - بۇ، پەيغەمبەرنىڭ روھى ئەمەس، سىزنىڭ ئۈممىتىڭىزنىڭ روھى، سىز دۇنيادىن ۋاپات بولۇپ 333 يىلدىن كېيىن دۇنياغا كېلىپ، تۈركىستان ۋىلايىتىدىكى كاپىرلارنى ئىسلامغا كىرگۈزۈپ، شەرىئىتىڭىزنى خەلق ئىچىدە ئاشكارا قىلىدۇ، بۇ — سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان - دەپ جاۋاب بەردى. مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام: - ئەي جەبرائىل، بۇ ئۈممىتىمنىڭ روھىنى پەيغەمبەرلەر قاتارىدا قىلىشىنىڭ سەۋەبى نېمە؟ دېدى. جەبرائىل:- ئەي خۇدانىڭ پەيغەمبىرى، ئۇنىڭ روھى ئىككى سەۋەبتىن پەيغەمبەرلەر قاتارىدا تۇرغۇزۇلغان: (1) سىزنىڭ شەرىئىتىڭىزنى خەلق ئىچىدە ئاشكارا قىلىپ، شەرىئەت ھۆكۈملىرىنى ھەممىگە يەتكۈزىدۇ؛ (2) بەزى پەيغەمبەرلەر ئىككى كىشىدىن زىيادە ئادەمنى مۇسۇلمان قىلالماي ئالەمدىن ئۆتكەن بولسا، بۇ ئۈممىتىڭىز سان-ساناقسىز

ئادەمنى مۇسۇلمان قىلىدۇ - دەپ جاۋاب بەردى. مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام خۇش بولۇپ: - تۈركىستان ۋىلايىتىدىن خاتىرجەم بولدۇم، چۈنكى كۆڭلۈمدە تۈركىستان ۋىلايىتى مۇسۇلمان بولماي، ئىمان دۆلىتىدىن بىنەسىپ قالدى، ئىسلامنىڭ قىلىچى يەتمىدى، قىيامەت كۈنى تۈركىستان تەرىپىدىكى ئۈممەتلىرىمنىڭ ئەھۋالى نىچۇك بولۇر؟ دەپ پەرىشان ئىدىم-دەپ، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ روھلىرىنى تەربىيەت قىلىشقا مەشغۇل بولدى. سۇتۇقنىڭ روھىغا كۈندە توختاتماي دۇئا قىلاتتى، ساھابىلەر قوشۇلۇپ «ئامىن!»دەيتتى. ساھابىلەر مۇھەممەتنىڭ كىمنىڭ ھەققىدە دۇئا قىلغانلىقىنى بىلمەيتتى. بىر كۈنى مائاز جەبەل ئوغلى: - ئەي خۇدانىڭ پەيغەمبىرى، كىمنىڭ ھەققىگە دۇئا قىلىسىز؟ دەپ سورىدى، ھەزرىتى پەيغەمبەر: - ئەي مائاز، تۈركىستان تەرىپىگە ئىسلامنىڭ قىلىچى يەتمەي، ئۇلار مۇسۇلمان بولماي قالدى، دەپ كۆڭلۈم كۆپ خىجالەتتە ئىدى، مىئراجىدا «ئەرش» نىڭ تۈۋىدە پەيغەمبەرلەرنىڭ روھلىرى قاتارىدا بىر روھنى كۆرۈپ، بۇ قايسى پەيغەمبەرنىڭ روھى؟ دەپ جەبرائىلدىن سورىدىم، جەبرائىل: بۇ — پەيغەمبەرنىڭ روھى ئەمەس، بەلكى تۈركىستان تەرىپىدىكى خەلقنى مۇسۇلمان قىلىدىغان ئۈممىتىڭىزنىڭ روھى، دېدى، شۇندىن بېرى شۇ ئۈممىتىمنىڭ ھەققىدە دۇئا قىلىمەن - دېدى. جەبەل ئوغلى مائاز ئورۇنلىرىدىن تۇرۇپ: - ئەي خۇدانىڭ پەيغەمبىرى، پەيغەمبەرلىرىڭىز راست ۋە بەرھەق، دۇئايىڭىز ئىجاۋەت، خۇدا دۇنيا ۋە ئاخىرەتنى سىز ئۈچۈن ياراتتىپتۇ، دۇئا قىلسىڭىز، بىز «ئامىن»دېسەك، سۇتۇق بۇغراخاننىڭ روھى بۇيەرگە ھازىر بولسا، كۆزىمىز بىلەن ئۇ كىشىنىڭ روھىنى ھەم جامالىنى كۆرسەك، بىزنىڭ كۆڭلىمىزمۇ تۈركىستان تەرىپىدىن خاتىرجەم بولسا - دەپ ئىلتىماس قىلدى.

ھەزرىتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام بۇ ئىلتىماسنى قوبۇل قىلىپ يىغا-زار بىلەن دۇئا قىلدى. بىر سائەتتە 41 نەپەر يېگىت باشلىرىغا كىگىز قالپاق كىيىپ، تۆت تۈيىقى ئاق قاراقاشقا ئارغىماققا مىنىپ، جەڭ قوراللىرىنى تاقاپ بىر تەرەپتىن پەيدا بولۇپ، پەيغەمبەرگە سالام بېرىپ تۇردى. ھەزرىتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: - ئەي ساھابىلەر! تۈركىستان تەرەپتىكى خەلقلەرنى مۇسۇلمان قىلىدىغان سۇلتان سۇتۇقنىڭ روھى ئەنە شۇ - دەپ كۆرسەتتى. ھەممە ساھابىلەر سۇتۇقنىڭ روھىنى كۆرۈپ: - خۇداغا شۈكرى، بۇ جامائەنىڭ قولىدا ھەر قانداق قىيىن ئىشلار ئاسان بولىدۇر - دەپ خۇشال بولۇپ تەبرىكلىدى، دۇئا قىلىپ رۇخسەت بەردى. سۇلتان سۇتۇقنىڭ روھى غايىب بولدى. ھەزرىتى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام: - ئۇ 41 كىشىنىڭ بىرسى — خوجا ئەبۇ نەسىر سامانىي، ئۇ «ئەرش» تە سۇلتان سۇتۇقنىڭ روھىغا ئىمان، قۇرئان تەلىم بېرىپ تۇراتتى، ھازىر

ھەم ھەمرا بولۇپ كېلىپتۇ، سۇتۇق دۇنياغا كەلگەندە، شۇ كىشى ئىمانغا كەلتۈرىدۇ – دېدى. شۇ زامان ساھابىلەر: «پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام دۇنيادىن كېتىپ 333 يىلدىن كېيىن، تۈركىستاندا سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ناملىق كىشى دۇنياغا كېلىپ، 12 ياشتا مۇسۇلمان بولۇپ، ناھايىتى كۆپ خەلقنى مۇسۇلمان قىلىپ، غازىلىق سۈپىتىدە بولىدۇ» دەپ تارىخ خاتىرە قىلىپ قويدى. پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام يەنە: – تۈركلەردىن ئەڭ ئاۋۋال سۇتۇق بۇغراخان مۇسۇلمان بولىدۇ – دېدى.

نەچچە زاماندىن كېيىن، خوجا ئەبۇ نەسىر بۇ دۇنياغا كېلىپ، زاھىر ئىلىمنى ئوقۇپ يۈردى. مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ ھەدىسلىرىنىڭ مەزمۇنىدىن ئاگاھ بولۇپ، بۇ قانداق كىشىدۇ ؟ دەپ، كۆرمەي تۇرۇپ ئاشىق بولدى. تارىخقا قارىسا، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ دۇنياغا كېلىشىگە ئاز ۋاقىت قاپتۇ، ئىشقىلىرى غالىب بولۇپ، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ رۇخسىتى بىلەن سۇلتان سۇتۇقنى ئىزلەپ تۈركىستان تەرەپكە سەپەر قىلدى (بۇ سۆزنى VI – بابتا بايان قىلدۇق).

مەلۇم بولسۇنكى، سۇتۇق بۇغراخان دۇنياغا كېلىشىدە، پۈتۈن ئاسماندىكى پەرىشتىلەر: – شۇنداق بىر زات بۇ كاساپەت دۇنياغا كېتىپ بارىدۇ، ئۇنىڭ ئەھۋالى نېمىچۈك بولۇر ؟ دەپ ئەپسۇسلاندى. بىر پەرىشتە: – بۇ زات خالىغاننى قىلىدۇ – دەپ جاۋاب بەردى. ھەزرىتى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان دۇنياغا كەلگەن كۈنى، خۇدانىڭ ئەمرى بىلەن يەر – زېمىن تەۋرەشكە باشلىدى، سۇلار تېشىپ ئاقتى، قىش ۋاقتى ئىدى، گۈللەر ئېچىلدى، كاپىرلارنىڭ پەيلاسوپلىرى قورقۇپ سېلىپ: – بۇ بالا جاھانگىر بولۇپ، مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنلىرىغا كىرىدۇ – دېدى، كاپىرلار بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، سۇلتان سۇتۇقنى ئۆلتۈرۈشكە قەست قىلدى. ئانىسى: – ئەي كاپىرلار! بۇ ئوغلۇمنىڭ مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىغا كىرىشىنى قانداق بىلىسىلەر، چوڭ بولغاندا مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىغا كىرسە، ئىختىيار سىلەردە – دەپ ئۆلتۈرگىلى قويمىدى.

سۇلتان سۇتۇق يەتتە ياشقا كىرگەندە ئاتىسى ئۆلدى، ئانىسىنى سۇتۇقنىڭ ئاتىسىنىڭ بىر تۇغقىنى — ھارۇن بۇغراخان ئالدى. سۇتۇق بۇغراخاننى بەش يىل تەربىيە قىلدى، سۇتۇق بۇغراخان 12 ياشقا كىردى، بۇ ۋاقىتقىچە، كاپىرلىق شەكلىدە 39 كىشى بىلەن سۆھبەت قىلاتتى. ئۇشتۇمتۇت بىر كۈنى سۇتۇق بۇغراخان 40 كىشى بىلەن ئوۋ – ئوۋلاش ئۈچۈن چىقتى، ئۇ ئوۋ – ئوۋلاپ يۈرگەندە، بىر تۈپ تىكەننىڭ تۈۋىدىن بىر توشقان چىقىپ قاچتى، سۇتۇق بۇغراخان ھەمرالىرىدىن ئايرىلىپ توشقاننى قوغلىدى، توشقان بىر قېرى ئادەم سۈرىتىدە بولۇپ: – ئەي ئوغلۇم! خۇش كەلدىڭىز، سىز بىلەن كۆرۈشۈش ئۈمىدىدە ئىدىم، خۇداغا شۈكرى، سىزنى يالغۇز

ئۇچراتتىم، ئاتتىن چۈشۈڭ. نەچچە ئېغىز سۆزۈم بار سىزگە ئېيتاي - دېدى. سۇتۇق بۇغراخان بۇ ۋەقەنى كۆرۈپ ھەيران بولدى، دەرھال ئاتتىن چۈشۈپ، بۇ كىشىنىڭ ئالدىغا كېلىپ ئەدەپ بىلەن ئولتۇردى. بۇ كىشى: - نېمە ئۈچۈن كاپىرلىقنى ئۆزەڭگە لازىم قىلۇرسەن؟ ئۆزەڭگە مەلۇم، سېنى ياراتقان خۇدا بار، شۇ خۇدانىڭ ئەمرىنى تۇتۇپ، مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ يوللىرىدا يۈرگىل - دەپ نەسىھەت قىلدى. سۇتۇق بۇغراخان بۇ سۆزنى ئاڭلاپ: بۇ قانداق كىشى، نېمە سۆزلەرنى ئېيتىدۇ، بىزنىڭ يۇرتىمىزدا مۇنداق سۆزلەر يوق ئىدى، نەدىن پەيدا بولدى؟ دەپ ھەيران بولۇپ: - ئەي ئۇلۇغ ئادەم! ماڭا نېمە سۆزلەرنى ئېيتتىڭىز، بۇ سۆزلەردىن غەرىزى-ڭىز نېمە؟ دېدى. قېرى ئادەم: - ئەي ئوغلۇم! مېنىڭ غەرىزىم — سىزنىڭ بۇ نازۇك بەدىنىڭىزنىڭ دوزاخ ئوتىدا كۆيۈشىدىن ئېچىنىمەن - دېدى. سۇتۇق بۇغراخان: - دوزاخ دېگەن نېمە؟ دەپ سورىدى. قېرى كىشى: - دوزاخ دېگەن شۇنداق جايكى، ئۇنىڭدا ئوت، يىلان - چايانلار بار، كاپىرلارنى، گۇناھكارلارنى سېلىپ خىلمۇ خىل ئازابلار بىلەن ئازابلايدۇ - دېدى. سۇتۇق بۇغراخان بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ كۆڭلىگە قورقۇنچ چۈشۈپ: - ئەي قېرى كىشى! ئېيتىڭ ئېيتقۇلۇقنى، مەن ھەم ئېيتاي - دېدى. قېرى كىشى سۇتۇق بۇغراخانغا ئىمان كەلىمىسىنى ئۆگەتتى. سۇتۇق بۇغراخان: - بۇ سۆزنىڭ مەنىسى نېمە؟ دېدى. قېرى كىشى: - ئەي ئوغلۇم! بۇ سۆزنى ھەركىم ئېيتسا، مۇسۇلمان بولۇپ جەننەتكە كىرىدۇ، جەننەتتە ھۆر قىزلار، غىلمانلار، ئاجايىپ ئىمارەتلەر، تاماقلار، شارابلار سان-ساناقسىزدۇر، ھەركىشى بۇ سۆزنى ئېيتمىسا، دوزاققا سېلىنىپ خىلمۇ خىل ئازابلار بىلەن ئازابلىنىدۇ - دېدى. سۇتۇق بۇغراخان: - بۇ سۆزىڭىزنى قوبۇل قىلدىم، لېكىن بالا-غەتكە يەتكىنىمدە ئېيتاي - دېدى. قېرى ئادەم: - ئەي پەرزەنت! سىز بالاغەتكە يەتكىچە ئۆگىنىدىغان سۆز كۆپ، ئەمما ھازىر ئېيتىدىغان سۆز شۇ - دېدى. سۇتۇق بۇغراخان: - ئەي قېرى كىشى، كۈندە بىر قېتىم كەلسىڭىز ئېيتاي - دېدى. قېرى كىشى: - ئەي ئوغلۇم، بۇ ئارزۇيىڭىز پات ئارىدا ھاسىل بولىدۇ - دېدى. سۇتۇق بۇغراخان: - ئۇنداق بولسا، مەن ئىماننى شۇ كىشىنىڭ ئالدىدا ئېيتاي - دېدى. ئاخىرى، قېرى كىشى ئۇنىماي، سۇتۇق بۇغراخانغا «ئىمان كەلىمىسى» نى ئېيتقۇزى. ئەمما «كەلىمە شاھادەت»نى ئېيتقۇزماي، ئۇنى ئەبۇ نەسىر سامانىغا قالدۇردى. قېرى كىشى بولسا خىزىر پەيغەمبەر ئىدى. سۇتۇق بۇغراخان «ئىمان مۇجمەل»، «ئىمان مۇپەس-سەل» ۋە باشقا ئىلىملەرنى خوجا ئەبۇنەسىر سامانىدىن ئۆگەندى. ئەبۇ نەسىر سامانى بىلەن ئۇچراشقىچە، مۇسۇلمان بولغانلىقىنى ئاشكارا قىلمىدى.

سۇتۇق بۇغراخانغا «كەلىمە تەييىبە» نى تەلىم بېرىپ خىزىر پەيغەمبەر غايىب بولدى. ھەزرىتى سۇلتان ئوۋدىن قايتىپ ئوردىسىغا يېنىپ كەلدى. نەچچە كۈندىن

كېيىن، سۇتۇق بۇغراخان 39 كىشى بىلەن يەنە ئوۋغا چىقتى، ئوۋئوۋلاپ ئاستىن ئاتۇشتا «بەقۇ» دېگەن جايغا چۈشتى. قارىسا، قۇش سۇرەت پاكىز كىيىنگەن بىر نەچچە كارۋانلار ئوتلاقتا چۈشۈپتۇ، سۇتۇق بۇغراخان بۇ كارۋانلارنى كۆرۈپ، بىزنىڭ شەھىرىمىزدە مۇنداق كارۋانلار يوق ئىدى، دەپ ھەيران بولۇپ: — يۈرۈڭلار، بېرىپ سوراپلى، بۇ كارۋان قەيەردىن كېلىپتۇ، يىراق يەردىن بىزگە خۇشخەۋەر ئېلىپ كەلگەنمىكىن — دەپ كارۋان تەرەپكە كەلدى. بۇ كارۋان خوجا ئەبۇ نەسىر سامانى ئىدى.

خوجا ئەبۇ نەسىر سامانى قارىسا بىر نەچچە ئاتلىق كېلىۋاتىدۇ، مەلۇم بولدىكى، ئۇ «تارىخ»تا كۆرگەن سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان ئىكەن، «ئەلھەمدۇلىللا، تەلىپىم ھاسىل بولدى» دەپ خۇشال بولۇپ، دەرھال خىزمەتكارلىرىغا: — دۇنيا ھەم ئاخىرەتنىڭ سۇلتانى، مېنىڭ مەقسىتىم كېلىۋاتىدۇ، مېنىڭ بۇ يەرگە كېلىشىمدىكى سەۋەب ئەنە شۇ زات ئۈچۈن ئىدى، ئەي خىزمەتكار! يۈكنى ئېچىپ، پادىشاھ زاتىغا مۇناسىپ بىر تۆھپە ئېلىپ كېلىڭلار — دەپ بۇيرۇدى. خىزمەتكارلار دەرھال يۈكنى ئېچىپ تۆھپە — سوغات ئېلىپ كەلدى. شۇ ۋاقىتتا كارۋانلار ئارىسىدىن بىرى تۇرۇپ «ئەزان» ئوقۇدى، يۈكلىرى ئوچۇق ھالەتتە ھەممە نامازغا تۇردى. ناماز ئوقۇپ بولغاندىن كېيىن ئورۇنلىرىغا كېلىپ ئولتۇردى. تا شۇ ۋاقىتقىچە سۇتۇق بۇغراخان ئات ئۈستىدە قاراپ تۇردى.

سۇتۇق بۇغراخان ھەيران قېلىپ: ئاجايىپ كارۋانلار ئىكەن، يۈكلىرى ئوچۇق تۇرۇپ بىزدىن پەرۋا قىلماي، بېشىنى يەرگە ئۇرىدۇ، دەپ ئەنسىدىشىدە تۇراتتى. خوجا ئەبۇ نەسىر سامانى سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئالدىغا يەتتە قەدەم ئىلگىرىلەپ بېرىپ سالام قىلدى. ھەزرىتى سۇلتان ئاتتىن چۈشۈپ خوجا ئەبۇ نەسىر بىلەن كۆرۈشتى. خوجا ئەبۇ نەسىر سۇلتان سۇتۇقنى ئىززەت — ھۆرمەت بىلەن يانلىرىغا تەكلىپ قىلىپ، ماللارنىڭ ھەر قايسىسىدىن بىر جۈپتىن تەقدىم قىلدى. ئاندىن كېيىن خوجا ئەبۇ نەسىر سۇتۇق بۇغراخانغا نەسىھەت قىلىشقا باشلىدى، سۇتۇق بۇغراخان جان — دىلى بىلەن قوبۇل قىلدى، چۈنكى سۇتۇق بۇغراخانغا خىزىر پەيغەمبەر مۇسۇلمانچىلىقنى سىزگە بىر كىشى كېلىپ ئۆگىتىدۇ، دېگەن ئىدى. سۇتۇق بۇغراخان خوجىنىڭ ئىسمىنى سورىدى، خوجا: — ئىسمىم خوجا ئەبۇ نەسىر سامانى — دېدى. سۇتۇق بۇغراخان: خىزىر پەيغەمبەر بىشارەت بەرگەن شۇ كىشى ئىكەن — دە، دەپ خۇشال بولۇپ: — ئەي بوۋا، ھەر قانداق تەربىيە — نەسىھەتلىرىڭىزنى قوبۇل قىلاي، بىز ئاتلىق تۇرغاندا يۈكلىرىڭلارنى ئوچۇق قويۇپ، بىزدىن پەرۋا قىلماي باشلىرىڭلارنى يەرگە ئۇرۇشقا مەشغۇل بولدۇڭلار، بۇ ئىشنىڭ ھەققىدە خەۋەر بېرىڭ — دېدى.

خوجا ئەبۇ نەسىر: — ئەي شاھزادە! بۇدۇنيا تۇرىدىغان يەر ئەمەس، ھەممە كىشى كېتىدۇ، بۇ دۆلەت كىشىگە ۋاپا قىلمايدۇ، بەلكى ھەممىسى دۈشمەن، چۈنكى قىيامەت كۈنى پۇل-مال سەۋەبىدىن ئادەم دوزاخقا كېتىدۇ، ھەممىمىز مۇساپىردۇرمىز، چۈنكى سەپەرگە ئوزۇق-جابدۇق لازىم، بىز بېشىمىزنى يەرگە ئۇرۇپ ناماز ئوقۇپ ئاخىرەت سەپىرىگە ئوزۇق قىلىمىز، ئاخىرەتنىڭ جابدۇقىنى قىلىدۇق — دەپ جاۋاب بەردى. سۇتۇق بۇغراخان: — «ئاخىرەت» دېگەن نېمە؟ دەپ سورىدى. خوجا ئەبۇنەسىر: — «ئاخىرەت» چىرايلىق قىزلار، رەڭمۇرەڭ مېۋە، تاماقلار، ياخشى كىيىملەر، چىرايلىق ياخشى ئىمارەتلەر بار جاي بولۇپ، بۇ دۇنيادا بەش ۋاخ ناماز ئوقۇغان كىشىگە خۇدا شۇنداق نەرسىلەرنى بېرىدۇ، «زاق» دېگەن ئوت، يىلان-چايان ۋە باشقىلار بار جاي، بۇدۇنيادا بەش ۋاخ ناماز ئوقۇمىسا، شۇ جايغا سېلىپ ئازاب قىلىدۇ — دەپ جاۋاب بەردى.

ھەزرىتى سۇتۇق بۇغراخان خوجا ئەبۇنەسىردىن بۇ سۆزلەرنى ئاڭلاپ كۆڭلىگە بىر قورقۇنچ پەيدا بولۇپ: — ئەي خوجا، نېمە دېسە مۇسۇلمان بولىدۇ؟ دەپ سورىدى. خوجا ئەبۇ نەسىر: — «ئەشھەدۇ ئەنلا ئىلاھە ئىللەللاھۇ، ۋەھدەھۇ، لاشەرىكەلەھۇ ۋە ئەشھەدۇ ئەننە، مۇھەممەدەن، ئابدۇھۇ ۋەرەسۇلەھۇ» دەڭ — دېدى. سۇتۇق بۇغراخان بۇ «كەلىمە» نى ئېيتىپ: — «مۇھەممەت» دېگەن كىم؟ دەپ سورىدى. ھەزرىتى خوجا ئەبۇ نەسىر: — «مۇھەممەت» دېگەن خۇدانىڭ دوستى، دۇنيا-ئاخىرەتنى خۇدا شۇ مۇھەممەت پەيغەمبەر ئۈچۈن ياراتتى، ئۇ، قىيامەت كۈنى گۇناھكارلارنى دوزاختىن قۇتقۇزۇپ جەننەتكە ئېلىپ بارىدۇ، مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنى راست، ئۇنىڭ شەرىئىتى ئۆزگە پەيغەمبەرلەرنىڭ دىنلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرغان، ھەر قانداق كىشى مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام يۈرگەن يولدا يۈرسە مۇرادىغا يېتىدۇ — دېدى. سۇتۇق بۇغراخان: — يولدىن ئازغانلارغا بۇ سۆزدىن باشقا سۆز بولسا ئۆگىتىڭ، مەن ياد ئېلىپ خۇدانىڭ تائەت-ئىبادىتىگە مەشغۇل بولاي — دېدى. سۇتۇق بۇغراخانغا «ئىمان مۇجمەل»، «ئىمام مۇپەسسەل»، «كەلىمە كۇفرى»، «دۇئايى قۇنۇت»، «ئەتتاھىياتۇ»، «سۈرە پاتىھە»، «سۈرە ئىخلاس» نى ئۆگەتتى. سۇتۇق بۇغراخان 39 كىشىنى بىر-بىرىدىن چاقىرىپ كېلىپ: — ئەي دوستلار! ئەگەر مېنىڭ دوستلۇقۇمنى خالىساڭلار مۇسۇلمان بولۇڭلار، ھەزرىتى مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ «دىن» ى ھەممىدىن ئۇلۇغ، شۇ «دىن» غا كىرىڭلار — دەپ نەسىھەت قىلدى. بۇ 39 كىشى بەزىسى ئۆز ئىختىيارى بىلەن، بەزىسى سۇتۇق بۇغراخاننىڭ قىلىچىدىن قورقۇپ شۇ يەردە مۇسۇلمان بولدى. ناماز ئەسىردىن كېيىن، سۇتۇق بۇغراخان باشلىق ھەممىسى خوجا ئەبۇ نەسىر-

دىن ئۆيلىرىگە قايتىشقا رۇخسەت سورىدى. خوجا ئەبۇنەسىر: - ياخشى بولىدۇ، ئەگەر سىلەر قايتمىساڭلار، سىلەرنى ئىزلەپ كىشى كېلىپ بىزنىڭ قېشىمىزدىن تاپسا، بىر پىتنە پەيدا بولۇپ، بېشىمىز ئۆلۈمگە كېتىدۇ، كاپىرلار بىزنى تۈرلۈك - تۈرلۈك ئازاب قىلىدۇ - دەپ رۇخسەت بەردى ۋە يەنە: - سىلەر مىنىڭ يېنىمغا كېچىسى كېلىڭلار، مەن سىلەرگە قۇرئان ۋە ناماز ئوقۇشنى ئۆگىتىپ قوياي - دېدى.

سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان باشلىق ھەممىسى ئۆيلىرىگە قايتىشتى. شۇ كۈنى كېچىدە تۇرۇپ خوجا ئەبۇنەسىر قېشىغا باردى، باش تۇخۇ چىللىغىچە «قۇرئان» ئۆگىنىپ ئۆيلىرىگە قايتتى. ئىككىنچى كۈنى تۈن يېرىمىدا يەنە باردى، سەھەرگىچە «قۇرئان» ئۆگىنىپ قايتتى. شۇنداق قىلىپ يەتتە كۈنگىچە باردى. سەككىزىنچى كېچىسى تۈن يېرىمىدا سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان 39 كىشى بىلەن خۇدانىڭ ئىنايىتى بىلەن قۇرئاننى ئۆگىنىپ تامام قىلدى. ناماز ئوقۇشنى ئۆگىنىپ، خۇداغا ئىبادەت قىلىشقا مەشغۇل بولدى. بۇ 39 كىشىنىڭ ئارىسىدىن سۇتۇق بۇغراخان قۇرئاننى پۈتۈن ياد ئالدى.

ئالتە ئايدىن كېيىن، بۇغراخاننىڭ تاغىسى (ھارۇن بۇغراخان) ئەھۋالنى بىلدى. ئۇ كاپىرلىقتا تاشتىن قاتتىق ئىدى. لەشكىرى كۆپ، سان - ساناقسىز، زىرەكلىكتە تەڭدىشى يوق ئىدى. ئەمما تېخىمۇ ئېنىقراق مەلۇم بولسۇن دەپ، ھېچ كىشىگە ئېيتمىدى.

ھارۇن بۇغراخان بىر كۈنى چۈش كۆردى، چۈشىدە بىر شىر ئۇنىڭغا پەنجە ئۇرۇپ ئۇنى ھالاك قىلدى، ئۇيقۇسىدىن ئويغىنىپ، سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئانىسىغا ئېيتتى، سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئانىسى مۇنداق چۈش — «شەيتانى» (يالغان) دەپ تەبىر بەردى. ھارۇن بۇغراخان خاتىرجەم بولالماي: - ئەي خوتۇن! بۇ ئوغلۇڭنى ئۆلتۈرگىل، مەن ساڭا: ئۇ بىزنىڭ دىنىمىزنى ۋەيران قىلىپ، بىزنى ئۆلتۈرۈشكە تىرىشىۋاتىدۇ، دېمەمسىدىم، مەن چۈشۈمدە كۆرگەن شىر سېنىڭ بالاڭ، ئۇ ئاخىرى مېنى ئۆلتۈرىدۇ، شۇڭا مەن ئۇنى بالدۇرراق ئۆلتۈرۈشۈم كېرەك - دەپ سۇتۇق بۇغراخاننىڭ قەستىگە چۈشتى. ئۇ يەنە: - ئەي خوتۇن! ئىلگىرى ئۆزەڭ: بالام مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىغا كىرىپ سىلەرنىڭ دىنىڭلارنى ۋەيران قىلسا ئۆلتۈرۈڭلار، دېگەن ئىدىڭغۇ - دەپ، ھەممە بەگلەرنى چاقىرىپ: - بىزنىڭ جېنىمىزغا بىر پىتنە پەيدا بولدى، بۇ پىتنىنى ئارىمىزدىن يوق قىلمىساق، دىنىمىزنى خاراب قىلىپ ھەممىمىزنى يوق قىلىدۇ - دېدى. بەگلەرنىڭ ھەممىسى: — جېنىمىزغا پەيدا بولغان بۇ پىتنىنى ئەلۋەتتە يوق قىلىش كېرەك! دەپ سۇتۇق بۇغراخاننى يوقىتىش ئۈچۈن مەسلىھەت قىلىشتى. بۇ گەپنى سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئانىسى ئاڭلاپ پەرياد ئېتىپ: - ئەي بەدبەختلەر! نەچچە يىلدىن بۇيان جاپا -

مۇشەققەت تارتىپ باققان ئوغلۇمنى نېمە سەۋەبتىن بىگۇناھ ئۆلتۈرۈسىلەر؟ دېسىدى. ھارۇننىڭ ئاچچىقى كېلىپ: — ئەي خوتۇن! بىكار سۆز قىلما، ئەگەر بالدۇر ئۆلتۈرگىلى قويمىساق، دىنىمىزنى خاراب قىلىپ مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىغا كىرىشتىن چوڭ گۇناھ بارمۇ؟ دېدى. سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئانىسى: — ئەي ھارۇن! ئاۋۋال سىناپباق، ئەگەر ئۇ مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىغا كىرگەن بولسا، ئىختىيار سەندە، ئەگەر سىنىماي ئۆلتۈرسەڭ، ئوغلۇم زايە بولىدۇ — دېدى. ھارۇن بۇغراخان بۇ سۆزگە ماقۇل بولدى. سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئاتىلىرىدىن قالغان خىزمەتكارلىرىدىن بىرىدىمۇ: — بۇ ياخشى گەپ، سىناپ كۆرەيلى — دېدى.

ھارۇن بۇغراخان ھەممە بەگلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، بىر «بۇتخانا» ياسايلى دەپ، كېسەكلىرىنى تەييارلاپ بولۇپ، سۇتۇق بۇغراخاننى چاقىرىپ: — ئەي ئوغلۇم، سىزنى بىزنىڭ دىنىمىزنى خاراب قىلىپ مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىغا كىردى، دەپ گۇمان قىلمىز — دېدى. سۇتۇق بۇغراخان كاپىرلار قائىدىسى بويىچە قەسەم قىلدى. ھارۇن بۇغراخان: — ئەي ئوغلۇم، مەن بۇ قەسەمگىزگە ئىشەنمەيمەن، بىز «بۇتخانا» ياسايمىز، بۇتخانىنىڭ تېمىغا ئاۋۋال سىز كېسەك قويۇسىز، ئاندىن كېيىن مەن ئىشىنىمەن —دېدى. سۇتۇق بۇغراخان زاھىردا جان — دىلى بىلەن قوبۇل قىلدى. ئەمما ، قانداق قىلسام بۇ بالادىن خالاس بولۇرمەن — دەپ كۆپ قايغۇردى، قايتىپ بېرىپ يولداشلىرى بىلەن تۈن يېرىمىدا خوجا ئەبۇ نەسرنىڭ قېشىغا بېرىپ: — ئەي ئۇستازىمىز، ھارۇن بۇغراخان مېنى مۇسۇلمان بولدى، دەپ گۇمان قىلىپ، ئىمتىھان ئېلىش ئۈچۈن بىر بۇتخانا بىنا قىلماقچى بولدى، بۇتخانىنىڭ تېمىغا ئەڭ ئاۋۋال مېنى كېسەك قويۇپ قوپۇرۇڭ دەيدۇ، قوبۇل قىلمىسام ئۆلتۈرىدۇ، ئەگەر قوبۇل قىلسام ئىسلامدىن چىقىپ يەنە كاپىرلىققا كىرىمەن، ماڭا مەسلىھەت بېرىڭ — دەپخوجا ئەبۇ نەسرگە ئىلتىماس قىلدى. خوجا ئەبۇ نەسر: — ئەي ئوغلۇم، ئۆزىنى ساقلاش ئۈچۈن بەزى مەنئى قىلىنغان ئىشلارنى قىلىشقا رۇخسەت بار، تام سېلىشتا مەسچىت سېلىش نىيىتى بىلەن سالسىڭىز ئەلۋەتتە ساۋاب تاپىسىز، كاپىرلارنىڭ ئاپىتىدىن قۇتۇلىسىز، تولا غەم قىلماڭ — دېدى. سۇتۇق بۇغراخان بۇ سۆزنى ئاڭلاپ خۇشال بولۇپ ئۆيىگە قايتتى.

ئەتىسى، ھارۇن بۇغراخان پۈتۈن لەشكىرى بىلەن بۇتخانا سالىدىغان يەرگە كېلىپ سۇتۇق بۇغراخاننى چاقىرىپ: — ئەي ئوغلۇم ، ئەگەر بىزنىڭ دىنىمىزدا بولسىڭىز، بىز قىلغان ئىشنى قىلىڭ، بىز باش ئۇرغان نەرسىگە باش ئۇرۇڭ، بىز بۈگۈن بىر بۇتخانا بىنا قىلماقچىمىز، ئاۋۋال سىز كېسەك قويۇپ بېرىڭ — دېدى. سۇتۇق بۇغراخان ئۇلار خۇش بولسۇن دەپ، ئېتەكلىرىنى قىستۇرۇپ، يەڭلىرىنى تۈرۈپ ،

ھەممە دوستلىرى بىلەن مەسچىت سېلىش نىيىتى بىلەن ئىككى داندىن كېسەك كۆتۈر-
ۈپ بۇتخانا سالدىغان جايغا ئېلىپ كېلىپ قويدى، ئۈتىنچى قېتىم كېسەك ئالاي
دەپ بارغاندا، ھارۇن بۇغراخان پەرياد قىلىپ: - ئەي جىگىرىم، ئوغلۇم، سىزنى
بۇندىن زىيادە ئىشلىتىشكە مېنىڭ تاقىتىم يوق، بۇنچە ئىشقا بۇيرۇشتا بىر مەسلىھەت
بار ئىدى، ئەمدى سىزدىن خاتىرجەم بولدۇم، ھەر نېمە خالىسىڭىز شۇنى قىلىڭ-
دەپ، ھەممە لەشكەرلىرىگە رۇخسەت بەردى، ھەممە خەلق قايتىپ ئۆيلىرىگە كەتتى.
سۇتۇق بۇغراخان تۈن يېرىمىنى ئۆتكۈزۈپ، دوستلىرى بىلەن خوجا ئەبۇ نەسىرنىڭ
قېشىغا بېرىپ: - ئەي ئۇلۇغ ئۇستاز، سىز دېگەندەك قىلىپ، كاپىرلارنىڭ گۇمانىدىن
خالاس بولۇپ خىزمىتىڭىزگە كەلدىم، كاپىرلار بىزنىڭ مۇسۇلمان بولغىنىمىزنى قايتا
بىلىپ قالسا ئۆلتۈرىدۇ، بۇ ھەقتە ھەم مەسلىھەت كۆرسەتسىڭىز - دېدى. خوجا ئەبۇ
نەسىر: - بۇنىڭ مەسلىھىتىنى ئۆزىڭىز ياخشى بىلىسىز - دېدى. سۇتۇق بۇغراخان: -
ئەگەر مەسلىھەتنى ماڭا قويسىڭىز، «خۇرۇج» قىلىپ (كۆتۈرۈلۈپ) كاپىرلارغا كۈلپەت
سالاي، خۇدا بىزگە نۇسرەت بەرسە كېرەك - دېدى.

خوجا ئەبۇ نەسىر: - ئەگەر ھىممەت قىلسىڭىز، ياخشى بولىدۇ - دەپ رۇخسەت
بەردى. سۇتۇق بۇغراخان: - ئەي خوجا ئەبۇ نەسىر، خۇدا ئۆز بەندىلىرى ئۈستىدە
قەھر قىلغۇچىدۇر، كېرەككى، خۇدا بۇ كاپىرلارغا قەھر ۋە غەزەپ قىلىپ، بىزنى
ئۇلارغا غالىب قىلسا - دېدى. خوجا ئەبۇ نەسىر: - ئەي ئوغلۇم، بۇ مەسلىھىتىڭىز
ياخشى، ئەمما ئىسلام ئەسكىرى ئاز - دېدى. سۇتۇق بۇغراخان: - ئەي ئۇلۇغ زات،
مەن خۇداغا تەۋەككۇل قىلدىم، خۇدادىن باشقا كىشىدىن ئۈمىد قىلمايمەن، كاپىرلار
كۆپ بولسىمۇ جەڭ قىلىمەن - دەپ، كۆتۈرۈلۈشكە قارار قىلدى. بۇ ۋاقىتتا بەزى
خەلقلەر مۇسۇلمان بولۇپ، كاپىرلاردىن قورقۇپ يەر ئاستىدا ئىبادەت قىلاتتى. ئەبۇ
نەسىر سامانىنىڭ كەلگەنلىكىنى ئاڭلاپ ئالتە ئايغىچە 600 كىشى يىغىلدى. بۇ كېچىسى
ئۆتۈپ كەتتى، كېلەر كېچىسى سۇتۇق بۇغراخان ھەزرىتى خوجا ئەبۇ نەسىر يېنىغا
ئەڭ بۇرۇن كەلدى: - بۇ، تەخىر قىلىدىغان ۋاقىت ئەمەس، تۇرسىلا، ئىشىمىزغا مەش-
غۇل بولايلى، تاڭ ئاتقىچە ئۆزىمىزنى بىر يەرگە ئالايلى - دېدى. خوجا ئەبۇ نەسىر
ھەممە مۇسۇلمانلارنى ئېلىپ چىقىپ، ھارۇن بۇغراخاننىڭ ئوردا ئىشىكىگە كەلدى.
خوجا ئەبۇ نەسىر قول كۆتۈرۈپ: «ئىبارا خۇدايا، پەل ئىپھسانىڭ بىلەن كاپىرلارغا
قاتتىق ئۇيقۇ بەرگىل ۋە مۇسۇلمانلارغا غەلبە، كاپىرلارغا خەتەرلىك بەرگىل»
دەپ دۇئا قىلدى. خوجا ئەبۇ نەسىرنىڭ دۇئاسى ئىجاۋەت بولۇپ، خۇدا كاپىر-
لارغا شۇنداق قاتتىق ئۇيقۇ بەردىكى، بىرىنى سۇرەپ ئۆلتۈرسە يەنە بىرى خەۋەردار
بولمىدى.

ئىسلام ئەسكەرلىرى كاپىرلارنىڭ ئوردىسىغا كىرىپ، ئاتخانىدىن ئۇرۇش قىلىدىغان 1000 ئات، ئۆزلىرىگە يەتكۈدەك ھەربىي قورال، بىر ئايغا يەتكۈدەك ئوزۇق-تۈلۈك ئېلىپ، بەزى كاپىرلارنى ئۇيقۇدا ئۆلتۈرۈپ چىقىپ كەتتى، كاپىرلارنىڭ ھېچقايسىسى بىلمىدى. مۇسۇلمانلار تاڭ ئاتقۇچە يول يۈرۈپ، سەھەر ۋاقتىدا «تىۋەباغ» (تۆگە باغ) دېگەن يەرگە كەلدى. ئەتىسى چۈش ۋاقتىدا، ھارۇن بۇغراخان ئەھۋالدىن خەۋەر تېپىپ، بىر قېتىمدا 40 مىڭ ئەسكەر توپلاپ، ئىسلام ئەسكەرلىرى بار جايغا يېتىپ باردى. مۇسۇلمانلارمۇ ھەربىي كىيىملىرىنى كىيىپ تاغ ئىچىدىن چىقىپ جەڭ قىلىشتى. ناماز پېشىنگىچە ناھايىتى قاتتىق جەڭ بولۇپ، كاپىرلاردىن 5 مىڭ كىشى ئۆلدى، مۇسۇلمانلاردىن 2 مىڭ كىشى زەخمىدار بولدى، كاپىرلار مەغلۇب بولدى. ئەتىسى مۇسۇلمانلارنىڭ قوشۇنىغا 6 مىڭ كىشى قوشۇلدى، كاپىرلاردىن قانچىسى قېچىپ كېلىپ مۇسۇلمانلارغا قوشۇلۇشقا باشلىدى، ئىسلام ئەسكىرى 6 مىڭغا يەتتى. ئۇرۇش باشلىنىپ ئىلگىرىكىدىن نەچچە ھەسسە باراۋەر قاتتىق جەڭ بولۇپ، يەتتە كۈن ئۇرۇش بولدى، كاپىرلار مەغلۇب بولدى، مۇسۇلمانلار غەلىبە قازىنىپ كۈندىن - كۈنگە كۆپىيىپ 12 مىڭغا يەتتى. بىر نەچچە كۈن ئۆتتى، مۇسۇلمانلارنىڭ ئوزۇق-تۈلۈكى تۈگىدى، ئاتلىرى ئورۇقلىدى. بىر كۈنى مۇسۇلمانلار يىغىلىپ خوجا ئەبۇنەسىرنىڭ ئالدىغا كېلىپ: - ئەي ئۇلۇغ زات، بىز قاچانغىچە مۇنداق ياتىمىز، ئوزۇقلىرىمىز تۈگىدى، ئاتلىرىمىز ئورۇقلىدى، باتۇرلىرىمىز ئاجىزلاشتى، بىزگە يوليورۇق بەرسىڭىز - دېدى. ئەبۇنەسىر: - ئەي مۇسۇلمانلار، ئۆزەڭلار بىلىڭلار - دېدى. مۇسۇلمانلار كېچىسى ھۇجۇم قىلايلى، خۇدادىن نېمە كەلسە كۆرەيلى - دېدى. خوجا ئەبۇنەسىر: - ئوبدان بولىدۇ - دېدى. 12 مىڭ كىشى قوراللىنىپ كېچىسى ئاتلىنىپ كاپىرلار ئوردىسىغا ھۇجۇم قىلدى. خوجا ئەبۇنەسىر: - خۇدايا! بىزنىڭ ھاجىتىمىزنى ئۆزەڭ راۋا قىل - دەپ دۇئا قىلدى. خۇدايىتى ئاللا كاپىرلارغا شۇنداق ئۇيقۇ بەردىكى، قول - ئايىغىنى كېسىۋەتسىمۇ بىلمەي ئۇخلايتتى. سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان غازى ئاتتىن چۈشۈپ ھارۇن بۇغراخاننىڭ ئوردىسىغا كىردى، ھارۇن بۇغراخان ئۇخلاپ ياتقان ئىدى. قىلىچلىرىنى يالىڭاچلاپ ھارۇن بۇغراخاننىڭ بېشىنى كېسەي دەپ، يەنە كۆڭلىدە: دۈشمەننى ئۇيقۇدا ئۆلتۈرۈش نامەردلىك ۋە ھىممەتسىزلىك بولىدۇ، ئەڭ ياخشىسى، بۇ كاپىرنى ئويغىتىپ ئىمانغا تەكلىپ قىلاي، ئۇنىمىدىكى، ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولسا بولار، بولمىسا بېشىنى چاپاي - دەپ، قىلىچىنىڭ ئۇچى بىلەن پۇتىغا سانجىدى. ھارۇن بۇغراخان چۆچۈپ ئويغىنىپ، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ قىلىچ يالىڭاچلاپ تۇرغىنىنى كۆرۈپ، بۇ كاپىر: - ئەي سۇلتان سۇتۇق! شۇنداق باتۇر تۇرۇپ نېمە سەۋەبتىن مۇنداق ئىشنى ئىختىيار قىلىسەن؟ دېدى. سۇلتان سۇتۇق: - ئىشىنىڭ ياخشىسى مەن قىلغان ئىش. قوپقىل! بۇ ۋاقىتنى پۇرسەت بىلىپ

«لائىلاھە ئىلەللاھۇ مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللا» دېگىل - دېدى. بۇ سائادەتسىز كاپىر قوبۇل قىلمىدى. سۇتۇق بۇغراخان قىلىچ بىلەن بېشىنى چاپماي دەپ، يەنە: - مەن بۇنىڭ تۈزىنى يېگەن ئىدىم ھەم ئاتىلىق ھەققى بار - دەپ ئەندىشە قىلىپ، خۇداغا: «ئەي خۇدايا، ھەممە بەندىلەرنىڭ ھالىنى بىلگۈچى سەن، قانچە قىلىپ بېشىنى كېسەي دېسەممۇ، ئاتىلىق ۋە تۇز ھەققى ھۆرمىتىنى ساقلاپ توختاپ قالدىم، ئۆزەڭنىڭ قەھرىڭ سۈپىتىڭ بىلەن غەزەب قىلىپ، بۇ كاپىرنى يەر يۇتۇشقا ئەمر قىلساڭ» دەپ دۇئا قىلدى. دۇئاسى ئىجاۋەت بولۇپ يەر تەۋرىنىپ، ھارۇن بۇغراخاننىڭ كۆكرىكىگىچە يۇتتى، سۇتۇق بۇغراخان: - ئەي كاپىر! ئەھۋالىڭنى كۆردۈڭمۇ؟ ئەمدى ئىمان ئېيتقىل، مەن ساڭا دۇئا قىلاي، خۇدا سېنى بۇ بالادىن خالاس قىلسۇن - دېدى. ھارۇن بۇغراخان: - ئەي سۇتۇق! سېنىڭ دىنىڭغا كىرگىنىمدىن ئۆلگىنىم ياخشى - دېدى. سۇتۇق بۇغراخان غەزەبلىنىپ دۇئا قىلدى، ھارۇننى يەر يۇتۇپ كەتتى.

ئەتىسى، سۇتۇق بۇغراخان: - ئىسلام قوشۇنىنىڭ ناغرىسىنى مېنىڭ نامىمغا چالسۇن، مۇنارلارغا چىقىپ: دەۋر — سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ دەۋرى! دەپ ئېلان قىلسۇن، ئەزان، نامازنى ئاشكارا ئوقۇسۇن - دەپ ئەمر قىلدى. ناغرىچىلار ناغرا چېلىشقا باشلىدى، كاپىرلار ئىسلام ئەسكەرلىرى بىلەن ناماز پېشىنگىچە جەڭ قىلدى، قاتتىق ئۇرۇش بولۇپ يەر يۈزى قان بىلەن بويالدى. شۇ كۈنى خۇدانىڭ مەرھەمىتى، مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ مەدەتلىرى بىلەن 20 مىڭ كىشى مۇسۇلمان بولۇپ، ئىمانلىق دۆلىتى بىلەن ئۇلۇغلاندى، غازىلار غالىب بولۇپ، كاپىرلار مەغلۇب بولدى. شۇ كۈنى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاندىن نەچچە «كارامەت» ئاشكارا بولدى: بىر كارا-مىتى شۇكى، سۇتۇق بۇغراخاننىڭ قىلىچلىرى رەسمىي قىلىچقا ئوخشايتتى، كاپىرلارغا سالسا 40 گەز ئۇزۇن بولۇپ، كۆپ كاپىرلارنى ئۆلتۈرەتتى.

يەنە بىر كارامىتى، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئېتىنىڭ ئاغزىدىن ئوت چىقىپ، كاپىرلار تەرىپىگە بېرىپ نەچچە كاپىرنى كۆيدۈرەتتى. كاپىرلار قورقۇپ تۈركۈم - تۈركۈملەپ سۇلتان سېپىگە كېلىپ مۇسۇلمان بولدى. شۇ كۈنى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان «غازى» دېگەن ئۇنۋان ئالدى. بەزىلەر: شۇ ۋاقىتتا سۇلتان سۇتۇق بۇغرا-خان 12 يېرىم ياشتا ئىدى - دەيدۇ. توغرىسى — شۇ ۋاقىتتا سۇتۇق بۇغراخان 16 ياشتا ئىدى.

ئەي دەرۋىش! ئاگاھ بولغىلكى، سۇتۇق بۇغراخان كىچىكلىكلىرى بىلەن مەڭگۈ بەخت سائادەتكە ئېرىشىپ، «غازى» دېگەن نامنى ئالدى.

مەلۇم بولسۇنكى، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان 16 ياشلىرىدا جەڭ قىلىشقا باشلاپ، ياز پەسلىدە كاپىرلار بىلەن جەڭ قىلىپ، قىش پەسلىدە خۇداغا ئىبادەت قىلاتتى. بۇ

تەرىقىدە 96 يىلغىچە «بەلخ» نىڭ ئالدىدىكى «ئامۇ» دەرياسىنىڭ شەرق تەرىپىدە «كىدۇك» دېگەن يەرگىچە، شىمال تەرىپى «قارا قۇم» دېگەن يەرگىچە قىلىچ كۈچى بىلەن كاپىرلارنى مۇسۇلمان قىلىپ، مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ شەرىئەت، دىن، مىللەتلىرىنى تىكلەپ رىۋاج بەردى.

بىر كۈنى سۇتۇق بۇغراخاننىڭ كۆڭلىگە شىكار قىلىش ھەۋىسى چۈشۈپ، ھەممە دوستلىرى بىلەن ئاتلىنىپ سەھرا تەرەپكە چىقتى، بىر كىيىك پەيدا بولدى. سۇتۇق بۇغراخان بۇ كىيىكنى قوغلاپ تۆت پەرسەڭ يەردە يېتىشىپ، ئوق بىلەن ئاتتى، كىيىك دەرھال يىقىلدى، بوغۇزلاپ ئوت يېقىپ كاۋاپ قىلىشقا باشلىدى. ئۇ ۋاقىتقىچە دوستلىرى يېتىپ كېلىپ كاۋاپنى كۆرۈپ: — بىز ھەم يېسەك — دېدى. تۇز يوق ئىكەن، سۇتۇق بۇغراخان ئاسمانغا قاراپ دۇئا قىلدى، دەرھال تۇز پەيدا بولدى. ئۇ تۇز بىلەن كاۋاپنى يېدى، قالغان تۇزنى تاغ تەرەپكە ئاتتى، ئۇ تاغنىڭ ھەممىسى تۇزلۇققا ئايلاندى، قىيامەتكىچە ئۇ تۇز تۈگىمەيدۇ. سۇتۇق بۇغراخاننىڭ بۇنىڭغا ئوخشاش كارامەتلىرى خەلق ئارىسىدا مەشھۇر ئىدى.

سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ روھلىرىدىن تەربىيەت تېپىپ كامالىغا يېتىپ، «ئۇۋەيس» (ئەۋلىيا) بولغانىدى. زاھىردا خوجا ئەبۇ نەسىردىن تەربىيەت تېپىپ كامالىغا يەتتى. سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان جەڭگە مەشغۇل بولغانلىقتىن ھېچكىمنى مۇرىت ئالمىدى.

بىر يىلى خىتاي تەرىپىگە غازات ئۈچۈن ئاتلىنىپ، خۇدانىڭ مەرھەمىتى بىلەن تۇرپانغىچە مۇسۇلمان قىلدى، سۇتۇق بۇغراخان بۇ سەپەردە كېسەل بولۇپ، تۇرپاننىڭ ئۇ تەرىپىگە ئۆتەلمىدى. شۇ ئاغرىقىدا سۇتۇق بۇغراخاننى قەشقەرگە قايتىڭ، دەپ بىشارەت بولدى. نەچچە كۈن يول يۈرۈپ قەشقەرگە يېتىپ كەلدى. قەشقەردە بىر يىل ئاغرىق ياتتى، ئاخىرى بىر كۈنى يارەنلىرىنى چاقىرىپ: — ئەي يارەنلەر! ئاگاھ بولۇڭلار، مېنىڭ روھىم «ئەرش» تىن بۇ ئالەمگە كېلىشتە، ئاسماندىكى پەرىشتىلەر: شۇنداق پاكىزە روھ كاساپەتخانا دۇنياغا كېتىپ بارىدۇ، ئۇ دۇنيادا يۈز مىڭ گۇناھقا بۇلغىنىپ، نەچچە گۇناھكارلارغا ھەمسۆھبەت بولۇر دەپ ئەپسۇسلانغانىدى، ئەلھەمدۇلىللا، پەرىشتىلەر دېگەندەك ھېچ كاساپەتكە گىرىپتار بولمىدىم — دەپ ئىدى، بىر ئۇۋەيس مۇرىت: — بۇ دۇنيادا گۇناھ قىلمايدىغان ئادەم بولامدۇ؟ دەپ ئىنكار قىلدى. سۇتۇق بۇغراخان بۇ دەرۋىشنىڭ ئىنكار قىلغانلىقلىرىنى بىلىپ، ئۇنىڭ دەرۋىشلىك يولىنى باغلاپ ئەۋلىيالىقىنى يوق قىلماق ئۈچۈن، ھەزرىتى سۇلتان تونلىرىنىڭ تۈگمىسىنى يېشىپ قويدى، دەرۋىشنىڭ ئەۋلىيالىقى دەرھال يوق بولدى. ھېچ سەۋەب بىلەن بۇ دەرۋىشنىڭ ئەۋلىيالىقى ئېچىلمىدى، بۇ

دەرۋىش ئىنكار قىلغىنىغا يۈز مىڭ پۇشايمان قىلدى. ئاخىرى خوجا ئابدۇ پەتتاھ، شەيخ نەجمىددىن خوجا ئەبۇ نەسىرنىڭ روھىنى ۋاسىتە قىلىپ ئىنكار قىلغانلىرىغا تۆۋە قىلىپ، سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ئاياغلىرىغا يىقىلدى. خوجا ئابدۇ پەتتاھ، شەيخ نەجمىددىن، خوجا ئەلەمدار ھەزرىتى سۇتۇق بۇغراخاندىن ئۇنىڭ گۇناھىنى تىلىدى. سۇتۇق بۇغراخان دەۋرىشنىڭ گۇناھىدىن ئۆتتى. دەرھال بۇ دەرۋىشنىڭ يولى ئېچىلىپ، ئەۋلىيالىقى ئەسلىگە كەلدى.

سۇتۇق بۇغراخانغا مۇشۇ ئاغرىقىدا ئەجەل يەتتى. بىركۈنى سۇتۇق بۇغراخان ئولتۇراتتى، بىركىشى دەرۋىش سۈرىتىدە كىرىپ: ـ خۇدا ئۈچۈن بىر نەرسىگە كەلدىم ـ دېدى. سىزقانداق كىشى، نېمە تەلەپ قىلىسىز؟ ـ دېدى، سۇتۇق بۇغراخان. دەرۋىش: ـ ئەي سۇلتان، ئەقىللىق ۋە ھۇشيار كىشى ھەر ئىشنى ئىشارەت بىلەن بىلىدۇ، ئېيتىش لازىم ئەمەس ـ دېدى. سۇتۇق بۇغراخانغا مەلۇم بولدىكى، ئەزرائىل ئەلەيھىسسالام ئامانەتنى ئالغىلى كېلىپتۇ.

## خوجا ئەبۇ نەسىر سامانىنىڭ ئوغلى خوجا ئابدۇ پەتتاھ ھەققىدە

ئابدۇپەتتاھ سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ خەلىپىسى ئىدى، كارامەتچى، ئەۋلىيا ۋەباتۇرلۇقتا تەڭدىشى يوق ئىدى. شۇ سەۋەبتىن، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان: ـ خەلىپەم ئابدۇپەتتاھنى مەندىن كەم كۆرمەڭلار ـ دېگەن ئىدى. شۇڭا، نەچچە زاماندىن كېيىن خوجا ئابدۇ پەتتاھقا «جەزبە» ھاسىل بولۇپ، «مەجزۇپ» بولدى، بەزى ۋاقىتدا «جەزبە» لىرى غالىب بولۇپ، ئاغزىدىن كۆپۈك پەيدا بولاتتى. شۇ سەۋەبتىن، سۇتۇق بۇغراخان ئابدۇ پەتتاھنى «بۇغرام» دەيتتى. ئابدۇ پەتتاھ كارامەتتە سۇتۇق بۇغراخان بىلەن باراۋەر ئىدى. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىسمىلىرى «بۇغراخان» ئىدى.

ئابدۇ پەتتاھ ھەزرىتى ئەلىنىڭ روھىدىن تەربىيە تاپقانلىقى ئۈچۈن، باتۇرلۇقتا ۋە قۇۋۋەتتە ئۇنىڭغا سۇتۇق بۇغراخاندىن باشقا كىشى تەڭ كېلەلمەيتتى. بىر كۈنى ئابدۇ پەتتاھ خىلۋەتتە ئولتۇراتتى. خىزىر پەيغەمبەر كىرىپ: ـ ئەي ئابدۇ پەتتاھ! قوپقىل، ۋاقىت قىس، پۇرسەت غەنىمەت، خۇداغا يېقىن ۋە بۇ يۇرتلاردا ئىسلامنى ئاشكارا قىلغان سۇتۇق بۇغراخان قېشىغا بارايلى، ماڭا ئەزرائىل (جان ئالغۇچى پەرىشتە): سۇتۇق بۇغراخانغا ئەجەل يەتتى، دەپ خەۋەر بەردى، بىرىپ ئۇنىڭ سۆھبىتىدىن بەھرە ئالايلى ـ دېدى. خوجا ئابدۇ پەتتاھ: ـ ئەي خىزىر پەيغەمبەر، مەنمۇ بۇ ئەھۋالدىن خەۋەر تاپقان ئىدىم، سىز كەلگىچە تۇردۇم ـ

دەپ ئىككىسى بىللە ماڭدى. يولدا سۇتۇق بۇغراخاننىڭ بىر خادىمى ئۇچراپ: - سىلەر نەگە بارىسىلەر؟ سىلەرنى سۇتۇق بۇغراخان چاقىرىدۇ - دېدى. پەيغەمبەر بىلەن ئابدۇ پەتتاھ تېزلىك بىلەن سۇتۇق بۇغراخاننىڭ خىلۋەتخانىلىرىغا كىردى، بۇغراخان بۇلارنى كۆرۈپ خۇشال بولۇپ: - سىلەر ياخشى ۋاقىتدا كەلدىڭلار، سىلەرنى كۈتۈپ تۇراتتىم، سىلەرنى چاقىرتىشتىن مەقسەت، مېنىڭ روھىم ئەسلى ئورنىغا (ئەرشكە) ئۇچۇپ كېتىشنى ۋە شىرىن جان - تەنىنىڭ قەپىزىنى سۇندۇرۇپ چىقىپ كېتىشىنى ئارزۇ قىلىدۇ، پۇرسەت غەنىمەت، بىر ئاز سۆھبەت قىلايلى، جانىجان - جانىجان دوستلار ۋە جاھانى بۇرادەرلەردىن ئايرىلىش بەك مۇشكۇل كۆرۈنىدۇ، نېمە ئىلاج قىلىش كېرەك، بەندىلىكنىڭ دەرىجىسى قازاغا رازى، بالاغا سەۋر قىلىش كېرەك، ھەر قاچان ئۆلۈم شەربىتىنى ئىچىپ كەلسە تەخىر قىلغۇلۇق ئەمەس - دەپ نەسىھەت قىلىپ ئولتۇراتتى، بىر تاۋاق (بىر باغلام) قىزىل گۈل، ئىككى رەڭلىك بىر ئالما، بىر جامدا شەربەت شۇ يەرگە پەيدا بولدى. ئاسماندىكى پەرىشتىلەر بۇ ئولتۇرغان ئادەملەرنىڭ كۆزىگە كۆرۈندى. ھەزرىتى سۇلتانغا مەلۇم بولدىكى، ۋاقىت تار بولۇپتۇ. دەرھال خەلققە نەسىھەت قىلىشقا مەشغۇل بولدى: - ئەي خەلپەم خوجا ئابدۇ پەتتاھ! سىزگە ۋەسىيىتىم شۇكى، پەيغەمبىرىمىزنىڭ شەرىئەتلىرىنى مەھكەم تۇتۇڭ، شەرىئەتنى سىزگە تاپشۇردۇم، كۆپ رىئايە قىلىڭ، مېنىڭ باللىرىم كىچىك قالدى، ياخشى تەربىيەت قىلىڭ، پات كامالەتكە يەتكۈزۈڭ. مۇبادا باللىرىمدىن دۇنيادا بىر يامان ئىش ئۆتسۇلۇپ قالسا، قىيامەت كۈنى خۇدا دەرگاھىدا شەرمەندە بولماي؛ ئەي ئابدۇ پەتتاھ! ماڭا ئوخشاش بولۇڭ، مەن يۈرگەن يولدا يۈرۈڭ، ئاخىرەت ئابرويىنى قىلىڭ. بۇنىڭدىن ئارتۇق سۆزلىمەيمەن، ئۆزىڭىز ھوشيار كىشى، ھەممەتنى يۇقىرى تۇتۇڭ، مەردانە بولۇڭ، ياردەمنى خۇدادىن تىلەڭ، مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ پاك روھىدىن مەدەت تىلەڭ، مېنى كۆپ ۋاقىتلاردا ياد قىلىڭ — دەپ يىغلىدى ۋە خىزىر پەيغەمبەر، خوجا ئابدۇ پەتتاھلار بىلەن ئاخىرەت سەپىرىگە خوشلاشتى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئابدۇ پەتتاھ، شەيخ نەجمىددىن ئەتتار، خوجا ئەلەمدارلارنى چاقىرىپ: - ئەي ئوغلۇم خوجا ئابدۇ پەتتاھ! شەيخ نەجمىددىن ئەتتار ئاخىرەتلىكىمنى (كېپىنىمنى) تېكسۇن، خوجا ئەلەمدار قەبرەمنى كولىسۇن - دەپ ۋەسىيەت قىلدى، ئاندىن كېيىن: - خوش، قېلىڭلار، سىزلەرنى خۇداغا تاپشۇردۇم، خۇدانىڭ دوستلىرى ھەقىقەتتە ئۆلمەيدۇ، ئەمما خەلقنىڭ كۆزىدىن يوق بولىدۇ، «تۇپراقتىن بولغان تەن تۇپراققا قوشۇلىدۇ، روھ ئۆز ھالىتىدە تۇرىدۇ»، ئاخىرەتتە سىلەر بىلەن تېپىشىمىز - دېدى. تاۋاقتىن بىر قىزىل گۈلنى ئېلىپ پۇرىدى، بىر ئالمىنى ئېلىپ يېدى، جامدىكى شەربەتتىن ئازراق ئىچىشتى، «ئەلھەمدۇلىللا» دەپ

كەلىمە تەييىبە، كەلىمە شاھادەتنى ئوقۇپ، ئاندىن كېيىن ئۆرە قوپۇپ ئۈچ مەرتىۋە ئايلىنىپ بۇ شېئىرنى ئوقۇدى (پارسچىدىن ئۇيغۇرچىغا تەرجىمە قىلىندى) :

«چۈشسە دەرياغا يامغۇر، كۆرمەس ئۆزىنى،
پاك روھ چىقتى بەدەندىن يىرتىپ پەردىنى.
روھىم قۇشى ئۇچتى بەدەندىن ئەرشكە ئۆرلىدى،
پىر دەۋس ① بېغىدا ئېلىپ ئورۇن مەقسەتكە يەتتى.
دىل قۇشىنى تەربىيە قىل، ياخشى ئاسرىغىل،
گەر ئاسرىمىساڭ ئۇچالماس سۇنسا قانىتى.
مىسكىن ئاشىق — سۇتۇق كەتتى دۇنيادىن،
رىيازەت خەزىنىسىدىن ئىستىدى ئۆزلەتنى.»

شېئىرنى تاماملاپلا جان ئۈزدى.

سۇتۇق ۋاپات بولغان كۈنى دۈشەنبە كۈنى چۈش ۋاقتى ئىدى. مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامۇ دۈشەنبە كۈنى ۋاپات بولغان.

سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ۋاپات بولغانلىقىدىن ھەر تەرەپكە خەۋەر ئەۋەتتى، ھەممە خەلق يىغلاپ كەلدى، سۇتۇق بۇغراخاننىڭ ۋەسىيىتى بويىچە، خوجا ئابدۇ- پەتتاھ جەسەتنى يۇدى. سۇتۇق بۇغراخاننىڭ جەسىتىنى جىنازىغا سېلىپ كۆتۈرۈپ نامازگاھقا ئېلىپ باردى. كامالىغا يەتكەن 200 ئەۋلىيا، 7 مىڭ 700 مۇسۇلمان ئالىما، يەنە ئەۋلىيالار، ئالىملار، غازىلار بولۇپ جەمئىي 37 مىڭ 260 كىشى نامازغا قاتناشتى. سۇتۇق بۇغراخان قەشقەر ئاستىن ئاتۇشنىڭ «مەشھەد» دېگەن يېرىدە دەپنە قىلىندى. گۆرنىڭ ئاغزىنى تېخى ئەتمىگەن ئىدى، سۇتۇق بۇغراخان بېشىنى كۆتۈرۈپ گۆردە ئولتۇرۇپ ئۈنلۈك ئاۋاز بىلەن: «ئەي خۇدا! مېنى سەن ياخشى ئورۇنغا چۈشۈرگىل، سەن ئورۇن بەرگۈچىلەرنىڭ ياخشىراقىسەن» دېگەن ئايەتنى ئوقىدى، ئاندىن كېيىن رەسمىي ئۆلۈككە ئوخشاش قىبلە تەرەپكە قاراپ ياتتى. خەلق گۆرنىڭ ئاغزىغا كېسەك - توپا سالدى. بۇ ۋاقىتتا ھىجرى تارىخقا 429 (مىلادى 1037 / 1038 - يىللار) ئىدى. بەزىلەر: - ھەزرىتى سۇلتاننىڭ جىنازىسىنى كۆتۈرۈپ بارغىچە، يۈزىگە نىقاب تارتقان كىشى شىرغا مىنىپ كېلىپ جىنازىنى ئېلىپ غايىب بولۇپ كەتتى - دېيىشىدۇ؛ بەزىلەر: - ھەزرىتى سۇلتان ئالەمدىن تىرىك غايىب بولدى -

---

① پىر دەۋس - خۇدانىڭ جەننەتلىرىنىڭ بىرىنىڭ ئىسمى.

دېيىشىدۇ. ئەمما تىوغىرا رىۋايەت: ھەزرىتى سۇلتان بۇغراخان ۋاپات بولۇپ ئاتۇشنىڭ مەشھەد دېگەن جايىدا دەپنە قىلىنغان.

شۇ كېچىسى غازىلاردىن بىر كىشى، ئالىملاردىن ئۈچ كىشى، ئاما ۋە خەلقتىن ئىككى كىشى چۈشىدە سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ نۇرغۇن ئەسكەر بىلەن پادىشاھلىق يوسۇندا شىكار قىلىپ يۈرگەنلىكىنى كۆرۈپتۇ. چۈش مۇنداق رىۋايەت قىلىنىدۇ: خەلق كېلىپ: ــ ئەي ئۇلۇغ زات، خۇدا سىزگە نېمۈك مۇئامىلە قىلدى؟ دەپ سورىدى. سۇتۇق بۇغراخان: ــ ئەي دوستلار! خۇدا ماڭا ئۇ دۇنيادا بەرگەن دۆلەتتىن ئۈچ ھەسسە ئارتۇق دۆلەت بەردى؛ ئەي غازىلار! دوستلارغا ئېيتىڭلار، ماڭا بۇ يەردە يۇقىرى ئورۇن بېرىلدى، دوستلىرىم مەن يۈرگەن يولدا يۈرسۇن، مەن قىلغان ئىشنى قىلسۇن، مەن تاپقان دۆلەتنى تاپىدۇ؛ئەي خەلق! خەلىپەم ئابدۇپەتتاھقا ئېيتىڭلار،مەن ئۇنى ئىنتايىن ياد قىلىمەن، پاتراق مېنىڭ قېشىمغا كەلسۇن ــ دەپ خەۋەر بەردى. خەلق ئويغىنىپ ئابدۇ پەتتاھقا بۇ سۆزلەرنى ئېيتتى. ئابدۇ پەتتاھ شۇ زامان ئۈچ مەرتىۋە چۆكىلەپ: ــ ئىبارا خۇدايا! ھېچ توختالغۇسىز مېنىڭ جېنىمنى ئالغىن ــ دېدى. شۇ زامان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ روھى ھازىر بولۇپ: ــ رەھمەت، ئىخلاس ــ ئېتىقادىڭىزغا، بىر نەچچە زامان تۇرۇپ مەملىكەتنى ئىدارە قىلىپ، مېنىڭ بالىلىرىمنى تەربىيەت قىلىپ كامالىغا يەتكۈزۈپ، ئاندىن مېنىڭ قېشىمغا كېلىڭ ــ دېدى. ئابدۇپەتتاھ يەنە ئۈچ يىل ئۆمۈر كۆرۈپ ۋاپات بولدى. يەرلىككە قويغاندا، سۇتۇق بۇغراخانغا ئوخشاشلا دۇئا ئوقۇدى، خەلق ئابدۇ پەتتاھتىن بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ پەريات قىلىشتى. خوجا ئابدۇ پەتتاھنىڭ گۆرلۈكىدىن: ــ ئەي خەلق، جىم تۇرۇڭلار! خۇدا سىلەرگە رەھمەت قىلسۇن ــ دەپ ئاۋاز كەلدى. ھەممە خەلق بۇ ئاۋازنى ئاڭلاپ جىم تۇردى. شۇ كېچىسى شەيخ نەجمىددىن ئەتتار ئابدۇ پەتتاھنى چۈشىدە كۆرۈپ: ــ ئەي خوجا، خۇدا سىزگە نېمە ئىش قىلدى؟ دېدى. ئابدۇ پەتتاھ كۈلۈپ: ــ ئەي نەجمىددىن، مېنىڭ روھىم سۇلتان سۇتۇقنىڭ روھلىرىغا قوشۇلدى، بۇ ئالەمنىڭ غەم-قايغۇسىدىن قۇتۇلدۇم، خۇدانىڭ دوستلىرىغا ئۆلۈك ــ تىرىكلىرىنىڭ پەرقى يوق، نېمە كۆرسەڭ شۇنى ئېيتقىل ــ دەپ غايىب بولدى.

(«تەزكىرە ئۇۋەيسىيە»، ئۆزبېكىستان نەمەنگان ئىسھاقىيە مەتبەسى، 1331 ــ يىل نەشرى، 26 ــ بەتتىن، 177 ــ بەتلەرگىچە، مىلادى 1912 ــ 1913 ــ يىل تەرجىمە)

# جالالىددىن بۇخارى ۋە تۇغلۇق تۆمۈرخان خوجا مۇھەممەت شېرىپ پىر، ئابدۇرىشىت خانلار توغرىسىدا تارىخىي قىسسە

شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەتلەر جەمئىيىتى، تارىخنى
تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەرىپىدىن تەرجىمە قىلدۇرۇلدى

1959 - يىل ئۆكتەبىر

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى
دىن تەتقىقات ئىنستىتۇتى تەرىپىدىن باستۇرۇلدى

1988 - يىل يانۋار

## جالالىددىن كىتىكىنىڭ بۇخارادىن كىتىك شەھىرىگە كېلىشى ۋە كىتىك شەھىرىنى قۇم بېسىپ كەتكەندىن كېيىن ئاقسۇغا كېلىپ تۇغلۇق تۆمۈرخانغا ئۇچرىشىشى

موڭغۇل قەبىلىلىرىنى بىرلەشتۈرۈپ قوشنا ئەللەرگە تاجاۋۇز قىلىپ «قەھرىمانلىق» بىلەن نام چىقارغان شاھىنشاھ قانخور چىڭگىزخان ئوتتۇرا ئاسىيا ئەللىرىنى، جۈملىدىن بۇخارانى بېسىۋېلىپ، نۇرغۇن خەلقنى قىرىپ، پاك زېمىننى ئادەم قېنى بىلەن بويىدى. بۇ قىرغىندا، ئەڭ ئالدى بىلەن ئالىملار، سەنئەتكارلار، ھۈنەرۋەنلەرنى ھەم قىرىپ تاشلىدى. قۇتۇلۇپ قالغانلار ئەتراپقا قاچتى، يوشۇرۇندى. جۈملىدىن مەشھۇر ئالىم ئەبۇ ھەبىس كىبىرنىڭ ئوغلى جالالىددىن بەلغىلىك شاگىرتى شەيخ شاھابىددىن بىلەن ئۆزىنى يوشۇرۇپ قېچىشنىڭ مەسلىھىتىنى قىلىپ، ئاقىۋەت كىتىك شەھىرىگە كېتىشنى كۆپرەك ياقتۇردى. ئەبۇھەبىس كىبىر بۇخارى مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ نەۋرىسى ئىمام ئەلى مۇسارىزانىڭ ئۈچىنچى نەۋرىسى ئىدى. جالالىددىن بىلەن شەيخ شاھابىددىن ئىككىسى بىر بولۇپ بۇخارادىن چىقىپ،چۆل-جاڭگاللارنى كېزىپ ئۆتۈپ شەھىرى كىتىككە يېتىپ كەلدى. يىراقتىن بۇلارغا قەلئە(سېپىل) كۆرۈندى، شەھەرگە كىرمەي بىر مەسچىتكە كىرىپ ياتتى، تاڭ ئاتقاندا شەھەرگە كىردى. شەھەر ئاجايىپ گۈزەل ئىدى، ئادەملىرى كۆپ، غەۋغاغا تولغان، ئىمارەتلىرى پەلەككە باش تارتقان ئېگىز، دەرەخلىرى كۆپ، ئېرىقلىرىدا سۇلار ئېقىپ تۇرغان، خۇش ئاۋاز قۇشلار سايرىشىپ تۇرغان ئىدى. لېكىن بۇ شەھەرنىڭ خەلقى بەدكىردار (يامان پېئىللىك) كۆرۈندى. جالالىددىن ۋە شەيخ شاھابىددىنلەر بىر بۇلۇڭغا بېرىپ ئولتۇردى، ھېچ كىشى بۇلارنى تونۇمايتتى. بۇلار كېچىنى ئۈچ ھەسسە قىلىپ، بىر ھەسسىسىدە ئۇخلاپ، بىر ھەسسىسىدە ئىبادەت قىلاتتى، يەنە بىر

ھەسسىسىدە قۇرئان ئوقۇيتتى. شۇنداق ئەھۋال بىلەن ئۇزۇن ۋاقىت ئۆتتى، بۇ
مەملىكەتتە جاي تۇتتى. تۇرمۇش ۋاستىسىدىن بىرلا ئىبرىق، بىر جايىنامازدىن
باشقا ھېچنەرسىسى يوق ئىدى، قوساقلىرى ئاچسا، كىشىلەردىن نەرسە سوراشقا
نومۇس قىلىپ خۇداغا شۈكرى قىلاتتى. «ئەللىك يىللىق ياخشى نامنى بىر قېتىملىق يامان
نام كىشىلىكتە دەپسەندە قىلىدۇ» دېگەندەك، ئۇلار ئۆزلىرىنى ئېھتىياتچان تۇتاتتى.
خەلقنىڭ بۇلار ھەققىدە: بۇخارادىن ئىككى يىگىت كەپتۇ، دېگەندىن باشقا خەۋىرى
يوق ئىدى. جالالىددىن، شەيخ شاھابىددىنلار بىر كۈنى مۇلاھىزە قىلىپ، كىتىكتىكى
ئادەملەرنىڭ قايسى دىن، قايسى مەزھەپ ۋە قايسى «مىللەت» ئىكەنلىكىنى بىلمەكچى
بولۇپ دىققەت قىلدى. بۇلارنى مۇسۇلمانمىكىن دېسە، ناماز ئۆتىمەيدۇ، روزا
تۇتمايدۇ، «خەير-ئېھسان» (نەزىر-سەدىقە) قىلمايدۇ؛ كاپىر (مۇسۇلمان ئەمەس)
مىكىن دېسە، ئىمان ئېيتىدۇ، مۇسۇلمانچە كىيىنىدۇ، بۇ ئەھۋالدىن قارىغاندا، ئۇلار
«گەبرى» ئىكەن. بىر كىشىنى چاقىرىپ: — سىزلەرنىڭ پادىشاھىڭلار بارمۇ؟ سىلەر
قايسى مەزھەپ (دىن)، قايسى مىللەت؟ دەپ سورىدى. بۇ كىشى: - پادىشاھىمىز
بار، ئىسمى زۇۋەر شاھ كىتىكى دېيىلىدۇ، ئالىملىرىمىز يوق، مەزھەپ، مىللەت دېگەننى
بىلمەيمىز، لېكىن «لائىلاھە ئىللەللاھۇ، مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللا» (بىر ئاللادىن باشقا
ئاللا (خۇدا) يوق، مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام ئاللانىڭ بەندىلىرىگە ئەۋەتكەن پەيـ
غەمبىرىدۇر) دەپ ئىمان ئېيتىمىز، بۇنىڭدىن باشقىنى بىلمەيمىز - دېدى. جالالىددىن،
شاھابىددىنلەر ھەيران بولۇشۇپ: - بۇلار قانداق ساددا خەلقلەر ... بۇلارنى مۇ-
سۇلمانچىلىق قائىدىلىرىگە دالالەت قىلالايلى، بىزمۇ بۇ يەردە جايدار، ۋەتەندار
بولۇپ تۇرايلى - دەپ قارار قىلىشىپ، پادىشاھنىڭ ئالدىغا باردى. پادىشاھ ئوردى-
سىدا ئەڭ زور جىسمىلىق (بەستلىك) گەبرىلەر تۇراتتى، بۇ گەبرىلەرنى كۆرۈپ،
خوجا جالالىددىن ۋە شەيخ شاھابىددىنلەر ئەندىشە قىلىپ ئايەت ۋە دۇئالارنى ئوقۇپ،
ئۆزىگە دەم سېلىپ تۇراتتى، شۇئان بىر شىر پەيدا بولدى، شىرنىڭ ئۇچىسىغا بىر
يىلان ئارتىقلىق ئىدى. خۇدانىڭ تەقدىرى - ئەمرى بىلەن شىر خوجا جالالىددىننىڭ
ئالدىغا كېلىپ تۇردى، خوجا جالالىددىن «بىسمىللا، غەلىبە نۇسرەت ئاللادىن»
دەپ شىرغا مىندى، يىلاننى قولىغا ئالدى، شەيخ شاھابىددىن ئارقىسىدىن ماڭدى،
بۇلارنى پادىشاھ ئوردىسىدىكىلەر بۇنداق ھەيۋەت بىلەن كۆرۈپ قېچىپ كىرىپ،
زۇۋەر شاھقا خەۋەر قىلدى. مەۋلانە جالالىددىن شىرغا مىنىپ ئوردىغا كىردى.
زۇۋەر شاھ كىتىكى ئالتۇندىن ياسالغان تەختتە ئولتۇراتتى، ئوڭ قول تەرىپىدە 50
نەپەر پەلۋان، سول قول تەرىپىدە 50 نەپەر پەلۋان تىك تۇراتتى، ئورۇندۇقلاردا
ئولتۇرغان ئەمەلدارلار ناھايىتى كۆپ ئىدى، 70 نەپچە خىزمەتچى قول قوشتۇرۇپ

قاراپ تۇراتتى، دېمەك، زىۋەر شاھ ھەيۋەتلىك چوڭ پادىشاھ ئىدى. مەۋلانە جالالىددىن شىردىن يەرگە چۈشتى، شەيخ شاھابىددىن شىرنى باغلاپ قويدى، مەۋلانە جالالىددىن يۇقىرى ئاۋاز بىلەن سالام قىلدى ۋە: — مېنىڭ سالامىم خۇدانى بىر دەپ ئېتىراپ ئېتىقاد قىلغان، مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنى ھەقىقىي پەيغەمبەر دەپ ئېتىراپ قىلغان ۋە مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ ئابابەكرى، ئۆمەر، ئوسمان، ئەلى قاتارلىق تۆت دوستىنى دوست تۇتقان، ئىبراھىم پەيغەمبەرنىڭ مىللىتى (يولى) نى ئىجرا قىلغان، ئىمام ئەزەمنىڭ مەزھەپ (مەسلەك) لىرىنى تۇتقان، نەقشىبەندىنىڭ تەرىقىتىگە كىرگەن كىشىلەرگە بولسۇن — دېدى. زىۋەر شاھنىڭ بارلىق پەلۋانلىرى بۇ سۆزگە ھەيران قالدى، شاھ ئورنىدىن تۇرۇپ: — نېمە ئىشقا كەلدىڭىز؟ دەپ سورىدى. مەۋلانە جالالىددىن: — بۇخارادىن كەلدۇق، كېلىشتىكى مەقسىتىمىز — ئالەمنى ساياھەت قىلىپ يۈرگەيمىز، كىمنىڭ ھاجىتى بولسا، دۇئا قىلغايمىز، ھاجىتى راۋا بولغاي، ھەر يەردە يولدىن (دىندىن) ئازغانلار بولسا، توغرا يولغا سالغايمىز، ئەي زىۋەر شاھ، سىزنىڭ جاۋابىڭىز نېمە؟ ئەگەر ئىسلام دىنىنىڭ توغرا يولىغا كىرىپ، «چاھارىيار» (پەيغەمبەرنىڭ تۆت دوستى) نى دوست بىلسىڭىز، بۇ ياخشى، ئەگەر ئىنكار قىلسىڭىز، دۇئا قىلىمەن — دە، شەھرىڭىزنى قۇم بېسىپ كېتىدۇ — دېدى. زىۋەر شاھ: — سېنىڭ دۇئا قىلىشىڭ بىلەن قۇم بېسىپ كەتسە، سەن ئۆزەڭ قانداق كىشىسەن؟ دېدى. مەۋلانە جالالىددىن: — مەن مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ نەۋرىلىرىدىن بولىمەن — دەپ، گۇۋاھلىق ئۈچۈن باشلىرىدىكى كوكۇل (چاچ) لىرىنى كۆرسەتتى. زىۋەر شاھنى شەيتان ۋەسۋەسىگە سېلىپ: — ئاتا - بوۋاڭنىڭ يولىدىن قايتما، بولمىسا ئىززەت - ئابرويىڭدىن ئاجرايسەن — دەپ توسۇپ تۇراتتى. شۇنىڭ بىلەن زىۋەرشاھ: — سىلەردىن ئىلگىرىمۇ بىر مۇنچە مۇساپىرلار كېلىپ كەتتى، ئۇلارمۇ دىنىمىزغا قەست قىلمىدى، سىلەر ساراڭ ئادەملەر ئىكەنسىلەر، ئەگەر مەقسىتىڭلار پۇل بولسا، توپلاپ ئەتلەسلەر، قاچىلاپ ئالتۇن بېرەيلى، كېتىڭلار — دېدى. مەۋلانە قوبۇل قىلمىدى ۋە: — مۇسۇلمان بولساڭلار بولىدۇ — دېدى. زىۋەر شاھ غەزەبلىنىپ: — بۇ ساراڭ (ئەقلىدىن ئازغان) لارنى ئالدىمدىن يىراق قىلىڭلار! دەپ بۇيرۇق قىلدى، لېكىن بىرەر كىشىمۇ جالالىددىننى يىراق قىلىشقا جۈرئەت قىلالمىدى. ئەگەر جالالىددىن شىرغا بۇيرۇسا، ئۇلارنى پارە - پارە قىلىۋېتەتتى، لېكىن سەۋر قىلدى. ئۇ بازارغا چىقىپ ئوچۇق ۋە يۇقىرى ئاۋاز بىلەن خەلقنى ئىسلام دىنىنىڭ توغرا يولىغا چاقىردى، ئەگەر قوبۇل قىلمىسا، قۇم بېسىپ كېتىشىدىن قورقۇتتى. بۇ جەرياندا ئارانلا 15 كىشى ئىشىنىپ مۇسۇلمان بولدى، قالغانلىرى قوبۇل قىلمىدى، مەسخىرە قىلىشىپ كۈلۈشتى: — قەدىمدىن تارتىپ يامغۇر ياغقان ئىدى، قۇم ياغمىغان، قار-

يامغۇر كۆپ ياغقان ـ دېيىشەتتى. مۇسۇلمان بولغان 15 كىشى:ـ ئەي جالالىددىن،
بىز ئىسلامغا كىردۇق، نېمە دەيمىز (نېمىنى ئېيتىمىز) ؟ دېدى. جالالىددىن : ـ سىلەر
مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ تۆت دوستى ئابابەكرى، ئۆمەر پارۇق، ئوسمان، ئەلى ـ
لەرنى پەيغەمبەرنىڭ يېقىن سەپداشلىرى ـــ دوستى، خۇداغا يېقىن كىشىلەر، دەپ ئېتىـ
قاد قىلىڭلار ـ دەپ ئۆگەتتى. بۇلار چاريارلارنى ئوقۇپ ساغلام مۇسۇلمانلاردىن
بولدى. دەل شۇ كۈنى ناماز شام (كەچقۇرۇنقى ناماز ۋاقتى) ئىدى. شەيخ شاھا ـ
بىددىن ئەزان ئوقۇدى، ناماز ئۆتىدى، بىر قانچە گەبرىلەر كېلىپ قاراپ تۇردى،
بۇلاردىن گۇمانلاندى. چۈنكى بۇلار بېشىنى ئۇستۇن كۆتۈرۈپ يەرگە قويۇپ
( سەجدە قىلىپ) بىزگە بىر ھەرىكەت قىلماقچى بولغان بولۇشى كېرەك، دەپ بۇلار ـ
نىڭ (مۇسۇلمانلارنىڭ) بېشىغا تۇپراق چاچماقچى بولۇپ قولىنى كۆتەرگەن ئىدى،
قولى قۇرۇپ قالدى، كۆزلىرى كور بولدى. جالالىددىن ئۇلارغا:ـ ئەگەر سىلەر
چاھار يارنى ئېتىراپ قىلساڭلار دۇئا قىلاي، قول ـ كۆزۈڭلار تۈزەلسۇن ـ دېدى.
گەبرىلەر:ـ بىز سىز دېگەننى ھەرگىز دېمەيمىز ـ دەپ شۇ يەردە ئولتۇرۇپ قالدى.
جالالىددىن بۇ يەردىن قوزغىلىپ مېڭىپ 17 «ئۆسۈش» (تەكشۈرگۈچى) لەرگە ئۇچـ
رىدى، ئۇلار تۇتۇپ باغلاشقا ئۇرۇندى. ئۇلارغا:ـ بىزگە دەخلى قىلماڭلار، بىز
خۇدانى يادلاپ يۈرۈمىز، ئوغرى ئەمەسمىز ـ دەپ كۆپ ئېيتتى، ئۇلار قوبۇل قىلماي
باغلاشقا كىرىشتى. جالالىددىن خۇداغا يىغلاپ دۇئا قىلدى، شۇ زامانلا قاتتىق بىر
ئاۋاز پەيدا بولدى، ئاۋازدىن كېيىن پادىشاھ ئوردىسىغا مىنىپ بارغان ھېلىقى شىر
پەيدا بولدى ھەم ئۇلارنى (گەبرىلەرنى) پارە ـ پارە قىلىپ يىرتىپ تاشلىدى. شىر
جالالىددىننىڭ ئايىغىغا يۈز ـ كۆزىنى سۈرتتى، جالالىددىن شىرنىڭ دۈمبىسىنى سىلاپ
قويدى، شىر كۆزدىن غايىب بولدى. مەۋلانە جالالىددىن بىر قوشاق كالىنى تاپـ
تۇرۇپ بىر مومىغا (تىرەككە) باغلاپ، 15 مۇسۇلمانغا شۇنداق دېدى :ـ سىلەر ئۇخـ
لىماي بۇ مالنى ھەيدەڭلار، سىلەر «ئامىن» دەڭلار، مەن دۇئا قىلاي، بۇ بەدبەختـ
لەر ھالاك بولسۇن ـ دەپ قولىنى كۆتۈرۈپ دۇئا قىلىپ: ـ ئەي ئىلاھىم، ئاسماندىن
قۇم ياغدۇرۇپ 41 كىشىلىكنى ھالاك قىل، ئامىن! دەپ تۇرۇشلىرى بىلەن، ئاسمانـ
دىن قۇم يېغىشقا باشلىدى. 15 كىشى تاڭ ئاتقىچە كالىلارنى ھەيدەپ تۇردى، تاڭ
ئېتىشى بىلەن قۇم يېغىش توختىدى. مۇلاھىزە قىلىپ قارىغاندا، چوڭقۇر يەرلەر
تۈزلىنىپ، تۈركىستان يۇرتلىرىنىڭ بېشى كۆرۈندى. ئەمدى قايسى تەرەپكە ماڭساق
بولار؟ دېيىشىپ، ئەرۋاھلاردىن بىشارەت تىپىپ، مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام، چاھاريار،
سەئىد بۇرھانىددىن قىلىچ، ئەبۇھەبىس كىبىر بۇخارى قاتارلىق يەتتە كىشى پەيدا
بولدى، پەيغەمبەر بۇلارغا:ـ ئەي باللىرىم! سىلەرگە رەھمەت، ئەگەر سىلەر كېلىپ

بۇ گەپلەرگە زەربە بەرمىسەڭلار، ئۇلار قەشقەر بىلەن ماۋارائۇننەھرنى بېسىۋېلىپ ئۆز مەزھىپىگە كىرگۈزۈشنى قەست قىلىشقان ئىدى، شۇنىڭ ئۈچۈنمۇ سىلەرنى بۇ تەرەپكە ئىختىيار قىلدۇرغان ئىدۇق؛ ئەمدى سىلەر «ئەردۇبىل» (ئاقسۇ) غا بېرىپ تۇغلۇق تۆمۈرخان دېگەن كاپىرنى مۇسۇلمان قىلىڭلار ۋە شۇ يەردە ئۆيلىنىپ ئائىلە قۇرۇڭلار؛ بىر ئوغۇل بالىڭىز ۋۇجۇدقا كېلىدۇ، ئىسمىنى خوجا ئەرشىددىن قويۇڭ؛ تۇغلۇق تۆمۈرخان سىزنىڭ قولىڭىزدا مۇسۇلمان بولاي - دەپ ئېيتىدۇ، ئەمما سىزنىڭ ئۆمرىڭىز ئۇنىڭغا ئۇلگۇرمەيدۇ، ئوغلىڭىز ئەرشىددىننىڭ قولىدا ئىسلام دىنىغا كىرىدۇ؛ ئەي ئوغلۇم، سىزدە خۇدانىڭ جامالىيەت (ئۇلۇغلۇق) سۈپىتى پەيدا بولدى، ئېتىڭىزنى جامالىددىندىن يۆتكەپ جالالىددىن قويدۇق - دەپ غايىب بولدى. جالالىددىن گۈلدەك ئېچىلىپ دوستلىرىنىڭ قېشىغا كەلدى:- ئەي دوستلار! بىزگە بىشارەت (خەۋەر) بېرىلدى، ئەردۇبىل شەھىرىگە بارىمىز - دەپ بېلىنى باغلاپ يوللارنى كېسىپ، چۆللەرنى ئاتلاپ مېڭىپ، ئاخىرى ئەردۇبىلغا يېتىپ كەلدى، ئايكۆلدە تۇردى. بىللە كەلگەن كىتىك خەلقىگە:- قەيەرنى كۆڭلۈڭلار خالىسا شۇ يەرنى ماكان (جاي) قىلىڭلار، خۇدانىڭ ئەمرىنى، مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ يولىنى تاشلىماڭلار، ئاللا تائالا ئىنسانلارنى روزا تۇتۇشقا، ناماز ئۆتەشكە ئەمر قىلدى، ھاراق ئىچىپ، ھارام ئىشلارنى قىلىشتىن مەنئى قىلىش بىلەن، يامان ئادەت، ئىسيان، گۇناھلاردىن يىراق بولۇشنى، جۈمە نامىزىغا ھازىر بولۇشنى بۇيرۇدى - دەپ ۋەسىيەت قىلىپ رۇخسەت بەردى. كىتىكنىڭ ئادەملىرى كېلىپ «رەبىئۇلئەزىز» دېگەن جايدا ئورۇنلاشتى. مەۋلانە جالالىددىننىڭ يېنىدا شەيخ شاھابىددىن بىللە قالدى. ئۇلار بىر زامان ئايكۆلدە تۇردى، مەۋلانە جالالىددىن شۇ يۇرتتىن ئۆيلەندى، ئايالى بىر ئوغۇل تۇغدى، ئىسمىنى خوجا ئەرشىددىن قويدى، 14 ياشقا كىرگىچە ئىلىم، ئەخلاق، ئەدەب ئۆگەتتى، ئوق ئېتىش، ئات مىنىشنى ئۆگەتتى.

## تۇغلۇق تۆمۈرخان ھەققىدە

رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، تۇغلۇق تۆمۈرخان موغۇلىستاننىڭ تۆرىسى (پادىشاھى) ئىدى، پايتەختى بولغاسۇندا ئىدى. بولغاسۇن دېيىشتىكى مەقسەت شۇ ئىدىكى، بۇ، كەيكاۋۇسنىڭ شەھىرى بولۇپ، يەكەن، قەشقەر، ئەردۇبىل (ئاقسۇ) كۇسەن (كۇچا) كىشىلەرنىڭ بېجىنى بۇ شەھەرگە تاپشۇراتتى، تۇغلۇق تۆمۈرخان ئەردۇبىلنى كۆرەي

دەپ ئالتە لەك ئالتە مىڭ (60 تۈمەن 6 مىڭ) ئەسكەر بىلەن تاغ - ئېدىرلارنى شىكار قىلىپ (ئوۋ ئوۋلاپ) كېلىپ كەچ قېلىپ ئايكۆلگە چۈشكەنىدى. سەھەر ۋاقتىدا شەيخ شاھابىددىن ناماز ئۈچۈن ئەزان ئوقۇدى. تۇغلۇق تۆمۈرخان ئۇيقۇ ئارىلاش ئورنىدىن تۇرۇپ ئەزاننىڭ ئاۋازىنى ئاڭلىدى ۋە ئۇنىڭ قاتتىق تاشتەك دىلىغا تەسىر قىلدى، ئىختىيارسىز كۆزىدىن ياش ئاقتى، دىلىدا قاتتىق بىر تەسىرات پەيدا بولدى. تۇغلۇق تۆمۈرخان ئۆزى ئات باققۇچىسىنى چاقىرىپ: - ئەشۇ ئاۋاز چىقار-غۇچىنى (ئەزان ئوقۇغۇچى) نى ئېلىپ كېلىڭلار - دەپ ئەۋەتتى. ئۇ بېرىپ: - تۇۋلىغۇچى قايسىڭ؟ سېنى تۆرە چاقىرىدۇ - دېدى. شەيخ شاھابىددىن: - ئەزان ئوقۇغۇچى مەن، تۆرە نېمە قىلماقچىكەن؟ دەپ ئۆزىنى كۆرسەتتى. ئۇ كىشى: - نېمە قىلىشىنى بىلمەي-مەن - دېدى. مەۋلانە جالالىددىن: ئەلۋەتتە، بىركاپىر — تۇغلۇق تۆمۈرخان مۇسۇلمان بولىدۇ - دەپ ئىككىسى بىللە كەلدى. تۇغلۇق تۆمۈرخان قىزىل چېدىر قۇرۇپ، ئۆينىڭ ئالدىدا كۈرسى (ئورۇندۇق) قويۇپ ھەيۋەت بىلەن ئولتۇراتتى. تۇغلۇق تۆمۈرخان: - نېمە دەپ ۋاقىرىدىڭ (ئەزان ئوقۇدۇڭ)؟ دەپ سورىدى. مەۋلانە جالالىددىن: - ھەييە ئەلەس سالاس» (ئەي جامائەت - مەھەللە خەلقى نامازغا كېلىڭلار!) دەپ چاقىردىم، « ئەسسە تۇخەيرۇ مىنەننەم» (ناماز ئۆتەش ئۇخلىغاندىن ياخشى!) دەپ چاقىردىم - دېدى. تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ ئالدىدا بوينىغا ئالتۇندىن قوڭغۇراق ئېسىلغان بىر ئىت ياتاتتى، تۇغلۇق تۆمۈرخان مەۋلانە جالالىددىنغا قاراپ: - سەن ياخشىمۇ ياكى مېنىڭ ئىتىم ياخشىمۇ؟ دەپ سورىدى. جالالىددىن: - ئەي كاپىر! ئىمان (خۇدانى تونۇش) مەندە بولسا، مەن ياخشى؛ ئەگەر سېنىڭ ئىتىڭدا ئىمان بولسا، ئىتىڭ ياخشى؛ ئەگەر ئىمان سەندە بولسا، سەن ياخشى، ئېتىبار پەقەت ئىماندا - دېدى. تۇغلۇق تۆمۈرخان: -ئىمان دېگىنىڭ نېمە؟ دەپ سورىدى. مەۋلانە: - «ئىمان» دېگەندە، كۆپچىلىك ئالىملار: خۇدانى تىل بىلەن ئىقرار قىلىپ، دىلى (ئىدىيەۋى) جەھەتتە تەستىقلاپ قايىل بولۇش، دەيدۇ؛ بەزى ئالىملارنىڭ كۆز قارىشىچە، دىنىنىڭ ئەمەلىيەتلىرىنى بېجىرىش بىلەن قوشۇلۇپ مۇسۇلمان بىلەن مۇرەككەپدۇر. ئاللاغا ھېچبىر نەرسىنى ئوخشىتىشقا بولمايدۇ، شۇنىڭ بىلەن ئاللانى بىر دەپ ئىمان ئېيتىش كېرەك؛ پەرىشتىلەرنى ئېتىراپ قىلىش، ئاللانىڭ پەيغەمبەرلىرىنى، ئەۋەتكەن كىتاب-لىرىنى تونۇش، پەيغەمبەرلەرنىڭ بارچىسى ھەق ۋە ھەقىقىي دەپ ئېتىراپ قىلىش، خۇدانىڭ بارلىق تەقدىرىگە ئىمان كەلتۈرۈش، قىيامەت كۈنى ئادەملەر تىرىلىپ ياخشىلىق - يامانلىق ئۈچۈن ھېساب بېرىش، جەننەت - دوزاقنىڭ مەۋجۇتلۇقىغا قايىل بولۇش — ئىماندۇر - دەپ جاۋاب بەردى. تۇغلۇق تۆمۈرخان كاپىرلىق بىلەن مەست ئىدى، ئۇ ھوشىغا كەلدى، پۈتۈن بەدەنلىرى تىترىدى، تاشتەك كۆڭلى مومدەك

ئېرىدى. تۇغلۇق تۆمۈرخان: — ئەي ھەممەتىلىك، غەيرەتلىك كىشى، ئۆزەڭ كىم بولىسەن؟ دەپ جالالىددىنىدىن سورىدى. جالالىددىن: — مەن ئەبۇ ھەبىس كىبىر بۇخارىنىڭ ئوغلى بولىمەن. تۇغلۇق تۆمۈرخان: — ئەي خوجا، راست — توغرا دىسىڭ سىزنىڭ دىنىڭىز ئىكەن، بىزنىڭ دىنىمىز ناتوغرا، ئاساسسىز ئىكەن — دېدى. جالالىددىن: — ئەي شاھ، ئىسلام دىنى شەرىپىگە كىرىشىڭ — دېدى. تۇغلۇق تۆمۈرخان: — ئەي ئالىم، ھازىر بۇ يەرگە ئۆزگىمىشلىرىم بىلەن كەلدىم، ئەگەر ئىسلامغا كىرىپ يۇرتۇمغا (پايتەختىمگە) قايتسام، خەلقىم: سەن «ئاق داستار» (ئاق سەللىلىك) لەرنىڭ دىنىغا كىرىپسەن، دەپ قارشى تۇرىدۇ، مەسلىھەت شۇنداق بولسۇنكى، مەن ھازىرچە قايتاي، يۇرتقا بېرىپ ئۇ يەردىكىلەرنى ھەم مۇۋاپىق ئۇسۇل بىلەن ئىسلامغا چاقىراي، سىز ئىلىغا بېرىڭ — دېدى. جالالىددىن قوبۇل قىلدى. تۇغلۇق تۆمۈرخان قايتماقچى بولغاندا، جالالىددىن: — مېنىڭ ئۆمرۈم ئىلىغا بېرىشقا يەتمىسە، ۋەدىگىزدىن قايتماڭ، مېنىڭ ئوغلۇم ئەرشىددىن بارسۇن — دېدى. تۇغلۇق تۆمۈرخان ئەرشىددىننى چاقىرتىپ ئوبدان تونۇۋالدى. تۇغلۇق تۆمۈرخان خوشلىشىپ يولغا چىقىپ كەتتى. بۇ ئارىدا بىر قانچە يىللار ئۆتكەندىن كېيىن، سۇلتان ئىسكەندەر، شەيخ ئىسكەندەر، شەيخ ھۈسەيىن ئاۋغانلار ئۈچ نەپەر ئوغلى بىلەن ۋە شەيخ ھىلال، شەيخ بىلال، شەيخ زۇنۇنلار كەلدى. شەيخ ئىسكەندەر قوستەنتە (ئىستانبۇل) پادىشاھىنىڭ ئوغلى ئىدى، ئاتىسى ئۆلۈپ ئورنىغا پادىشاھ بولغان. بىركۈنى چۈشىگە ئىمام ئەبۇ ھەبىس كىبىر بۇخارى كىرىپ، ئۇنى پادىشاھلىقنى تاشلاپ خۇدا يولىغا كىرىشكە دەۋەت قىلدى. ئۇ پادىشاھلىقنى تاشلاپ، 700 نەپەر قۇلىنى ئازاد قىلىپ، 400 كالا، قوي ئۆلتۈرۈپ نەزىر قىلىپ، خەزىنىلىرىنى كەمبەغەللەرگە سەدىقە قىلىپ بېرىپ، بىر قىسمىنى بالا — چاقىسىغا قالدۇرۇپ، يۇرتتىن ئايرىلىپ چۆل — دەشتلەرنى كېزىپ ئۆتۈپ بۇخاراغا كەلدى. ئەبۇ ھەبىس كىبىرنىڭ قەبرىسىدىن خەۋەر تېپىپ بۇ تەرەپكە ئۆتكەن ئىدى، شەيخ ھۈسەيىن ئاۋغان ئۈچ ئوغلى بىلەن شەيخ ھىلال شەيخ زۇنۇن، شەيخ بىلاللار بىللە ئىدى، كېيىملىرى كىگىزدىن، چاچلىرى ئۆسكەن ھالەتتە ئىدى. مەۋلانە جالالىددىن، شەيخ شاھابىددىنلەر ئۇلار بىلەن كۆرۈشتى. بۇلارغا ئەۋلىيالارنىڭ روھىدىن بىشارەت بولۇپ، ھەممىنى سۇلتان ئىسكەندەرگە تاپشۇرۇپ، جالالىددىن ۋە ئەرشىددىنلەرگە خىزمەت قىلىشنى ئۇقتۇردى. بۇلار بىر — بىرى بىلەن تېپىشقاندىن كېيىن، خۇداغا ئىبادەت قىلىشقا باشلىدى. بۇلار بىلەن كۆرۈشۈپ بىر يىلدىن كېيىن، مەۋلانە جالالىددىننىڭ بۇرنىغا بىر خۇش پۇراق پۇرىدى، قۇرئاننى ئېچىپ قارىسا، «كۇللۇ-نەفسىن زائىقە تۇل مەۋكى» (ھايات ئىگىسى بولغان نەرسىنىڭ ھەممىسى ئۆلۈمنى تېتىيدۇ، يەنى ئۆلۈم ئاچچىقىنى تېتىپ كۆرمەي، ئۆلمەي چارە يوق) دېگەن ئايەت

كۆرۈندى. ئىبادەت قىلىپ ئولتۇرغان ئۆينىڭ مېھراپى يېرىلدى، مۇھەممەت ئەلەيھىس-
سالام باشلىق پۈتۈن ئەۋلىيالار كۆرۈندى، جۈملىدىن سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان
غازى، ئەلى ئارسلانخانلارمۇ ھازىر بولدى. مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام گۆھەر چېچىلىپ
تۇرغان سۆزلىرى بىلەن: - ئالىم بولۇپ ئىلىم بىلەن ئەمەل قىلىشتىنمۇ غازات (جەڭ)
قىلىش ياخشى، ھەر كىشى ئىسلام نىيىتىدە ئۆلسە، ئۇ تىرىك ھېسابلىنىدۇ، جەننەتتە
پەيغەمبەرلەر بىلەن پەرقسىز راھەت كۆرىدۇ؛ رۇم (رىم — كىچىك ئاسىيا) نى خوجا
ئابدۇراخمان مۇسۇلمان قىلدى، قەشقەرنى ئوغلۇم سۇلتان سۇتۇق بۇغراخان
غازى مۇسۇلمان قىلدى، بەربەر شەھىرىنى ئەلى مۇسۇلمان قىلدى،
سىلەر ئاتا - ئوغۇل بىرلىكتە تۇغلۇق تۆمۈرخاننى مۇسۇلمان قىلىڭلار،
تۇغلۇق تۆمۈرخان مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن، ئوغلىڭىز خوجا ئەرشىددىن بەش
نەپەر دوستى بىلەن كۇچادا تۇرسۇن - دەپ ئەمر قىلدى، يەنە: - كۇچا خەلقى
ئۇرۇش قىلماي مۇسۇلمان بولغانلىقتىن، بىر ئەۋلادىمنىڭ كۇچادا تۇرۇشىنى لايىق كۆر-
دۈم - دېدى. شۇنىڭدەك، - مېنىڭ ئەۋلادىمدىن تەقسىرات (كەمچىلىك) ئۆتكۈلمىسە، كۇچا
چۆل (ۋەيران) بولمايدۇ - دەپ، ماۋارا ئۇننەھرنىڭ نەزىر-نىيازىنى مىركۇلال نەقشى-
بەندىگە، سەئىد باھاۋىددىن قىلىچقا، ئەبۇھەبىس كىبىرغا بەردى؛ قەشقەرنىڭ نەزىر-
نىيازىنى سۇلتان سۇتۇق بۇغراخانغا، تۇرپاننىڭ نەزىر-نىيازىنى سۇلتان ئەلىپئاتاغا،
يەكەننىڭ نەزىر-نىيازىنى ھەپتە مۇھەممەدان (چىلتەن مازار) غا، ئاقسۇ-
نىڭ نەزىر-نىيازىنى پەتتاھ غازى ۋە مەۋلانە جالالىددىنلارغا، بەربەرنىڭ نەزىر-
نىيازىنى قاراستان پادىشاھ بىلەن ساھابىلارغا، كۇچانىڭ نەزىر-نىيازىنى شەيخ
نىزامىددىن دەھلەۋى بىلەن مەۋلانە ئەرشىددىنگە بەردى. بۇلار قوبۇل قىلىپ تازىم
قىلىشتى، مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام دۇئا قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن جالالىددىنغا: -
ئەي بالام، سىز شەيخ شاھابىددىننى ئېلىپ بىزنىڭ قېشىمىزغا پاتراق كېلىڭ،
خوجا ئەرشىددىن بېرىپ تۇغلۇق تۆمۈرخاننى مۇسۇلمان قىلسۇن، تۇغلۇق تۆمۈرخان
مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن، ئوغلىڭىز ئەرشىددىن كۇسەنگە كېلىپ شۇيەردە تۇرسۇن-
دېدى - دە، كۆزدىن غايىب بولدى. جالالىددىن ئوغلى ئەرشىددىن ۋە باشقا
دوستلىرىنى چاقىرىپ ۋەسىيەت قىلىپ: - ئەي ئوغلۇم، سىزنىڭ ۋۇجۇدىڭىزنىڭ
چىرىغىغا پىلىك سېلىپ (تەربىيەت قىلىپ) تەييارلىغانىدىم، ئۇنى تىرىشىپ يورۇ-
تۇڭ، ئەمدى ئاخىرەتكە سەپەر قىلىمەن، تۇغلۇق تۆمۈرخاننى مۇسۇلمان قىلغاندىن
كېيىن، كۇسەنگە بېرىپ ئورۇنلىشىڭ، مەن سىلەردىن رازى، سىلەر بولغاسۇنغا بېرىڭلار،
مەندىن رازى بولۇڭلار - دەپ ۋەسىيىتىنى تامام قىلىپ، قۇرئان ئوقۇپ تۇرۇپ
جانىنى خۇداغا تاپشۇردى (ۋاپات بولدى). خوجا ئەرشىددىن باشلىق بارلىق

سوفى ۋە خىزمەتكارلار يىغلىشىپ نالە-زار قىلىشتى، پۈتۈن ئاقسۇ خەلقىنى چاقىرىپ نامىزىغا تەكلىپ قىلدى. شۇ كېچىسى شەيخ شاھابىددىن ھەم ۋاپات بولدى، ھەر ئىككى ئەۋلىيانى دەپنە قىلدى. خەلق تارقىلىپ ئۆز ئۆيلىرىگە كېتىشتى، 40 كۈندىن كېيىن ئۇلارنىڭ قىرىق نەزىرىسىنى بەردى.

## ئەرشىددىن ۋەلىنىڭ ئىلىغا تۇغلۇق تۆمۈرخان ئوردىسىغا بېرىپ ئىسلام دىنىغا تەكلىپ قىلىشى

ئەرشىددىن ۋەلى ئاتىسى جالالىددىن ۋاپات بولۇپ 40 كۈندىن كېيىن قىرىق نەزىرىسىنى بېرىپ، تاغ يولى بىلەن يۈرۈپ مۇزات داۋىنىغا بېرىپ، داۋاندىن ئۆتۈپ بولغاسۇن (ئىلى) غا يېتىپ باردى. ئەتىسى تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ ئوردىسىغا كىردى. بۇلارنىڭ قەيەردىن كەلگەنلىكىنى سورۇشتۇرگەندىن كېيىن، تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ ئالدىغا ئېلىپ كىردى. تۇغلۇق تۆمۈرخان بىلەن جالالىددىن كېتىكىنىڭ ئەردۆل ئايكۆلدە (ئاقسۇدا) كۆرۈشۈپ ۋەدىلەشكەنلىكىنى بايان قىلىپ، ئۆزىنىڭ ئۇنىڭ ئوغلى ئىكەنلىكىنى تونۇشتۇردى. تۇغلۇق تۆمۈرخان ئۇنى تونۇپ ئۆزىنىڭ ئولتۇرغان تەختىگە تەكلىپ قىلدى، ئەرشىددىن قوبۇل قىلمىدى. تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ 12 جەيساڭ (بەگ) لىرى ھەيران بولۇشۇپ تۇردى. رىۋايەت قىلىنىشىچە، تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ ئالدىدىكى 12 جەيساڭ (بەگ) نىڭ ھەر بىرىنىڭ 1 مىڭدىن ئادىمى بار ئىدى. تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ مۇنتىزىم جەمئىي 6 لەك 90 مىڭ 800 كىشىسى (بىرلەك يۈزمىڭ) بار ئىدى، باشقا قاراچېرىكلىرى سان-ساناقسىز ئىدى. تۇغلۇق تۆمۈرخان ئەرشىددىن ۋەلىدىن ھال سوراپ: — ئاتىڭىز جالالىددىن كەلدىمۇ؟ دەپ سورىدى. ئەرشىددىن جاۋاب بېرىپ: — ئاتام ئاخىرەتكە سەپەر قىلدى، ماڭا قىلغان ۋەسىيىتى بويىچە، ھەم سىزنىڭ ئاتامنىڭ ئالدىدا قىلغان ۋەدىڭىزگە ئاساسلىنىپ كەلدىم — دېدى. تۇغلۇق تۆمۈرخان: — سۆزلىرىڭىز راست — دېدى. ئەرشىددىن ۋەلى تۇغلۇق تۆمۈرخانغا ئىمان تەكلىپ قىلدى، ئۇ قوبۇل قىلىپ «لائىلاھە ئىللەللاھۇ، مۇھەممەدۇن رەسۇلۇللا» (خۇدادىن باشقا خۇدا يوق، مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام خۇدانىڭ بەندىلىرىگە ئەۋەتكەن ئەلچىسى، پەيغەمبىرى) دەپ ئىمان ئېيتىپ مۇسۇلمان بولدى، ئەرشىددىن ۋەلى تۇغلۇق تۆمۈرخاننى تەبرىكلىدى. تۇغلۇق تۆمۈرخان ئۆزىنىڭ بارلاس، ئارلات، دۇغلات قاتارلىق جەيساڭلىرىنى ئىسلامغا كىرىشكە دەۋەت قىلدى، ھەممىسى قوبۇل قىلىپ مۇسۇلمان بولدى، يالغۇز بۇكە جۇراس ناملىق پەلۋان ئىمانغا كىرمىدى. بۇنىڭ بىلەن نۇرغۇن بەس-مۇنازىرىلەر ئۆتكەن

دىن كېيىن، ئەرشىددىن بىلەن چېلىشماقچى بولدى، ئەگەر بۇلارنىڭ قايسىسى بىرى يېقىلسا، ئۇ مەغلۇپ بولغان ھېسابلىنىپ، غالىب بولغۇچىنىڭ دىنىغا كىرىشنى ۋەدىلەشتى. تۇغلۇق تۆمۈرخان بۆكە چوراسقا غەزەبلىنىپ: - بىز شۇنچە زورلۇق بىلەن مۇسۇلمان بولدۇق، سەن نېمە دېمەكچى، بىز سېنى بىلمەيمىزمۇ؟ دېدى. ئەرشىددىن بۆكە باتۇر بىلەن چېلىشتى، ئەرشىددىن بۆكەنى كۆتۈرۈپ يەرگە ئۇرۇپ يىقىتتى، بۆكە چوراس مۇسۇلمان بولدى، شۇ كۈنى 80 مىڭ كاپىر مۇسۇلمان بولدى. يىراق قەبىلىلەرگە تۇغلۇق تۆمۈرخان ئادەم بىلەن خەت ئەۋەتتى، ئۇلارمۇ مۇسۇلمان بولدى. ئەرشىددىن ۋەلى تۇغلۇق تۆمۈرخانغا: - سىز باش بولۇپ بېشىڭلاردىكى جالاڭلارنى دەرياغا تاشلاڭلار - دېدى. مۇسۇلمان بولغانلار جالاسىنى ئېلىپ دەرياغا تاشلىدى، دەريا تولۇپ تاشقىن بولۇشقا باشلىدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئەرشىددىن ۋەلى تۇغلۇق تۆمۈرخاننى خەتنە قىلىشنى تەكلىپ قىلغان ئىدى، خوتۇنلاردىن سوراپ بىر تەرەپ قىلىشماقچى بولدى. خوتۇنلار: - بۇ نەرسىنى خەتنە قىلسا (كېسىلسە)، كىچىك بولۇپ قالامدۇ - دەپ قوبۇل قىلمىغاندا، قانچىلىك كېسىشنى كۆرسەتتى، خوتۇنلار رازىلىق بىلدۈرگەندىن كېيىن، ئەرشىددىن ۋەلى سۇلتان ئىسكەندەرگە بۇيرۇدى. ئادەتتىكى ئۇسۇلدا تۇغلۇق تۆمۈرخاننى خەتنە قىلدى، باشقىلارمۇ بىر - بىرىدىن ئۆگىنىپ خەتنە قىلىشتى. ئەرشىددىن ۋەلىنى بىر قانچە كۈن زىياپەت قىلىشتى. تۇغلۇق تۆمۈرخان بارلىق خەزىنە ۋە مەملىكەت ئەسكەرلىرىنى ئەرشىددىن ۋەلىگە بېغىشلىدى، ئەرشىددىن ھېچنەرسە ئالمىدى. ئاقسۇ، بەر بەر ۋە كۇچانىڭ ئاخۇن - قازىلىقىنى مىراس قىلىپ بەردى، بۇنى ھەم قوبۇل قىلماي: - سىزنىڭ ئىسلام دىنىغا كىرىشىڭىز ھەر ئىككىمىز ئۈچۈن شەرەپلىك - دېدى. شۇنىڭ بىلەن سۇلتان ئىسكەندەرگە كۇچا ۋە يارىسىق ئېرىقىنى بەردى، شەيخ ھۈسەيىن ئاۋغانغا ئۇكاندا ۋە جاي ئېرىقىنى بەردى. ئەرشىددىن ۋەلى تۇغلۇق تۆمۈرخان باشلىق باشقىلارغا ئىسلام دىنىنىڭ قائىدە - تەرتىپلىرىنى ئۆگەتتى. ناماز، روزا، ئۆشرە - زاكات قائىدىلىرىنى ئۆگەتتى. ئەرشىددىن تۇغلۇق تۆمۈرخاننى ئىسلام دىنى ۋە تەلقەت سىرلىرى بىلەن بىر يىل تەربىيەت قىلىپ كامالەتكە يەتكۈزدى. ئەرشىددىن بىر يىل ئىلىدا تۇرۇپ ئاقسۇغا قايتماقچى بولدى، كۇچاغا بېرىشنى تىلىدى، تۇغلۇق تۆمۈرخان قوبۇل قىلىپ 60 كىشى قوشۇپ، بۇلارنى مۇھاپىزەت قىلىپ كۇچاغا ئورۇنلاشتۇرۇپ قويۇپ قايتىشنى بۇيرۇدى. بۇلار داۋاندىن ئېشىپ كۇچاغا خەۋەر كىرگۈزدى، كۇچادىن شەيخ نىزا - مىددىن دەھلىۋى ۋە كۇچا ھاكىمى ئەمىر ئادىللار چوڭ - كىچىك خەلق بىلەن سۇ - بېشى دېگەن يەرگە ئالدىغا چىقتى. بۇ چاغدا شەيخ نىزامىددىننىڭ خانىقاسى ئاشقىلار بېغىدا ئىدى، ئۇلارنى شۇ يەرگە چۈشۈردى. ئەرشىددىن ۋەلى تۇغلۇق

تۆمۈرخاننىڭ قوشقان ئادەملىرىنى كېيىندۈرۈپ، ئىززەت ۋە ھۆرمەت بىلەن قايتۇردى. ئەرشىددىن ۋەلى كۇچادا بىر خانىقا بىنا قىلدۇردى. كۇچا خەلقى نەزىر - نىيازىنى ئېلىپ كەلدى، ھەممە خەلق كۆرۈشۈپ تۇغلۇق تۆمۈرخاننى ئىسلام دىنىغا كىرگۈزگەنلىكى بىلەن تەبرىكلىدى ۋە : كاپىردىن قۇتۇلدۇرۇپلا - دېيىشتى. كۇچا خەلقىنىڭ نەزىر - نىيازىنى شەيخ نىزامىددىنغا ئەۋەتىپ بەردى. تۇغلۇق تۆمۈرخان ھەر يىلى ئىككى نەپەر بېگىدىن نەزىر - نىياز ۋە مال - مۈلكىنىڭ زاكىتىنى ئەۋەتىپ تۇراتتى، ئالتۇن - كۈمۈشنىڭ زاكىتىنى ھەم ئەۋەتەتتى. ئەرشىددىن ۋەلى تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ ئەۋەتكەن نەزىرلىرىنى كەمبەغەللەرگە تەقسىم قىلىپ بېرەتتى. شەيخ زۇنۇن، شەيخ ھىلال، شەيخ بىلاللار شەيخ شاھابىددىننىڭ ئوغۇللىرى ئىدى. كۇچا خەلقى ئەرشىددىنگە بەيئەت قىلىپ ئۇنى پىر(ئۇستاز) تۇتتى. ئەرشىددىن شەيخ نىزامىددىنغا بەيئەت قىلدى ھەم ئۇنىڭ قىزىنى نىكاھىغا ئالدى، بۇنىڭدىن ئىككى ئوغۇل تۇغۇلدى، چوڭ ئوغلىغا خوجا ئوبىدۇلپەتتاھ، كىچىك ئوغلىغا ئەبۇ نەسىر دەپ ئات قويدى، بۇلارنى تەربىيىلىدى. نۇرغۇن تالىپلارنى ئوقۇتۇپ 76 كىشىنى موللا ئالىم قىلىپ يېتىشتۈردى، 237 كىشى ئوتتۇرا دەرىجىلىك موللا بولدى. تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ ئۈچ ئوغلى بار ئىدى، ئۇ مۇسۇلمان بولغاندىن كېيىن، چوڭ ئوغلىغا خىزىر خوجا خان، ئوتتۇرانچىسىغا ئىلياس خوجا خان، كىچىكىگە چىن تۆمۈرخان دەپ ئات قويغان ئىدى. تۇغلۇق تۆمۈرخان ئوغۇللىرىغا ۋە بەگلىرىگە ۋەسىيەت قىلىپ: - مەن ۋاپات بولغاندىن كېيىن، كۆسەنگە بېرىپ پىرىم ئەرشىددىندىن مەسلىھەت ئېلىپ ئىش قىلىڭلار، يۇرت مۇنقەرز بولمىسۇن، ئوغۇللىرىمنىڭ قايسىبىرىنى مەملىكەتكە پادىشاھ قىلسا، شۇ پادىشاھ بولسۇن - دەپ تاھارەت ئېلىپ ئەربابلىرى بىلەن خوشلىشىپ، نامازغا سەجدە قىلىپ تۇرۇپ جانىنى خۇداغا تاپشۇردى. پۈتۈن خەلق يىغلىشىپ خانىنى «شەھىرى خامۇشان» دا دەپنە قىلدى. نەزىرىسىنى بېرىپ مەسلىھەتلىشىپ كۇچاغا كىشى ئەۋەتمەكچى بولۇشۇپ، خىزىر خوجىنىڭ پىكرى بىلەن ئەمىر خۇدا دوستنى ئەۋەتتى. ئەمىر خۇدا دوست 30 كىشى بىلەن 100 ئات، 500 كالا، 1000 تۇياق قوي، 50 تۆگە، 15 قۇل ئېلىپ، نۇرغۇن تۆھپىلەر بىلەن يولغا چىقىپ، سەككىز كۈندە قارانۇر يولى بىلەن كۇچاغا كەلدى. ئەمىر خۇدا دوست ئىلىدىكى ئەمىرلەرنىڭ سالىمىنى يەتكۈزدى. ئەمىر خۇدا دوست كېلىشتىن بۇرۇن، ئەرشىددىن تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى بىلىپ نەزىر ئۆتكۈزگەن ئىدى. ئەمىر خۇدا دوست ئېلىپ كەلگەن نەرسىلەرنى ئىلىم ئەھلىگە، كەمبەغەللەرگە ئۈلەشتۈرۈپ بېرىپ يەتتە كۈندىن كېيىن، خىزىر خوجا خاننى تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ ئورنىدا پادىشاھ بولسۇن - دەپ رۇخسەت بەردى ھەم ئەمىر خۇدا دوستقا : - سىز ۋەزىر بولۇڭ، چۈنكى سىزنىڭ ئاتىڭىز

خىزىر خوجا خاننىڭ ئاتىسىغا ۋەزىر ئىدى، ئىلياس خوجا خان ئاقسۇغا پادىشاھ بولسۇن، چىن تۆمۈرخان بەر بەرگە پادىشاھ بولسۇن، كۈسەنگە ھازىرقى ئەمىرى ئادىل لايىق - دېدى. ئەمىر خۇدا دوست كۇچادىن قايتىپ ئىلىغا بېرىپ، ئەرشىددىننىڭ سالىمىنى ۋە بەرگەن مەكتۇپىنى خىزىر خوجاخانغا تاپشۇردى. شۇنىڭ بىلەن خىزىر خوجا خان ئاتىسىنىڭ ئورنىدا خان بولۇپ ئولتۇردى، خەلققە ئادالەت قىلدى. ئىلياس خوجا خاننى ئاقسۇغا ئەۋەتتى، چىن تۆمۈرنى بەربەرگە ئەۋەتتى، چىن تۆمۈر ھەم ئادالەت يۈرگۈزدى. بەر بەر ئاۋات بولۇشقا باشلىدى. ئىلياس خوجا خان ھاۋايى - ھەۋەس ( كەيپ - ساپا ) غا بېرىلدى. كۆپ ئۆتمەي، ئاقسۇدا ۋابا پەيدا بولۇپ چۆل بولۇپ قالدى. ئىلياس خوجا خان ئىلىغا قايتىپ بېرىپ، ئاكىسى خىزىر خوجا خاننىڭ يېنىدا تۇردى. كېيىن خىزىر خوجا خان ئىلياس خوجا خانغا تۇرپاننى بەردى. ئىلياس خوجا خان تۇرپانغا خان بولۇپ كۆپ ئۆتمەيلا ۋاپات بولدى، يەمشى دېگەن يەرگە دەپنە قىلىندى.

### ئەرشىددىن ۋەلى ۋە ئۇنىڭ ئوغۇللىرىنىڭ بەزى ئەھۋاللىرى توغرىسىدا

مەۋلانە ئەرشىددىننىڭ ئىككى ئوغلى چوڭ بولۇپ ئۆيلىنىش يېشىغا يەتتى، بۇلارنىڭ ھەر بىرىنىڭ ئالاھىدە خۇسۇسىيەتلىرى بار ئىدى. خوجا ئوبۇلپەتتاھنى ئوبدان كىشىنىڭ قىزىغا ئۆيلەپ قويدى، خوتۇنى ھامىلدار بولۇپ بىر ئوغۇل تۇغدى، جامالدا ئىككىنچى يۈسۈپ ئىدى، بۇنىڭ ئىسمىنى خوجا ئەخمەت قويدى. بۇ ئارىدا شەيخ نىزامىددىن كېسەل بولۇپ 97 ياشتا ۋاپات بولدى. ئۆز خانىقاسىغا دەپنە قىلىندى. شەيخ نىزامىددىن ۋاپات بولۇپ 9 ئايدىن كېيىن، مەۋلانە ئەرشىددىن ۋاپات بولدى. ئۇ ئۆلۈشتىن بۇرۇن ۋەسىيەت قىلىپ، ئۆز ئورنىنى چوڭ ئوغلى ئوبۇلپەتتاھقا بەردى ۋە: - ئەردەۋىل كۆسەننى قوللىسۇن، ئەبۇ نەسىرگە جالىشىن — تۇرپاننىڭ خوجالىقىنى بەردىم، شەيخ ھۈسەيىن ئاۋغانغا بۇگۈرنى، يېڭىسارنى بەردىم - دېدى. خەلققە نۇرغۇن نەزىر بەردى. ئەرشىددىننى ھەم ئۆز خانىقاسىدا دەپنە قىلدى. بۇ چاغلاردا تۇرپانغا ئوبۇلمۇزەپپەر ھاكىم ئىدى. ھاكىمنىڭ مەسلىھەتى بىلەن تۇرپان خەلقى ئۆزىگە خوجا قىلىش (دۇئا گۈي قىلىش) ئۈچۈن، كۇچاغا خەت يېزىپ، تۇرپاندا تۇرۇپ دۇئا قىلىپ بېرىشكە خوجىلاردىن بىرىنى تەكلىپ قىلدى ۋە قازى موللا مۇھەممەت شېرىپنى 10 نەپەر كىشى بىلەن ئەۋەتتى. تۇرپاندىن چىقىپ تاغ - داۋاننى بېسىپ ئۆتۈپ، 36 كۈندە كۈسەنگە كەلدى. ئۇلارنى كۈتۈۋالغاندىن كېيىن مەسلىھەت قىلىشىپ، ئەبۇ نەسىر خوجىنى 17 ياش ۋاقتىدا تۇرپانغا خوجا قىلىپ ئەۋەتتى. نەسىھەت قىلىپ: - ئەي قېرىندىشىم، بىزنىڭ ئىشىمىز خەلقنى دىن

يولغا باشلىماقتۇر ، تۇرپان ھەم ئىسلام شەھىرىدۇر، بېرىڭ - دەپ، 14 كىشى ئۇزۇ-تىپ قويىدى. بۇلار يولغا چىقىپ، كورلا خەلقىنى ئۆزىگە مۇرىت قىلىپ ئۆتۈپ تۇرپانغا كەلدى. «كۆمۈش ئاقما» دېگەن يەرگە كەلگەندە ئادەم ئەۋەتتى، بىر مۇنچە خەلق سۇ بېشىغا ئالدىغا كەلدى. ئوبۇلمۇزەپپەر باشلىق پۈتۈن چوڭلار توقسۇنغا ئالدىغا كەلدى، خوجا ئەبۇ نەسىرنى زىيارەت قىلىدى، تۇرپانغا ئېلىپ بېرىپ ئولتۇرغۇزدى، ئۇنىڭغا ئاتاپ بىر خانىقا سېلىپ تۇرغۇزدى. تۇرپان خەلقى مۇرىت بولۇپ بەيئەت قىلدى، قۇمۇل خەلقى ھەم كېلىپ بەيئەت قىلدى. تۇرپان ھاكىمى مۇزەپپەرنىڭ قىزىنى توي قىلىپ خوجىغا بەردى. تۇرپان ئاۋات بولۇشقا باشلىدى. شەيخ ھۇسەيىن ئاۋغانى قېرىپ كەتتى، ۋاپات بولۇپ ساھابە جانبازنىڭ يېنىغا دەپنە قىلىندى. بۇ كىشىنىڭ ئۈچ نەۋرىسى كۆچۈپ كېلىپ ئوكەندە چاي ئېرىقتا ئورۇنلاشتى، سۇلتان ئىسكەندەر يارلىقتا ئورۇنلاشتى. خوجا ئوبۇلپەتتاھقا ئاتىسى ئەرشىددىن خەۋەر كەلدى: - ئەردۆلنى ئاۋات قىلىش ۋاقتى يەتتى، سىز شۇيەردە بولسۇڭ. ئەردۆل ئاۋات بولغاندىن كېيىن، خىزىر خوجاخان خىتايغا بېرىپ شېھىت بولىدۇ، بۇ ۋاقىتتا كىمنىڭ پادىشاھ بولۇشىنى سىزدىن سورايدۇ، خىزىر خوجا خاننىڭ ئوغلى ئەلىشىر سۇلتان خان بولسۇن، ئەردۆل ئاۋات بولغاندىن كېيىن، ئەلىشىر سۇلتاننىڭ ئوغلى ئۇۋەيس سۇلتاننى تەكلىپ قىلىپ ئەردۆلگە خان قىلىڭ، سىز تەرىقەت (ئىشانلىق) ئىشى بىلەن مەشغۇل بولسۇڭ، ئۇۋەيس سۇلتان يەتتە يىل خان بولۇپ يامان ھەرىكەت قىلىپ دادامدىن (روھىدىن) ئېتىلىپ ئۆلىدۇ. ئورنىغا ئوغلى ئەلىشىر-سۇلتاننى خان قىلىڭ - دېدى. بۇ بىشارەت بىلەن ئوبۇلپەتتاھ خوجا ئەردۆلگە يۆتكىلىپ، 500 ئادەمنى ھاشار قىلىپ كۆچا خەلقى بىلەن خوشلىشىپ ئەردۆلگە كەلدى. قاراپ كۆرگەندە، يارنىڭ تۆۋى جاڭگال (ھازىرقى ئاقسۇ كونا شەھەر) ئىدى. بۇ ئەھۋال يامان بولدى - دەپ، ئاقسۇ بوغىزى (سۇ ئېغىزى) نى توستى، ئىككى تاغنىڭ ئارىسى سۇغا تولدى، تۇغاننى ئېچىپ قويۇپ بەردى، سۇنىڭ دولقۇنىدا بىر موللا بىلەن بىر موڭغۇل ئاقتى، ھەزرىتى ئوبۇلپەتتاھ خوجا: - موللىنى تۇت! موڭغۇل ئاقسۇ (ئاقسۇن) - دېدى، شۇنىڭ بىلەن موللىنى تۇتۇۋالدى، موڭغۇل ئېقىپ كەتتى. بۇ سەۋەبلىك بۇ يەر (ئەردۆل) شۇندىن باشلاپ «ئاقسۇ» دەپ ئاتالدى. شەھەرگە «ھىسار» (قورغان) سېپىل سالماقچى بولۇپ، ئۈچ قورغان قىلدى. بۇلار: سەييار ھىسارى (سەييار قەلئەسى)، موغال (موڭغۇل) قەلئەسى، خوجا ھىسارى (خوجاقەلئەسى) دىن ئىبارەت. ھاشارچىلارغا ياغاچ ئەكەلدۈرۈپ ئۆي سېلىپ ئولتۇردى، بۇ خەۋەر ئەتراپقا ئاڭلاندى. بىر ئەۋلىيا كېلىپ: - بىر يىلدا 1000 ئۆيلۈك بولدى - دېدى. خوجا ئىلىغا (خانغا) ئادەم ئەۋەتىپ، ئىلىدىكى ئەردۆلىلىك (ئاقسۇلۇق) لارنى

چاقىرىپ 400 ئۆيلۈك ئاھالىنى ئېلىپ كەلدى، بۇلار يارنىڭ ئاستىغا ئۆي سېلىپ ئولتۇردى، بۇلاردىن 50 ئۆيلۈك كىشىنى ئالۋان - سېلىقتىن ئازاد قىلىپ ئايىكۆلگە كۆچۈرۈپ ئاپىرىپ، جالالىددىن كېتىكى مازىرىدىن خەۋەر ئېلىشقا قويدى، شۇنىڭ بىلەن ئاقسۇ ئاۋات بولۇشقا باشلىدى.

### چىن تۆمۈر خاننىڭ ۋاپات بولغان خەۋىرى

ئوبۇلپەتتاھ خوجا خەلققە ۋەز - نەسىھەت ئوقۇپ تۇراتتى، بەربەردىن چىن تۆمۈرخان ۋاپات بولدى دەپ خەۋەر كەلدى. خوجا دەرھال يولغا چىقىپ بەربەرگە تېز يېتىپ كەلدى. لېكىن چىن تۆمۈرخان تېخى ھاياتى ئۈزۈلمىگەن ئاخىرقى ۋاقتى ئىدى، كۆرۈشتى، جان بەردى. چىن تۆمۈرخاننى شۇ كېچىسى تەييارلاپ، ئەتىسى چاھار باغ تۆپىسىگە دەپنە قىلدى. ئىلىغا خىزىر خوجا خانغا ئادەم ئەۋەتتى، خىزىر خوجا خان ئاڭلاپ، ئالدىراپ ئىنتايىن تاقەتسىزلەندى، چۈنكى شۇ چاغدا خىتايغا چېرىك ئېلىپ بېرىشقا يۈرۈش قىلغان ئىدى.

### خىزىرى خوجا خاننىڭ خىتايغا چېرىك ئېلىپ يۈرۈشى

خىزىر خوجا خان يولغا چىقىپ 12 كېچە - كۈندۈز يول يۈرۈپ تۇرپانغا كەلدى. ئىلياس خوجا خاننىڭ ئالتۇنىنى (جەسىتىنى) زىيارەت قىلىپ شەھەر ئالدىغا چۈشتى. ئەبۇ نەسىر خوجا بىلەن ئوبۇلمۇزەپپەر ھاكىم باشلىق خەلقلەر خانغا كۆرۈنۈش قىلدى، ھاردۇق سورىدى. خىزىر خوجا خان ئورنىدىن تۇرۇپ كۆرۈشۈپ خوجىدىن ئەھۋال سورىدى. خىزىر خوجا خان ئوبۇلمۇزەپپەر ھاكىمغا رازىلىق بىلدۈردى. تۇرپان خەلقى خاننى قارشى ئالدى. خان ئۈچ كۈن تۇرۇپ، خوجىنى ئۆزىگە ھەمرا قىلىپ، ئوبۇلمۇزەپپەرنى 1000 ئادىمى بىلەن بىرلىكتە ئېلىپ ماڭدى. ئۇلار قۇمۇلغا بېرىپ، قومۇل ھاكىمى ئەركە تاي بەگنى ئاتلاندۇرۇپ 60 كىشى بىلەن ھەمرا قىلدى، بۇلار خىتايغا باردى. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، خىتاينىڭ «ئون ئۈچ بۇرجۇك» دىن يەتتە بۇرجۇكىنى ئالدى، ئالتە بۇرجۇك «خانبالىق» (خان شەھىرى) ئىدى، شەھەرنى مۇھاسىرە قىلىپ تۇردى. خاقان چىن ھەم چېرىكىنى تەييارلاپ چىقتى. بۇ ئىككى تەرەپنىڭ لەشكەرلىرى بىر - بىرىگە قارشى سەپ تۈزدى، ئاقىۋەت ئەڭ قاتتىق جەڭ بولۇپ، ئاققان قانلار ئاتلارنىڭ تىزىغىچە كەلدى. ئۇرۇش باشلىنىپ 15 - كۈنى، خىزىر خوجا خان ئەبۇ نەسىر خوجىغا: - ئەي خوجام، ئىككىمىز ھەم قورال ئېلىپ ئۇرۇشقا كىرەيلى - دەپ تەييارلاندى. خاننىڭ ۋەزىرى ئەمىر خۇدا دوست، مۇزەپپەر

ھاكىم ھەممىسى ئۇرۇشقا كىردى. خاقان چىن چىداشلىق بېرەلمەي شەھەرگە قاچتى. ئىسلام ئەسكىرىدىن 1000 ئادەم خاقان چىن ئەسكەرلىرى بىلەن ئارىلىشىپ شەھەرگە كىردى. خاقان چىن ئۇلارنى ئۆلتۈرمەكچى بولغاندا، ئۇلار: - بىزنىسى ئۆلتۈرمەي بىر ئايماق (يۇرت) قىلىپ قويۇڭ، سىزگە پۇقرا بولايلى - دېدى. ئۇ بۇ پىكىرنى قوبۇل قىلىپ، ئۇلارنى بىر ئايماق قىلىپ قويدى. ئېيتىشلارغا قارىغاندا، تۇڭگانلار شۇلار دېيىشىدۇ. ئۇرۇش داۋام قىلىۋاتاتتى، ئاخىرى خىزىر خوجا خان ۋە ئەبۇ نەسىر خوجىلار شېھىت بولدى، ئەمىر خۇدا دوست قاتارلىق ئەمىرلەر كېلىپ خان ۋە خوجىنىڭ جەسىتىنى ئېلىپ قايتتى. خىزىر خوجا خاننىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى خاقان چىن ئاڭلاپ سېھىر (جادۇگەرلىك) قىلىپ جۇدۇن - بوران چىقاردى، بۇ جۇدۇن بىلەن ئەسكەر باشلاپ كېلىپ ھۇجۇم قىلىپ، ئىسلام لەشكىرىنى تارمار قىلىۋەتتى. ئەمىر خۇدا دوست بىلەن تۇرپان ھاكىمى مۇزەپپەر، قۇمۇل ھاكىمى ئەركىنتايلار خىزىر خوجاخان ۋە ئەبۇ نەسىرنىڭ جەسىتىنى 7000 كىشى بىلەن مۇھاپىزەت قىلىپ ئېلىپ چىقىپ، ئەبۇ نەسىر خوجىنى دەپنە قىلدى، خىزىر خوجا خاننى ئىلياس خوجا خاننىڭ يېنىغا دەپنە قىلدى، شۇنىڭ بىلەن قايتىپ كەتتى. ئەلشىر سۇلتان ئاتىسى ئۆلۈپ كۆپ يىغلىدى، ئەمىرخۇدادوست مەسلىھەت كۆرسىتىپ: - ئالدى بىلەن خاننىڭ نەزىرىسىنى ئۆتكۈزەيلى، ئاندىن تېزرەك تەييارلىق قىلىپ ئەلشىر سۇلتاننى پادىشاھ قىلايلى، باشسىز قالدۇق، تۈرىسىز يۇرت باشسىز تەنگە ئوخشاشتۇر، دەپسەلگەن تۇپراقتۇر، ئەتراپىمىزدىكى دۈشمەن كۆچى يەتمەسلىكتىن چارىسىز تۇرغان ئىدى، ئەگەر بىر سوغۇق شامال چىقسا، ئەھۋال يامان بولىدۇ - دەپ، 1000 قوي، 100 كالا، 50 ئات سويۇپ يۇرتقا ئاتاپ نەزىر بەردى. نۇرغۇن سوغات بىلەن بۆكە پايەندىنىڭ ئوغلى خوجا قۇل مىرزىنى 14 كىشى قوشۇپ ئاقسۇغا ئوبۇلپەتتاھ خوجىغا ئەۋەتتى. ئاقسۇغا كېلىپ ئوبۇلپەتتاھ خوجا بىلەن كۆرۈشكەندىن كېيىن، ئەھۋال سورىشىپ ئەلشىر سۇلتاننىڭ سالىمىنى يەتكۈزدى ۋە مەكتۇپىنى تاپشۇردى. ئوقۇپ كۆرۈپ، خىزىر خوجا خاننىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى بىلىپ ھەسرەتلەندى. بۇلارنى ئۈچ كۈن زىياپەت قىلىپ، تۆتىنچى كۈنى تۆھپە - پىشكەشلەر قويۇپ قايتىشقا رۇخسەت قىلدى ۋە «ئەلشىر سۇلتان خان بولسۇن، ئەمىر خۇدا دوست ئاتىلىق (ۋەزىر) بولسۇن، سىز (خوجا قۇلى مىرزا) ئىشىكئاغا بولۇڭ، ئۇۋەيس سۇلتان ئاقسۇغا خان قىلىنسۇن، بارلاسنىڭ ئوغلى تۇركتاي مىرزىنى ھاكىم، دۇغلاتنىڭ ئوغلى مىكبىشى مىرزىنى ئىشىكئاغا قىلىپ ئەۋەتسۇن، ئارلاتنىڭ ئوغلى قۇندۇز مىرزىنى بەربەرگە ھاكىم قىلىپ ئەۋەتسۇن» دەپ نامە (مەكتۇپ) يېزىپ مۆھۈر بېسىپ بەردى. خوجا قۇلى مىرزا نامەنى ئېلىپ يۇرتنىڭ ئىچىدە ئەلشىر سۇلتانغا تۇتۇپ بەردى، ئوقۇپ جان دىلى بىلەن قوبۇل

قىلدى. ئەتىسى شەھەرنى زىننەتلەپ مۇراسىم ئۆتكۈزۈپ، خانلىق تاجىنى بېشىغا كىيىپ ئەلشىر سۇلتان خان بولدى، ئەمىر خۇدا دوست ۋەزىر بولدى، خوجا قۇلى مىرزىنى ھاكىم قىلىپ ئىشىكئاغا قىلدى، بەگچەك بەك قېرى ئىدى، ئۇنى قازى قىلدى، شۇنىڭدەك ھەركىمگە ئۆز لايىقىدا ۋەزىپە تەيىنلىدى. زارغۇن باخشى دېگەن كىشى ئۆلۈپ ئورنى ئۈزۈلدى، ئالتۇن باخشى ۋە تارغۇن باخشىلار قېرىغانلىقتىن، ئىستىپپا بېرىپ: — ئەمدى بىز ئات چېپىپ يۈرەلمەيمىز، يىگىتلىكىمىزدە ئاتا - بوۋىڭىزغا خىزمەت قىلغان ئىدۇق، ئورنىمىزغا ئوغۇللىرىمىز خىزمەت قىلسۇن، بىز ئاقسۇغا بېرىپ ئۆمۈر كەچۈرەيلى - دېدى. بۇلارنىڭ ئىستىپپاسى قوبۇل قىلىنىپ، ئوغلى كۈمۈش باخشى بىلەن تارغۇن باخشىنىڭ ئوغلى تىمتۇن باخشىلار ئەلشىرخاننىڭ قېشىدا قالدى. ئۇلار ئۇۋەيس سۇلتان بىلەن ئاقسۇغا كەتتى. تۇركىتاي مىرزىنى ئىشكئاغا، قۇندۇز مىرزىنى بەربەرگە ھاكىم قىلىپ، ئۇ ۋەيس سۇلتاننى ئاقسۇغا خان قىلىپ 300 كىشى قوشۇپ بەردى. مىرزداۋانغا كېلىپ ئاقسۇغا خەۋەر بېرىلدى، ئوبۇلپەتتاھ خوجا پۈتۈن خەلقنى ئالدىغا ئەۋەتتى، خوجا شەھەردە چوڭ ئەربابلار بىلەن خۇشاللىق ناغرا - سۇنايلارنى چالدۇردى، ئۇۋەيس خاننىڭ ئالدىغا كىتەكلەر كەنتىگە »① چىقتى، خان بىلەن كۆرۈشتى، خوجا خاننىڭ يۈزىگە سۆيۈپ: ھارماڭ بالام - دېدى. خەلقلەر خانغا تازىم قىلىشىپ تۇردى. شەھەرگە كىرگەندىن كېيىن، ئۇۋەيس خان ئالدى بىلەن خوجا ئوبۇلپەتتاھنىڭ خانىسىگە چۈشۈپ، ئاندىن خانلىق ئوردىغا باردى. قۇندۇز مىرزا بەربەرگە كەتتى. خان باشلىق خەلقلەر ئوبۇلپەتتاھ خوجىغا بەيئەت قىلىپ «مۇرىت» بولدى. كۈچادىن ئەخمەت خوجىنى ئالدۇرۇپ كەلدى. ئۇۋەيس خان تېخى ئۆيلەنمىگەن ئىدى، چىن تۆمۈرخاننىڭ «مەلىكە قارىئىمد خېنىم» دېگەن قىزىنى ئىسوي قىلىپ ئېلىپ بەردى. ئەخمەت خوجىغا چىن تۆمۈرخاننىڭ «سودانە خېنىم» دېگەن قىزىنى بەردى. بۇ ئىككى خېنىم ھامىلدار بولۇپ، ھەر ئىككىلىسى ئوغۇل تۇغدى. ئۇۋەيس خاننىڭ ئوغلىغا يۇنۇس سۇلتان، ئەخمەت خوجىنىڭ ئوغلىغا خوجا پەخرىددىن دەپ ئات قويدى. بۇ ئىككى ئوغۇل بىللە تەربىيىلىنىپ بىللە ئۆستى. ئۇۋەيس خان ئاقسۇدا يەتتە يىل خان بولۇپ تۇردى.

① كىتەكلەر كەنتى — خوجىنىڭ يۇقىرى بوۋىسى بولغان مەۋلانە جالالىددىن كىتىكى بىلەن كىتەك شەھىرىدىن ئەگىشىپ كېلىپ كۆپەيگەن 15 كىشىنىڭ ئەۋلادى ئولتۇراقلاشقان يېزا - ت.

## ھىندىستانلىق سودىگەر سەددىن باينىڭ خوتۇنى «ئاغا سوسەن» بىلەن ئۇۋەيس خاننىڭ تېپىشىشى ۋە ئۇۋەيس خاننىڭ ئاقىۋىتى

ھىندىستاندىن كەلگەن سودىگەر سەددىن باينىڭ بىنگاللىق «ئاغا سوسەن» ئىسىملىك بىر خوتۇنى بولۇپ، ئۇ مەككار، ھىلىگەرلىكتە بارلىق ئادەملەرنى ئالدايتتى. سەددىن باي سودىگەرچىلىك بىلەن بىر تەرەپكە كەتكەندە، ئۇ خوتۇن ئۆيىنىڭ دەرىزىسىدىن چوڭ كوچىغا قاراپ ئولتۇرغان بىر كۈنى، ئۇۋەيس خان ئوۋ ئوۋلاش ئۈچۈن چىقىپ، بۇ خوتۇننى كۆرۈپ قالدى ۋە ئۇنىڭ ئىشىق - مۇھەببەت ئوتى كېلىپ ئۇۋەيس خانغا تەگدى ( ئاشىق بولدى ). ئۇۋەيس خان ئۆز ئادەملىرىدىن بىر يىگىتنى ئۇ خوتۇننىڭ ئېرى بار - يوقلۇقىنى، ئەھۋالىنى ئۇقۇشقا ئەۋەتتى ھەم: - ئەگەر ئېرى بولمىسا، سەن تەييارلىق كۆرۈپ، مەي ئېلىپ كىرىپ بىر ئۆينى تەييارلاپ قوي - دەپ بۇيرۇدى. ئۇۋەيس خان ئوۋدىن قايتقاندا، خەلقتىن ئارتىلىپ ئۆتۈپ كەتتى. بۇ خوتۇنمۇ خانغا مۇھەببەت باغلاپ ئارزۇ قىلىپ يۈرگەن ئىدى. دەل ئۇۋەيس خاننىڭ ئۆتىدىغان كۈنىنى بىلىپ، يۈز - كۆزىگە گىرىم قىلىپ قاراپ تۇرغان ئىدى. خان ئەۋەتكەن يىگىت كېلىپ ئۆينى مەخپىي قىلىپ، ئۇۋەيس خاننىڭ غەرىزىنى خوتۇنغا بايان قىلدى. خوتۇن خۇش بولۇپ، بۇ خەۋەر ئېلىپ كەلگەن يىگىتكە بىر چوڭ گۆھەر بەردى. يىگىت چىقىپ كېتىپ، بىر قاپاق مەي ئېلىپ بىر يەرگە قويۇپ، ئۆزى خانغا خەۋەر قىلدى. خان كەچ كىرىش بىلەن خوتۇننىڭ ئۆيىگە كەلدى، شۇ كېچىسى بۇ خوتۇن بىلەن پىيالە (رومكا) سوقۇشتۇردى، يېرىم كېچىگىچە ئىچىشىپ مەستلىك ھالدا يېتىپ «قىلمىدىغاننى قىلدى ...». ئۇۋەيس خان ئۇخلاپ چۈشىدە جالالىددىن بۇخارىينى كۆردى، ئۇنىڭ قولىدا بىر تال ئوقيا ئوقى بار ئىدى، ئۇ كېلىپ: - بەدبەخت! سەن شاھ بولۇپ خەلىق ئۈستىدە تۇرغان ئادەم، ئارانلا ئاۋات بولغان بۇ شەھەرنى ۋەيران قىلامسەن ؟ دەپ ئوقيا بىلەن خاننى ئاتتى، ئوق تېگىپ كۆكرىكىدىن يېرىپ چىقىپ كەتتى، خان چۆچۈپ ئويغىنىپ پۇشايمان قىلدى، ئوردىسىغا كېلىپ تاھارەت ئېلىپ (تازىلىنىپ) مەسچىتكە چىقتى، جامائەتكە كۆرگەن چۈشىنى سۆزلىدى: - مەن ھەم ئۆلۈرمەن - دەپ تۇرۇپلا ئاغزىدىن قان كېلىپ ئۆلدى. ئوبۇلپەتتاھ خوجا ئاڭلاپ كېلىپ، نامىزىنى ئۆتەپ يسار بېشىدا دەپنە قىلدى، شۇ كۈنى ئەلىشىر خانغا ھەم خەۋەر ئەۋەتىلدى. قىرقى نەزىرىسىنى بەرگەندىن كېيىن، يۇنۇس سۇلتانىنى خانلىققا ئولتۇرغۇزدى. ئوبۇلپەتتاھ خوجا كۇچاغا قايتىپ كەلدى. يۇنۇش خان شاھلىق قىلىپ شەرىئەتكە كۈچ چىقاردى، ئەخمەت خوجا ئىشانلىقىنى راۋاجلاندۇردى، مەسچىت، مەدرىسلەر كۆپەيدى. ئوبۇلپەتتاھ كۇچاغا كەلگەندە،

كۇچا ھاكىمى ئەمىر ئادىلبەگ 97 ياشقا يەتكەن ۋاقتى ئىدى. ئوبۇلپەتتاھ بىلەن ئەمىر ئادىل كۆرۈشۈپ شۇ كېچىسى ئەمىر ئادىلبەگ ۋاپات بولدى، ئەتىسى ئورنىغا ئەبۇ سەئىد بەگنى ھاكىم قىلدى. ئارىدىن كۆپ ئۆتمەيلا، ئوبۇلپەتتاھ خوجا ۋاپات بولدى، دەپنە قىلىنغاندىن كېيىن، ئىبنى يۈسۈپ خوجا ناملىق خەلپىتىنى ئوبۇلپەتتاھ خوجىنىڭ ئورنىغا ئولتۇرغۇزدى .

### يۇنۇسخاننىڭ ئوۋغا چىقىشى، «بەربەر» گە «ئۈچ» دەپ ئىسىم بېرىشى ۋە باشقا ۋەقەلەر

يۇنۇسخان قىشكۈنلىرىنىڭ بىرىدە ئوۋغا چىقىپ بەربەرگە باردى. ئوۋغا باشلىغان كىشىنىڭ ئىسمىنى تاپالماي يۇنۇس «ئۈچ بېشى» دەپ چاقىردى. شۇنىڭدىن باشلاپ بەربەرنىڭ ئىسمى «ئۈچ» دەپ ئاتىلىشقا باشلىدى. «بولغاسۇن» شەھىرى چۆل قالدى، ئۇنىڭ سەۋەبى — ئەلىشىرخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن، يۇرت باشلىقسىز قالدى. ئەمىر خۇدادوست ۋەزىر ئەلىشىرخاننىڭ داغىدا ھەسرەتچېكىپ دۇنيانى تاشلاپ (تەركىدۇنيا بولۇپ) مەككىگە كېتىپ، شۇ يەردە ۋاپات بولدى. يۇنۇسخان دىن ئىشلىرىغا ئەھمىيەت بېرەتتى. خوجا ئەخمەت ئىشانلىقنى راۋاجلاندۇردى. بۇ جەرياندا قازاق، قارا قالپاق ۋە قاتاغان بىلەن ئارىلاشتى، ئۇرۇش - چېپىشلار بولدى. پادىشاھ ئەمەلدارلىرىنىڭ 12 ئۇرۇق مىرزىلىرى بۆلۈنۈپ ئاقسۇغا ۋە كۇچاغا ماڭدى، «ھېچ موللا قالمىدى». ئاقسۇدىكى يۇنۇسخان بىۋۇسى ئەلىشىرخاننىڭ ۋاپات بولغانلىقىنى ئاڭلاپ ۋە ئەمىر خۇدادوستنىڭ جەندە كىيىپ جەمئىيەتتىن ئۈزۈلۈپ مەككىگە كەتكەنلىكىنى بىلىپ، قازاققا چېرىك (ئەسكەر) ئېلىپ بارماقچى بولدى، ئەخمەت مەنئى قىلدى، قوبۇل قىلمىدى. «بەدەل» داۋىنىدىن ئېشىپ قازاقلار ئۈستىگە بېرىپ، ئون كۈن جەڭ قىلىپ، 11 - كۈنى يۇنۇسخان قۇربان بولدى. خاننىڭ جەسىتىنى ئېلىپ كېلىپ يار بېشىدا دەپنە قىلدى. يۇنۇسخاننىڭ ئوغلى سۇلتان ئەخمەتنى خان قىلىپ كۆتۈردى، بۇمۇ مەملىكەتنى ئوبدان باشقۇردى. 17 ياشتا خانلىققا ئولتۇرۇپ، خوجا ئەخمەتنىڭ چىن تۆمۈر خاننىڭ قىزى سودانە خېنىمدىن بولغان قىزى خەدىچە سۇلتان بىكەمنى ئەخمەتخانغا تويى قىلىپ بەردى، بۇ قىز ئاجايىپ چىرايلىق ساھىپجامال ئىدى. بۇ چاغدا خوجا ئەخمەت ۋاپات بولۇش ئالدىدا ئوغلى مۇھەممەت پەخرىددىننى ئۆزئورنىغا خوجا ۋە ئىشانلىققا ئولتۇرغۇزۇپ قويۇپ ۋاپات بولدى. رىۋايەتلەرگە قارىغاندا، دۆلەتنىڭ نەۋرىسى نەزەر مىرزا: — ماڭا ئوبۇلپەتتاھ خوجامدىن مۇنداق بىشارەت (خەۋەر) بولدى: سەن بېرىپ تاتار خەلقىنى كۆچۈرۈپ ،

زەرەپشان دەرياسىدىن كېمە بىلەن ئۆتكۈزۈپ، تۈمشۇق ساراي (يەكەننىڭ غەربىي شى-
مال تاغ رايونى) نىڭ ئۇ تەرىپىدە، خىتاي تېمىنىڭ بۇ تەرىپىدە يارنىڭ بېشىدا قور-
غان سېلىپ ئولتۇرغۇزۇپ، «تاتار»① خەلقىغە ئۆزەڭ سەردار (باش) بولۇپ ئولتۇر-
غىن» - دېدى، شۇنىڭدەك - «ئۇ يەردىن بەركەت (پاراۋانلىق) كەم بولمايدۇ، قەشـ
قەرنىڭ پايتەختى ھەم ئەشۇ يەر بولىدۇ، مۇندىن كېيىن پادىشاھلارنىڭ ۋە تـەرىـ
قەت پىر (ئۇستاز) لىرىنىڭ تۇرار جايى بولىدۇ، ئۇ يەرگە «يەركەند» دەپ ئات قويۇ-
غىن - دەپ بۇيرۇدى، مەن شۇ يەرگە بارىمەن، دۇئا قىلىپ رۇخسەت بەرسـەڭـلار -
دېدى. خوجا پەخرىددىن خۇشال بولۇپ تاتار خەلقىگە نامە (مـەكتۇپ) يـازدى، 30
كىشىنى قوشۇپ قويدى. نەزەر مىرزا يېتىپ بېرىپ، تاتار خەلقىگە خوجا پەخرىددىنـ
نىڭ مەكتۇپىنى تاپشۇردى، ئۇلارقوبۇل تۇتۇپ كۆچۈپ دەريادىن ئۆتۈپ يارنىڭ بې-
شىدا قورغان قۇردى، نەزەر مىرزا ھاكىم بولدى. بۇ يېڭى بىنا بولغان شەھەر ئـەتـ
راپقا تونۇلـدى، تاتار خەلقى زەرەپشان دەرياسىدىن ئۆتۈپ «باي دۆبە» ② دېگەن
يەردە شەھەر سېلىپتۇ، نەزەر مىرزا ھاكىم بولۇپتۇ، دەپ ئاڭلىنىپ، خەلق بىردىن، ئىكـ
كىدىن يىغىلىپ بەش يىلدا 10 مىڭ ئۆيلۈك كىشى توپلاندى. ئاندىن كېيىن بۇ شەـ
ھەرنىڭ ئىسمى «ياركىنـد» (ياركـەنت) ئاتالدى. بۇ شەھەر بـىنا بولغاندىن كېيىن،
سۇلتان ئەخمەتخان ياركـەندكە كېلىپ پايتەخت قىلدى، مەسلىھەتچىلىرى بولغان ئالـ
تۇن باخشىغا بىر ئېرىق سۇ يەر بەردى. ھەم چولدا قىلىپ پـەرمان يېزىپ بەردى.
شۇنىڭدىن كېيىن بۇ كەنت «باخشىلار» دەپ ئاتالدى. كېيىنكى يىلى ئالتۇن بـاخـشى
ئۆلدى. ئەخمەت خاننىڭ خوتۇنى بىر يىلدىن كېيىن بىر ئوغۇل تۇغدى. بۇ ئوغـۇلغا
«سۇلتان سەئىدخان» دەپ ئىسىم قويدى. ئەخمەتخان ياركەندكە 9 يىل پادىشاھلىق
قىلدى. رىۋايەتتـە ئېيتىلىشىچە، جورسىنىڭ ئوغلى خـوجا قۇلى مىرزا، ئۇنىڭ ئـوغلى
مىرزا ئابابەكرى بولۇپ، مىرزا ئابا بەكرىنىڭ ئەخمەتخاندىن بىر ئاز كـۆڭـلى رەنـ
جىپ بىر قانچە ۋاقىت خوجا ئەھرار ③ نىڭ يېنىدا تۇردى. مىرزا ئابا بەكرى ئەھـ

---

① تاتار — يەكەننىڭ جەنۇبىي شەرقىگە بىر چاقىرىم چامىسىدا يىراقتىكى بىر رايون بولۇپ، ھازىر ئۇ رايون «كونا تاتار» دەپ ئاتىلىدۇ، يەكەن دەرياسىنىڭ ئۇ تەرىپىدە.

② بـاي دۆبە — يەكـەن شەھىرىنىڭ جەنۇبىدا شەھەردىن بىر چاقىرىمچە يىراقـلىقتىكى بىر دۆڭ بولۇپ، ھازىر «باي دۆۋە» دەپ ئاتىلىدىـغان بىر كەنتنىڭ نامى، ئۇ دۆڭ ھازىرمۇ بار.

③ ئەھرارى ۋەلى — خۇراسانلىق بىر تەرىقەت ئۇستازى، ھىجرىيىنىڭ 896 - يىلى (مىـلادى 1489) ۋاپات بـولۇپ، سەمەرقەنتتە دەپنە قىلىنغان (قامۇس ئەلام).

راردىن رۇخسەت ئېلىپ ياركەندگە خان بولۇش تەمەسىدە 50 كىشى بىلەن يۈرۈپ ياركەندكە كەلدى. بۇ چاغدا ئەخمەتخان بەش كۈن ئوۋ قىلىش پىلانى بىلەن ئادەملىرىنى ئېلىپ تاتار، تاسقىما تەرەپكە ئوۋغا چىقىپ كەتكەنىدى، نەزەر مىرزا (هاكىم) شەهەردە قالغان بولۇپ، ئۇنىڭدىن خەۋەرسىز ئىدى. مىرزا ئابابەكرى ئەهۋالنى بىلىپ يېرىم كېچىدە شەهەرگە كىردى، تۇيۇقسىز تۇرغان شەهەرنى بېسىۋالدى، نەزەر مىرزىنى ئۆلتۈردى. تاڭ يورۇش بىلەن بۇ خەۋەر ئەخمەتخانغا ئاڭلاندى، ئەخمەتخان 700 كىشى بىلەن بۆلۈنۈپ ئاقسۇغا كەتتى، قالغان خەلق شەهەرگە كىردى، خەلقنىڭ مۆتىۋەرلىرى مىرزا ئابابەكرىگە سالام بېرىدى ۋە : — ئۇرۇش – جېدەل قىلماستىن تۇيۇقسىز كىرىپ پادىشاه بولغىنىڭىز ياخشى بولىدى – دەپ، يۇرت ئەربابلىرى نارازىلىق قىلدى. مىرزا ئابابەكرى ئۆزىنىڭ ئەبەيدۇللا ئەهرارنىڭ ئەمرى بىلەن كەلگەنلىكىنى ۋە ئۇنىڭغا مۇرىت بولغانلىقىنى ئېيتتى. يەركەنت خەلقى: — ئەگەر سىزنىڭ كۆڭلىڭىز خاپا بولغان بولسا، ئەخمەتخاندىن خاپا بولغانسىز، بىزنىڭ ئەزىزلىرىمىز (پىرلىرىمىز) دىن خاپا بولمىغانسىز، بۇ مەملىكەت ئەهرارنىڭ ئۈلۈشى ئەمەس، خوجا مۇهەممەت پەخرىددىننىڭ ئۈلۈشىدۇر، بىزنىڭ پىرىمىز (ئۇستازىمىز) غا مۇرىت بولۇپ تۇرۇپ، ئىسلام پادىشاهىغا «يېغى» (دۈشمەن) بولدىڭىز، سىزنى خان قىلىشنى خالىمايمىز، خوجا ئەهرار بىلەن ئىشىمىز يوق، چۈنكى ياركەنتنى خوجا پەخرىددىن خوجامنىڭ بۇيرۇقى بىلەن نەزەر مىرزا شەهەر قىلىپ ئاۋات قىلغانلىقىنى بىلىسىز – دېدى. ئابابەكرى مىرزا: — مېنىڭ ئەخمەتخان بىلەن دۈشمەنلىكىم يوق ئىدى، نەزەر مىرزا خوجىغا قارشى ئىدىم، تالاشقان ئورنۇمۇ نەزەر مىرزىنىڭ ئورنى ئىدى، هېلىهەم بولسىمۇ ئەخمەتخانغا كىشى ئەۋەتىسەك – دېدى. خەلق ئابابەكرىنى ياخشى كۆرمەيتتى، ماقۇل دەپ قويۇپ، خوجا پەخرىددىننىڭ قويغان خەلىپىسى هاتەمشاه خەلىپىنى ئەخمەتخاننى تەكلىپ قىلىپ ئېلىپ كېلىشكە ئەۋەتتى.

ئەخمەتخان يەركەنددىن چىقىپ ئاقسۇغا باردى، ئاقسۇ خەلقى ئاڭلاپ هەيران بولۇشتى، خوجا پەخرىددىننىڭ ئالدىغا كەلدى. خوجا پەخرىددىن خەلقنى خاننىڭ ئالدىغا چىقىشقا رىغبەتلەندۈردى، خان ئاقسۇغا كىردى، لېكىن پەخرىددىن خوجا ئەخمەتخاننىڭ ياركەنتنى تاشلاپ قېچىپ كەلگىنىگە ئاچچىقى كېلىپ ئالدىغا چىقمىدى. خان خوجىنىڭ خانىقاسىغا كېلىپ چۈشۈپ خوجا بىلەن كۆرۈشتى. خوجا خاندىن نېمە ئۈچۈن كەلگەنلىكىنى سورىغاندا، خان: — تاتار – تاسقىما تەرەپكە ئوۋغا چىقىپ كەتسەم، مىرزا ئابابەكرى كېلىپ نەزەر مىرزىنى ئۆلتۈرۈپ شەهەرنى بېسىۋاپتۇ، ئۆزەمنىڭ بىر ئادىمىم بىلەن ئۇرۇش قىلىشنى ياخشى كۆرمەي نومۇس بىلىپ كەلدىم – دېدى. پەخرىددىن خوجا ئەخمەتخاننى ئەيىبلەپ: — بۇ ئابرويسىزلىقنى ئۆزىڭىز

قىلمىسىز، ھېچقانداق پادىشاھ بۇنداق قىلغان ئەمەس، پادىشاھلارنىڭ شەنىنى بۇلغىدىڭىز، سىزدەك پادىشاھ بولغىچە بولمىغان ياخشى، مۇنداق نامنى كۆتۈرۈپ تىرىك يۈرگىچە، ياخشى نام بىلەن ئۆلگەن ياخشى، ئەمدى سىز خانلىق مۆھۈر ـ قۇتبەدىن چىقىرىلىسىز، ياركەنتتەك شەھەرنى بىر قاراچۇق (ئاددىي چاكىرىڭىز) غا تاشلاپ قېچىپ كەپسىز ـ دەپ قاتتىق تەنە قىلدى، ئەخمەتخان خىجالەت بولۇپ ھېچ ئەھۋالى قالمىدى.

## مىرزا ئابا بەكرىنىڭ شاھلىقى

مىرزا ئابابەكرى ئەخمەت خاندىن ياركەنتنى تارتىۋېلىپ 40 يىل شاھلىق قىلدى. سۇلتان سەئىدخان قەشقەرنىڭ ھەربىي كۈچى بىلەن ئۈچ قېتىم كېلىپ ئۇرۇشۇپ، كۈچى يەتمەي قايتىپ كەتتى. قايتا تەييارلىق كۆرۈپ نۇرغۇن ئەسكەر بىلەن كېلىپ ياركەنتنى مۇھاسىرە قىلدى. مىرزا ئابا بەكرى ئەسكەر تەييارلاپ ئۇرۇشقا ھازىرلاندى. سۇلتان سەئىد ئۇرۇشقا ئۆزى ئات چېپىپ كىرىشنى تەلەپ قىلغاندا، ئۇنىڭ ئەربابلىرى رۇخسەت قىلمىدى. سۇلتان خان شۇنداق دېدى: — ئۆز ئىشىمنى ئۆزەم قىلىشىم كېرەك، چۈنكى مەسئۇلاتى ياخشى بولىدۇ، «ئۆزەمنىڭ دۈمبەمنى ئۆزەمنىڭ قولى قاشلىغاندەك باشقىلار قاشلاپ قويمايدۇ» ـ دەپ ئۇرۇشقا ئۆزىمۇ كىرىپ كەتتى. مىرزا ئابابەكرىگە ئەگەشكەن مۇناپىق (خائىنلار) نى ئۆلتۈرۈپ، مىرزا ئابا بەكرىنىڭ ئەسكەرلىرىنى قاچۇردى. مىرزا ئابابەكرى ئەسكەرلىرىدىن ئاجراپ يالغۇز قېلىپ قېچىپ كەتتى. سەئىدخان ئىززەت ـ ھۆرمەت بىلەن ياركەنتكە كىرىپ تەختكە چىقتى. مىرزا ئابا بەكرىنى قوغلاپ بېرىشقا كىشى ئەۋەتمەكچى بولغاندا، مىرزائابا بەكرىنىڭ ئۆزى ئۆستۈرگەن بېگى ئىزدەپ تۇتۇشنى زىممىسىگە ئېلىپ، قوغلاپ ئۈچ كۈنلۈك يەرگە بارغاندا، مىرزا ئابا بەكرىنىڭ ھاردۇق ئېلىپ ئۇخلاپ ياتقان يېرىدە بېشىنى كېسىپ ئۆلتۈرۈپ، سەئىدخاننىڭ ئالدىغا ئېلىپ كەلدى. سەئىدخان: ـ بىر كىشى تەربىيىلەپ ئۆستۈرگەن ئادەمنى يامان سىغىنىپ خىيانەت قىلسا نېمە قىلىش كېرەك؟ دەپ ئويلاپ، مەسلىھەتلەردىن كېيىن بۇ بەگنى تېرىسىنى سويۇپ ئۆلتۈرۈپ، تېرىسىگە سامان تىقىپ چاھار سۇغا ئېسىپ قويدى. تامغا ۋە پۇللارنى سەئىد خاننىڭ نامىغا قىلدۇردى. سەئىدخان يۇرتنى خېلى ئاۋات قىلدى. ياركەنتتىن ھەر يىلى ھاتەمشاھ خەلىپە ئارقىلىق ئاقسۇغا خوجا پەخرىددىنگە نەزىر ئەۋەتتى، سەئىدخان بىر يىلى ئۆزى كېلىپ ئەخمەتخانغا ياركەنتنىڭ خانلىقىنى تەكلىپ قىلدى. ئەخمەتخان: ـ ئوغلۇم سىزگە رەھمەت، ئەمدى بىز قېرىدۇق ـ دەپ قو-

بۇل قىلىندى. سەئىدخان كېتىپ بىر يېرىم يىلدىن كېيىن ئەخمەتخان ۋاپات بولدى. ئۇنىڭدىن كېيىن كۆپ ئۆتمەيلا 63 ياشتا خوجا پەخرىددىن ۋاپات بولدى. بۇ كىشى 26 ياش ۋاقتىدا سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ چوڭ ئوغلى ئوبۇلپەتتاھ غازىنىڭ ئەۋلادى مەۋلانە سەئىددىن قەشقىرىنىڭ كىچىك قىزى سۇلتان بىۋۋى ئائىشەنى نىكاھىغا ئالغان ئىدى، چوڭ قىزىنى (سەئىددىن قەشقىرىنىڭ قىزى) خوجا ئەخمەت كاسانىغا ئېلىپ بەرگەن ئىدى، بۇنىڭدىن خوجا ئىسھاق تۇغۇلدى. تاغىلىرى مىر سەئىد يۇسۇپ خوجامنىڭ قىزىدىن ئىشان كالان (مۇھەممەت ئىمىن خوجا) تۇغۇلدى. بۇنىڭ 12 ئوغلى بار ئىدى، ھەممىسى باشقا - باشقا ئانىدىن ئىدى. جالالىددىن كىتىكىنىڭ ئوغلى ئەرشىددىن ۋەلى تۇغلۇق تۆمۈرخاننى مۇسۇلمان قىلغاندا ئاقسۇ، ئۈچ، كۇچانىڭ قازىلىقىنى چولدا قىلىپ ئەرشىددىنگە بەرگەندە، ئەرشىددىن قوبۇل قىلمىغان ئىدى. لېكىن تۇغلۇق تۆمۈرخان: - ئۆزلىرى قوبۇل قىلمىسىلا، ئەۋلادلىرىدىن بىرەرسى قوبۇل قىلار - دېگەن تۈپەيلى، بۇلارنىڭ ئەۋلادىدىن خوجا ئابدۇلئەھەت خوجا قازىلىقنى قوبۇل قىلدى.

## سەئىدخان ۋە ئابدۇرىشىتخان

سۇلتان سەئىدخان مىرزا ئابابەكرىدىن خانلىقنى ئېلىپ 20 يىل خان بولۇپ ۋاپات بولدى، ئورنىغا ئوغلى ئابدۇرىشىتخان خان بولۇپ ئولتۇردى. ئابدۇرىشىتخاننىڭ توققۇز ئوغلى بولۇپ ئۇلار: تۆمۈر سۇلتان، ئابدۇكېرىمخان، سۇفى سۇلتان، ئابدۇللېتىپخان، مۇھەممەتخان، قىرىل (قۇرەيىل)، سۇلتان، يۇنۇسخان، ئەبۇ سەئىدخان، ئابدۇرېھىمخان ئىدى. ئابدۇرىشىتخاننىڭ زامانىسىدا، سەمەرقەند تەرەپتىن خوجا مۇھەممەت شېرىپ پىر سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ زىيارەتگاھىنى ئىزلەپ قەشقەرگە كەلدى. ئابدۇرىشىتخان خوجا مۇھەممەت شېرىپ پىرغا ئىرادە بەيئەت قىلدى (مۇرىت بولدى) . ئابدۇللېتىپخان قەشقەرگە تۆرە ئىدى، قارا تىگىنگە بېرىپ قىرغىزلار بىلەن جەڭ قىلىپ شېھىت بولدى.

ئابدۇرىشىتخان 35 يىل پادىشاھلىق قىلدى. بۇ ۋاقىتتا خوجا ئىسھاق ۋەلى بۇخارا تەرەپتىن چىقىپ كەلدى، مۇھەممەتخان باشلىق ياركەنت خەلقى خوجا ئىسھاققا مۇرىت بولدى، ئۇنىڭدىن كېيىن خوجا ئىسھاق ۋەلى خوتەن ئاھالىسىنى ئۆزىگە مۇرىت قىلىپ كەريا (كېرىيە) گە بېرىپ قايتىپ قەشقەرگە كېلىپ، قەشقەر ئاھالىسىنى ئۆزىگە مۇرىت قىلدى. ئۇنىڭدىن كېيىن ئاقسۇغا كېلىپ، ئايكۆلگە بېرىپ مەۋلانە جالالىددىننى زىيارەت قىلىپ، چۈشىدە جالالىددىندىن بىشارەت تاپتى. جالالىددىن: - ئەي

خوجا ئىسھاق، ئاقسۇ، كۇچا، چالىش (قارا شەھەر)، تۇرپاننىڭ خوجىلىقىنى ھەم سىزگە بەردىم، بىزنىڭ ئەۋلادىمىز ئىشانلىقنى تاشلاپ ئەمەل تۇتۇپ بەگلىكنى ئارزۇ قىلدى، بەگلىك ئۇلارغا بولسۇن - دېدى. شۇنىڭ بىلەن خوجا ئىسھاق ئاقسۇدىكى مازارلارنى زىيارەت قىلىپ، جالالىددىننىڭ نەۋرىسى قازى ئابدۇرېھىمنى زىيارەت قىلدى. بۇلار بىر - بىرىنى سىناشقاندىن كېيىن، قازى ئابدۇرېھىم خوجا ئىسھاققا بەيئەت قىلىپ، خەلقنى ھەم مۇرىت بولۇشقا چاقىردى. خەلق قوبۇل قىلمىغاندا، قازى ئابدۇرېھىم: - بىز ئىشانلىق يولنى قازىلىق - بەگلىك بىلەن ئالماشتۇرۇپ، بۇ ئىشنىڭ جاۋابكارلىقىدىن چىقالماس بولدۇق، بالام جالالىددىننىڭ تەلەپلىرى شۇنداق، ئەمدى خوجىلىق تەرىقەتكە «پىر» (ئۇستاز) لىق بىزدىن بۇ ئەزىزگە قالدى - دەپ ئۆزى باشلاپ خەلقنى خوجا ئىسھاققا بەيئەت قىلدۇردى.

X X X X X X X X X

خوجا جالالىددىن بۇخارى (كېيىنكى ئىسمى جالالىددىن كىتىكى) نىڭ تۇغلۇق تۆمۈرخاننىڭ ۋەقەسى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ يېزىلغان قولىيازما تەزكىرىدىن تەرجىمە قىلىندى.

ئابدۇرېشىتخان ۋە ئۇنىڭ ئەۋلادى توغرىسىدىكى ۋەقە خوجا مۇھەممەت شېرىپنىڭ تەزكىرىسىدە بايان قىلىنىدۇ.

# خوجا مۇھەممەت شېرىپ پىر ۋە ئابدۇرىشىت خانلار توغرىسىدا

رىۋايەتلەردە، خوجا مۇھەممەت شېرىپنىڭ ئاتا - ئانىسى ئۆز بېكىستاننىڭ سايرام دېگەن يېرىدىن بولۇپ، خوجا يەتتە ياشقا كىرگەندە ئاتىسى ئۆلۈپ يېتىم قالدى، ئانىسىنىڭ خىزمىتىنى قىلاتتى. ئانىسى خوجىنى مەكتەپكە بەردى، ئوقۇش جەريانىدا تۆلەيدىغان «ئازادلىق» ۋە «پەيشەنبىلىك» خىراجەتلىرىنى چاق ئېگىرىپ يىپ سېتىپ تەمىن قىلاتتى. خوجا 10 ياشقا كىرگەندە ساۋادى ياخشى چىققتى، ئۆزىمۇ ئەقىللىق - زېرەك (چېچەن) ئىدى. دەل شۇ پەيتتە ئانىسى ئۆلۈپ كېتىپ، خوجا يېتىم قالدى، ئەھۋالى پەرىشان يۈرەتتى. شۇنداق غېرىبلىق - يېتىملىكتە يۈرگەندە، بىر كۈنى ئۈنىڭغا بىر ئۇلۇغ كىشى كېلىپ سالام قىلىپ: - ئوغلۇم، پەرىشان ۋەيېتىملىكىڭ ئۈچۈن غەم يېمىگىن، خۇدانى يادلىغىل، سايرامدىن چىقىپ سەمەرقەندكە بارغىل، ئىشىڭ شۇ يەردە تولۇقلىنىدۇ، مەقسىتىڭگە يېتىسەن، بىز ھەم ساڭا مەدەت قىلىمىز - دېدى. خوجا بۇ سىرلىق بىشارەتتىن ئۈمىد تۇتۇپ تەپەككۇر يۈرگۈزەتتى. ئاتا - ئانىلىرى ئۈچۈن نەزىر ئۆتكۈزۈپ، ئوقۇيدىغان كىتابلىرى بىلەن بىر ئاز ئۇزۇق ئېلىپ يولغا چىقىپ سەمەر قەندكە باردى. خوجىنىڭ سەمەرقەندكە كىرگەن ۋاقتى كەچقۇرۇن بولۇپ، ھەممە ئادەم يۈرۈش - تۇرۇشتىن توختاپ، دۇكانلار تاقالغان ئىدى. پادىشاھنىڭ كېچىلىك تەپتىشلىرى (تەكشۈرگۈچىلىرى): - مۇساپىر (چەتتىن كەلگەن) ۋە شەھەرلىكلەر بولساڭلارمۇ ئۆز ئورنىڭلارغا بېرىڭلار - دەپ، كوچىلارنى تەكشۈرۈپ يۈرەتتى. خوجا نېمە قىلىشىنى، كىمنىڭ قېشىغا بېرىشىنى بىلمەي چارىسىز بولۇپ، بىر مەسچىتكە كىرىپ ياتماقچى بولدى. مەسچىتنىڭ مۇئەززىنى: - ئەي بۇرادەر! تۇرۇڭ، باشقا يەرگە بېرىڭ، مەسچىتنىڭ گىلەم - جايىنامازلىرى يوقىلىپ كەتمىسۇن، سىز جاۋابكار بولۇپ قالماڭ - دېدى. خوجا ئۆزىنىڭ بۇ شەھەرگە يېڭى كىرگەن مۇساپىر ئىكەنلىكىنى ۋە ھېچبىر تونۇغان ياكى تونۇشى يوقلۇقىنى ئېيتىپ، مەسچىتتە بىر كېچە قونۇپ قېلىشىنى ئىلتىماس قىلدى، مۇئەززىن خوجىنىڭ خۇرجۇن - قاچا، كىتابلىرىنى كاپالەت ئۈچۈن ئېلىپ قېلىپ، مەسچىتتە يېتىشىغا ئۇنىدى. ئەتىسى نامازدىن يېنىپ، مۇئەززىن خوجىنىڭ قەيەردىن كەلگەنلىكىنى ۋە كىم ئىكەنلىكىنى سوراپ بولغاندىن كېيىن: - ئوغلۇم، مۇساپىر بولسىڭىز مىرزا ئۇلۇغ بەگنىڭ مەدرىسىگە بېرىڭ، ئاخۇنغا ئەھۋالىڭىزنى سۆزلەڭ، ئەلۋەتتە بىرەر ھۇجرا بېرەر - دەپ يولغا سېلىپ، - بەزى چاغلاردا بىزنىڭ ئۆيگە كېلىپ تۇرارسىز - دەپ «سەمەر-

قەند تەكلىپى» قىلىپ قويدى. خوجا مەسچىتتىن چىقىپ مىرزا ئۇلۇغ بەگنىڭ مەدرىسىنى
تېپىپ، ئاخۇنغا ئۇچرىشىپ سالام قىلىپ، ئۆز ئەھۋالىنى بايان قىلدى، شۇنىڭ
بىلەن ئاخۇن بىر ھۇجرا بەلگىلەپ بەردى. ئۈيگە سىلىش ئۈچۈن بىر نەرسىسى يوق-
لۇقىنىڭ ئۈستىگە، يېقىش ئۈچۈن ئوتۇنمۇ يوق ئىدى، بورا پارچىلىرىنى تېرىپ يىغىپ،
بىر پۇچۇق بورا تېپىپ ئۈيگە سالدى. شۇنداق قىيىن ھالدا خۇداغا ئىبادەت قىلىپ،
ئوقۇشنى باشلىدى، ئەشۇ يوقسۇللۇق - جاپالىق ئىچىدە 30 يىل ئوقۇشنى داۋاملاش-
تۇردى. بىر كۈنى يېمەككە نەرسە يوق ئاچ تۇرغاندا، مەسئۇد ئىسىملىك سودىگەرنىڭ
«دىدىكى» (قۇلى) بىر نان داستىخان ئەكىلىپ بەردى ۋە: - بۇ سودىگەرنىڭ خوتۇنىغا
چۈشىدە بىشارەت (خەۋەر) بېرىپتۇ، شۇنىڭ ئۈچۈن مەيدىن نان ئەۋەتتى - دېدى.
بۇ دىدەك قايتىپ بېرىپ خوجىنىڭ ئەھۋالىنى بى - بى سىگە (سودىگەرنىڭ خوتۇنىغا)
سۆزلەپ بەردى. بۇ خوتۇن بەش - ئون كۈندە بىر قېتىم تۈرلۈك تاماق ۋە يېي-
مەكلىكلەرنى ئەۋەتىپ تۇراتتى. خوجا مۇھەممەت شىرىپ ئوقۇپ ئەڭ زور ئىلىم
ھاسىل قىلدى، كىشىلەر ئارىسىدا شۆھرەت قازاندى. ئۆز دەۋرىنىڭ ئالىملىرىنى مەغ-
لۇپ قىلدى (ھەممىسىدىن ئۈستۈنلۈك ئىگىلىدى). خوجا مۇنداق كامالەت ھاسىل
قىلىپ تۇرغان كۈنلىرىدە، بىر كۈنى ئىككى ئاتلىق كىشى كۆزىگە كۆرۈندى، ئۇنىڭ
بىرى سۇتۇق بوغراخان، يەنە بىرى خوجا ئەخمەت يەسەۋى بولۇپ، خوجا ئۇلارنىڭ
كىملىكىنى ۋە قەيەردىن كەلگەنلىكىنى سورىغاندا، ئەخمەت يەسەۋى: - مېنى ئىزدە-
سىڭىز «تۈركىستاندىن» ① تاپىسىز - دېدى. سۇتۇق بۇغراخانمۇ: - مېنى قەش-
قەردىن تاپىسىز - دەپ غايىب بولدى. خوجا مۇھەممەت شىرىپ يول جابدۇقى قىلىپ
سەپداشلىرى بىلەن خوشلىشىپ، ئاخىرقى قارارى بويىچە قەشقەرگە ماڭدى. قەشقەرگە
كېلىپ ئاتۇشنى سوراپ مەشھەد ② كە كەلدى، سۇتۇق بۇغراخان قەبرىسىدىن بىشارەت
(خەۋەر) بولۇپ، ئۇنىڭ روھى بىلەن كۆرۈشتى. ئۇنىڭدىن كېيىن، مۇھەممەت شىرىپ
مەككىگە بېرىپ ھەج قىلىپ كەلدى. مەدىنىگە بارغاندا مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ
روھىدىن بىشارەت (خەۋەر) ئاڭلىدى. مەككىدىن قايتىپ ھىندىستان يولى بىلەن
مېڭىپ كانجۇتقا كەلدى. ئۇ يەردىن ئۆتۈپ «داۋۇر» دېگەن يەرگە كەلدى، بۇ يەردە
بىر قانچە ئۆيلۈكلا ئادەم بار ئىدى، خوجا بۇ يەردە قونۇپ قالدى. ئەتىسى قايتماقچى
بولغاندا، شۇ يەردە 300 يىل بۇرۇن دەپنە قىلىنغان بىر پەتىۋا بەرگۈچى (مۇپتى)

① سوۋېت ئۆزبېكىستانىنىڭ بىر رايونى.
② مەشھەد — ئاستىن ئاتۇشتا، سۇلتان سۇتۇق بۇغراخاننىڭ قەبرىسى
بار جاي.

ئۆزىنىڭ يالغان پەتىۋا يازغانلىقى تۈپەيلى، بېشىدىن تىكەن ئۈنۈپ چىققانلىقىنى (روھىي ھالدا) ئەرز قىلدى. خوجا شۇ يەرنى كولاپ تىكەننى ئېلىۋەتمەكچى بولدى، لېكىن ئۇ كولىماقچى بولغان يەر بىر تۈل خوتۇننىڭ يېرى بولۇپ، ئۇ خوتۇن: — يېرىمنى بۇزماڭلار! دەپ تۇرۇۋالدى. پۇل تۆلەپ بېرەي دېسىمۇ ئۇنىمىدى. ئاقى- ۋەت، خوتۇن ئابدۇرىشىتخانغا ئەرز قىلدى. ئابدۇرىشىتخان بۇ چاغدا ياركەنت خانى بولۇپ، ئۇ ئوۋلاش ئۈچۈن بۇ تەرەپكە كەلگەن ئىدى، شۇ پەيتتە ئەرز قىلدى. ئابدۇرىشىتخان ۋاقىپ بولۇپ كىشى ئەۋەتتى.

## مۇھەممەت شېرىپنىڭ ئابدۇرىشىتخانغا ئۇچرىشىشى ۋە خانغا تەسىر قىلىشى

ئابدۇرىشىتخان تۈل خوتۇننىڭ ئەرزىنى قوبۇل قىلىپ، خوجامۇھەممەت شېرىپكە خىزمەتچىلىرىدىن بىرىنى ئەۋەتتى: — قانداق سوپى ئىكەن ئۇ، بىراۋنىڭ يېرىنى بۇزمىسۇن — دېدى. خىزمەتچى كېلىپ خاننىڭ يارلىقىنى يەتكۈزدى. خوجا ئۆزىنىڭ مەككىدىن كېلىۋاتقانلىقىنى، بۇ يەردە بىر ئالىم كىشى كۆمۈلگەن بولۇپ، پەتىۋانى خاتا يازغانلىقتىن بېشىدىن يانتاق — تىكەن ئۈنگەنلىكىنى، شۇڭا ئۇنى قۇتقۇزماقچى بولغانلىقىنى سۆزلىدى. خىزمەتچى قايتىپ كېلىپ بۇ سۆزلەرنى خانغا يەتكۈزدى. ئابدۇرىشىتخان ئادەملىرى بىلەن كېلىپ خوجا بىلەن كۆرۈشۈپ ئەھۋال سورىشتى. خان ۋەزىرلىرى بىلەن مەسلىھەتلىشىپ، خوجا مۇھەممەتنى ئۆزىگە دىن ۋە تەرىقەت ئۇستازى قىلماقچى بولۇپ بەيئەت قىلدى. خوجا خانغا نۇرغۇن دىنىي مەسلىھەتلەرنى بەردى. بىر — بىرىگە يېقىن دوستلاشتى. شۇنىڭ بىلەن خوجا بۇ يەردە بىر خانىقا[1] بىنا قىلدۇرۇپ ئىشانلىق قىلىشقا باشلىدى. ئابدۇرىشىتخان خوجىنى شەھەرگە بېرىشقا تەكلىپ قىلدى. قوبۇل تۇتۇپ خان بىلەن بىللە قاغىلىققا كەلدى. بۇ چاغدا قاغىلىق شەھىرىنىڭ ئەتراپى بوش ئورمانلىق ئىدى، بۇ يەرگە بىر بازار قۇرۇساق دېيىشىپ، ئالدى بىلەن بىر خانىقا بىنا قىلدى. خوجا بىلەن بىر نەچچە ئەر (سوپىلارنىڭ ناخشىچى- لىرى) ۋە ئايال «بۈۋى» (سوپى خوتۇنلار) بىللە ئىدى. خوجا ئۆزى لايىپ خانىقا بىناسىغا تۇشۇشقا تەييار قىلدى. تامنى پۈتكۈزۈپ قويسا، بىر نەچچە قېتىم كېچىسى ئۆرۈ- لۈپ چۈشتى، خوجا ھەيران بولۇپ كېچىسى دىققەت قىلىپ تۇرسا، بىر تۆگە كېلىپ تامنى ئۆ- رۈپ يىقىتتى، خوجا بۇ تۆگىنى توسىدى ۋە نېمە ئۈچۈن تامنى يىقىتقانلىقىنى سورىدى، تۆگە دەرھال ئادەملىك سۈرەتكە كېلىپ سالام قىلىپ: — مەن «ھورمۇز» دېگەن يەردىن

[1] خانىقا — ئىشان — سوپىلارنىڭ ئىبادەتخانىسى.

كېلىپ، بۇ يەردە ۋاپات بولۇپ كۆمۈلگەن ئىدىم، مېنىڭ يېنىمغا بىر كاپىرنى ۋە ئۇنىڭ بىلەن بىر «كۈپ» ئالتۇننى بىللە كۆمۈشتى، ماڭا ئۇنىڭ ئازاب تەسىرى بولۇشقا باشلىدى، سىز كېلىپ بۇ يەرگە تام سالغىلى تۇردىڭىز - دېدى. ئېيتىڭىز نېمە؟ دەپ سورىدى مۇھەممەت شېرىپ. — ئېيتىم موللا خوجا ئەخمەت ھورمۇزى - دېدى. مۇھەممەت شېرىپ ئەھۋالدىن ۋاقىپ بولۇپ، ئەتىسى تامنى بۇزۇپ تېگىنى كولىدى، يەر ئاستىدىن بىر دانە چۆيۈن بۇت (ھەيكەل)، يەنە بىر كۈپتە ئالتۇن چىقتى. بۇ يەرگە (خوجا ھورمۇز جەسىتى بار يەرگە) تۇغ باغلاپ مازار قىلدى. چۆيۈن بۇتنى بۇزۇپ قازان قۇيدۇردى، بىر كۈپ ئالتۇننى سېتىپ يەر - زېمىن ئېلىپ مازارغا ۋەخپە قىلدۇردى. ئابدۇرېشىتخان مۇھەممەت شېرىپ خوجىغا ئۈچ كۈن زىياپەت بېرىپ ھۆرمەتلىدى، خوجىنىڭ ئابرويى ھەممە ئادەمگە ئاشكارا بولدى. مۇھەممەت شېرىپ خوجا ئابدۇرېشىتخانغا ئېيتىپ، قەشقەرگە بېرىپ سۇتۇق بۇغراخاننى زىيارەت قىلىپ قەشقەرگە كىرگەندە، قەشقەرنىڭ ئەربابلىرى ۋە بارلىق ئادەملەر بۇ خوجىغا ئابدۇرېشىتخاننىڭ مۇرىت بولغانلىقىنى ئاڭلاپ، بەيئەت قىلىپ مۇرىت بولدى. خوجا مۇھەممەت شېرىپ پىر يەتتە يىل ئاتۇشتا (سۇتۇق بۇغراخان مازىرىدا) ئىبادەت قىلىپ شەيخ بولۇپ ئولتۇردى. ئابدۇرېشىتخان كېلىپ زىيارەت قىلىپ كەتتى.

## ئابدۇللېتىپخان — ئابدۇرېشىتخاننىڭ ئوغلى

ئابدۇرېشىتخاننىڭ ئوغلى ئابدۇللېتىپخان قەشقەرگە تۆرە ئىدى. بۇ چاغدا قىرغىزلار جىنسى قارا تېگىندە ئىدى، قەشقەر شەھىرىگە يېقىن كېلەلمەيتتى، ئۇلارنىڭ كېلىشىنى چەكلەيتتى. ئابدۇللېتىپخاننىڭ بەگلىرى بېرىپ قىرغىزلارنىڭ ماللىرىدىن «زاكات» (باج) ئېلىپ كېلەتتى. بەزىدە قارشىلىق قىلسا قىلىچ كۈچى سىياسەت بىلەن ئالاتتى، بەزى يىللىرى قىرغىزلار ئۆزى تاپشۇراتتى. زاكات تاپشۇرۇشقا قارشىلىق قىلغانلارنى ئەسىر قىلىپ ئېلىپ كېلەتتى. بىر يىلى قىرغىزلارنىڭ بىر ئۇرۇقى (بىر قەبىلىسى) باجنى تاپشۇرمىدى، ئابدۇللېتىپخان ئوۋغا چىقىپ ئوۋلاپ يۈرۈپ قىرغىزلارنىڭ يۇرتىغا باردى (بۇ، قىرغىزلارنى تۇيدۇرماي تۇتۇش چارىسى ئىدى)، قىرغىزلار تۇيماي قالدى. ئابدۇللېتىپخان ئەسكەرلىرى بىلەن قىرغىزلارنى باستۇرۇپ چۈشتى ۋە مال مۈلكىنى ئولجا قىلدى. ئابدۇللېتىپخان قىرغىزلارنىڭ «بىي» سى (بېگى) نىڭ قىزىنى ئېلىپ نەچچە كۈن ئەيش - ئىشرەت قىلىپ، كەيپ - ساپاغا بېرىلىپ قالدى. دەل بۇ پۇرسەتتە، قىرغىزلار ئابدۇللېتىپخان قوراللىنىپ تەييارلانغىچە ئۈلگۈرتمەي، ئۇشتۇمتۇت ھۇجۇم قىلىپ مۇسۇلمانلارنى ئۆلتۈردى، خاننىمۇ شېھىت

بولدى، قۇتۇلۇپ قالغان ئەسكەرلەر قەشقەرگە قېچىپ كىردى. يەركەنتكە (ئابدۇرېشىت خانغا) خەۋەر قىلدى، ئابدۇرېشىتخان خاپا بولۇپ قوشۇن تارتىپ قەشقەرگە كېلىپ، خوجا مۇھەممەت بىلەن كۆرۈشۈپ دۇئا ئالدى. ئۆتكەنكى ئەۋلىيا ۋە سۇتۇق بۇغراخاننىڭ روھىدىن مەدەت تىلەپ رۇخسەت بەردى. ئابدۇرېشىتخان قوشۇن بىلەن قىرغىزلارغا يۈرۈش قىلىپ قوغلاپ، قىرغىزلارنى ئىسسىق كۆلدە تاپتى. 20 كۈن جەڭ بولدى . قىرغىزلارنى مەغلۇب قىلىپ ئىنتايىن قىرغىن قىلدى. تىرىك قولغا چۈشكەن 20 نەپەر قىرغىزنى قەشقەرگە ئېلىپ كېلىپ، تېرىسىنى سويۇپ دەرۋازىغا ئاستى. ئابدۇرېشىتخان يەركەنتكە قايتماقچى بولۇپ، خوجىنى يەركەنتكە تەكلىپ قىلىپ ئېلىپ كەلدى. خوجا شەھەرنىڭ تېشىدىكى «ممشار» باقىغا چۈشتى. خوجا يەركەنتتە 10يىل ئىشانلىق قىلىپ تۇردى. خوجا قاغىلىققا كېلىپ شەھەر قىلماقچى بولغاندا، خەلق ئۇنىماي : - ئەگەر شەھەر پەيدا بولسا، ياش باللىرىمىز قىمارۋاز بولۇپ بۇزۇلۇپ كېتىدۇ - دەپ تۇرۇۋالدى. ئەتىسىدىن باشلاپ شەھەر بىناسىغا كىرىپ شەھەر ئىچىدىن بىر ئۆستەڭ چاپتۇردى، نۇرغۇن كەنتلەر ئاۋات بولدى، قاغىلىقنى «دۈشەنبە بازار» قىلدى، شەھەر يىلدىن - يىلغا كۆپەيدى. قۇلى بارلار قۇلىنى ئازاد قىلدى، ئۇلارنى بىردىن ھۈنەرۋەنگە شاگىرت قىلىپ بەردى، بەزى قۇللارنى ئازاد قىلىپ خانىقاغا خىزمەتكار قىلىپ بەردى. خوجىنىڭ بۇ ئىشىغا ئابدۇرېشىتخان خۇشال بولدى. دېمەك، خوجا مۇھەممەت شېرىپ پىر يەركەنت، قەشقەرلەردە بولۇپ ئۇزۇن يىللار تەرىقەت ئۇستازى بولۇپ تۇردى. 95 ياشقا يەتكەندە، ۋاپات بولۇش ئالدىدا خان باشلىق ئۆزىنىڭ كىشىلىرىگە ۋەسىيەت قىلىپ، دىن ئۈچۈن نۇرغۇن تاپشۇرۇقلار ۋەز - نەسىھەتلەرنى قىلىپ ئۆز ئورنىغا مۇھەممەت ۋەلى سۇفىنى ئىشانلىققا تەيىنلىدى، ھەممەيلەن بىلەن رازىلىشىپ ۋاپات بولدى. ئابدۇرېشىتخان بىلەن ھەممە خەلق يىغلاپ تەزىيەت تۇتۇپ دەپنە مۇراسىمى ئۆتكۈزۈپ، خوجا مۇھەممەت شېرىپ پىرنى ئۆزلىرى ئولتۇرغان خانىقاسىغا دەپنە قىلدى. خوجا مۇھەممەت شېرىپ پىرنىڭ ۋاپات بولغان ۋاقتى تارىخى ھىجرىيىنىڭ 973 - يىلى (مىلادى 1565 - يىلى) ئىدى. بۇنىڭدىن ئۈچ يىل كېيىن (ھىجرىيە 977 - ، مىلادى 1569 - يىلى) ئابدۇرېشىتخان ۋاپات بولدى، يەركەندە ئولتۇرغان مازارغا دەپنە قىلىندى.

XXX XXX XXX

«تەزكىرە زىبدەتۇل ئارىفىن ۋەقمد ۋە تونسا لىكىن» (ئەۋلىيالارنىڭ تاللانغىنى ۋە رەھبىر بولغانلارنىڭ خاتىرىسى) ناملىق قولىيازما تارىخىي ئەسەردىن تەرجىمە،

# «زىبا ئۇلۇغلۇپ» (قەلبلەرنىڭ يورۇقى – نۇرى)
# چىلتەن (ھەپتە مۇھەممدان) نىڭ تەزكىرىسى
# ۋە مىرزا ئابابەكرى ۋەقەسى

مەدھىيە ۋە تەشەككۈرلەر ئاللاغا بولسۇنكى، ئۆزىنىڭ رازىق (رىزىق بەرگۈچى) سۈپىتى بىلەن پۈتۈن ھاياتقا ئوزۇق بەردى ۋە ئۇنىڭ بەرگەن رىزقى (ئوزۇقى) ھەممىگە تەۋەددۇر. ئاللا شۇنداق رازىقدۇركى، ئۇنىڭ داستىخانىدىن «گەبر ۋە تەرسا» (كاپىرلار) مۇ ئۆزىگە تېگىشلىك نېسىۋىسىنى يەيدۇ، يەنى ئاللا مۇسۇلمانغا رىزىق بېرىپ، كاپىرنى ئايرىپ قويمايدۇ، كاپىرغا رىزىق بېرىۋاتقان ئاللا ئۆزىنىڭ مۇسۇلمان بەندىلىرىنى مەھرۇم قالدۇرماسلىقى چوقۇم. ئاللانىڭ ئۇلۇغ دوستى- پەيغەمبىرى مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام ۋە ئائىلە - تاۋابىئات - ئەۋلادلىرىغا، سەپداشلىرىغا، دوستلىرىغا «دۇرۇت» (رەھمەتلەر) بولسۇن.

بۇ تەزكىرىنى «تەلپ» قىلىش (يېزىش) نىڭ سەۋەبلىرى توغرىسىدا

چىلتەن (ھەپتە مۇھەممەدان) يەنى يەتتە نەپەر مۇھەممەت ئىسىملىك كىشىنىڭ ھەققىدە خەلقنىڭ خەۋىرى يوقلۇقىدىن ئۇلارنى توغرا تونۇيالمايتتى. ئۇلۇغ كىشىلەر ۋە دوستلارنىڭ ئىلتىماس قىلىشى بىلەن، كىتابلاردىن بىر قانچە رىۋايەت ۋە سۆز- لەرنى يىغدىم ھەمدە مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ ھەدىسلىرى (سۆزلىرى) ۋە ئالىم- لارنىڭ رىۋايەتلىرى، ئەۋلىيالار روھىنىڭ مەدەت - ياردەم بېرىشى بىلەن، قەغەز سەھىپىسىگە چىلتەنلەر ھەققىدە بولغان رىۋايەت (سۆز) گۆھەرلىرىنى يايدىم (يازدىم)، بۇ كىتابىمدىن ئومۇمىي خەلق مەنپەئەتلەنسۇن، لېكىن كەمىنە كەم سالاھىيەت، بىچارە، يوقسۇل ئۇلارنىڭ ئەھۋالىنى تولۇق بايان قىلىش لاياقىتىگە ئىگە ئەمەس ئىدىم، شۇنداق بولسىمۇ دىلىمغا چۈشكەن ئىلھام ۋە بىلگەنلىرىمنى يازدىم.

مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ ساھابىلىرى ئارىسىغا چىلتەن ھەققىدە مۇنازىرە چۈشتى. بەزىسى: چىلتەن ٤-ئاسماندا - دېسە، يەنە بەزىسى: ياق، چىلتەن يەر

ئۇستىدە - دېيىشەتتى، ئاقىۋەت بۇ توغرىدا بىرلىككە كېلەلمىدى. بىز ئاساسلىق كىتابلاردىن مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ سۆزلىرى (ھەدىسلىرى) نىڭ ئەڭ كىچىك ۋە ئېنىق توپلانغان كىتابلاردىكى رىۋايەتلەرگە ئاساسلىنىپ تۇرۇپ: چىلتەننى يەر يۈزىدە - دەپ ئېيتىمىز. «ناۋادىرۇلئۇسۇل» دېگەن كىتابتا، مالىكنىڭ ئوغلى ئەنەسنىڭ مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامدىن بىۋاسىتە ئاڭلىغان رىۋايىتى بويىچە، چىلتەن يەر يۈزىدە بولۇپ، ئۇلاردىن 22 نەپىرى شام سۈرىيىنىڭ مەركىزى دەمەشىق تاغ غارىدا، 18 نەپىرى ئىراقتا تۇرىدۇ. ھەر ۋاقىتتا ئۇلاردىن بىرى ۋاپات بولسا، خۇدا ئۆز خاھىشى بىلەن ئۇنىڭ ئورنىغا يەنە بىر كىشىنى بەلگىلەيدۇ، خۇدانىڭ بۇيرۇقىغا بويسۇنماسلىقتا ھېچ بىر كىشىنىڭ ھەددى ئەمەس. خۇدا قۇرئاندا شۇنداق دېگەنكى: «مېنىڭ ئەمرىمگە بويسۇنمىغانلار ھايۋانلارغا ئوخشاش، بەلكى ھايۋاندىنمۇ نادانراق ۋە يولنى يوقاتقۇچىدۇر.» سىز ئادەم ئوغلى بولغىنىڭىزدىن كېيىن ئىنسانىي ئەدەپ-لىك بولۇڭ، ئۇلۇغلۇقنى نىشان قىلغۇچىلارنىڭ يولى ئەدەپتۇر، «تەرىقەت سۇفىلىق يۇتۇن ئەدەپتۇر». سەئىد ھۇسەيىن شۇنداق دەيدۇ: «تەرىقەت يولىغا كىرگۈچىلەر باشقا بىر جامائەدۇر، سەن ئۇلارنىڭ ئالاھىدە سۈپىتىنى ئىگىلىمىسەڭ، تەرىقەت يولى-نى بىسىپ ئۆتەلمەيسەن.» دېمەك، ھەپتە مۇھەممەدان «قۇتبى» لاردىن بولۇپ، بۇ-لارنىڭ بىرى ۋاپات بولسا، ئورنىغا يەنە بىر كىشى تەيىنلىنەتتى، چۈنكى بۇلار چىل-تەنلەرنىڭ جۈملىسىدىن بولغانلىقى ئۈچۈن، بۇ يەتتە نەپەر كىشىنىڭ مۇقام (دەرى-جە) لىرى «ئەۋتار، نۇقۇبا، قۇتبى، غەۋس» دەرىجىسىدۇر. ئۇلارنىڭ دەرىجىسى ئال-لانى ئىنتايىن تونۇشنىڭ ئەينى دەرىجىسىدۇر. «ئارىپ» (ئاللانى تونۇغۇچى) ۋە ئا-شىقلار دەرىجىسىدۇر. شۇنىڭدەك ئۇلار ئاللانىڭ ئىشقى بىلەن مەست ۋە بىھۇشىدۇر. مەسىلەن ھاپىز شىرازى شۇنداق دەيدۇ: «دىلى ئىشىق بىلەن تىرىلگەنلەر ھەرگىز ئۆلمەيدۇ، ئۇلار دۇنيا سەھىپىسىدە داۋاملىق تۇرىدۇ»، «ئەۋلىيالار ئۆلمەيدۇ، بەلكى ئۇلار ئۆلۈم شەكلى بىلەن بىر ئۆيدىن ئىككىنچى بىر ئۆيگە يۆتكىلىدۇ، ئۇلارنىڭ ھەر بىرى دۇنيادا (جەمئىيەتتە) مۇھىم بىر ئىشقا مۇئەككەل (مەسئۇل) قىلىنغان بو-لۇپ، ئۇنىڭ روھىدىن ياردەم سورالسا دەرھال ياردەم بېرىدۇ.» مالىكنىڭ ئوغلى ئەنەسنىڭ رىۋايىتىچە: مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام مەدىنە شەھىرىدە، مەسچىتتە ئۆز سا-ھابە (دوستلىرى) گە ئۇرۇشتا ئېلىنغان غەنىمەت (ئولجا) ماللارنى تەقسىم قىلىۋاتات-تى. مەسچىتتە بۇ يەتتە مۇھەممەت ھازىر ئىدى، مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام: - بۇلارغىمۇ مال تەقسىم قىلىپ بېرىڭلار - دەپ بۇيرۇدى، ساھابىلەردىن بىرى: - بۇلارغا مال تەق-سىم قىلىپ بەرسەكمۇ ئالمىدى - دېدى، مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام: - بېرىسىڭلار، ئەگەر ئۆزى ئالمىسا باشقا كەمبەغەللەرگە بېرەر، ھەر قانداق يەردە بۇلار بولسا، ئۇ يەردە

«قەھەت» (بوھران)، قىممەتچىلىكلەر بولمايدۇ، ئاپەت يەتمەيدۇ، ئۇ يەردە ئامانلىق
بولىدۇ، بۇلار بىر قانچە ۋاقىتتىن كېيىن موغۇلىستان تەرەپكە بارىدۇ - دېدى.
بىز ئەسلى سۆزىمىزگە قايتايلى: بىر كۈنى «دەھيە كۇلبى» دېگەن ساھابە
مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ ئالدىغا كېلىپ: - مېنىڭ زادى بالام يوق، قانداق قىلى-
مەن؟ دەپ ئەرز قىلدى. مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام دەھيە كۇلبىغا چىلتەننىڭ ئىسمىنى
ئوقۇشنى بۇيرۇدى، دەھيە كۇلبى ئوقۇدى، خوتۇنى ھامىلدار بولۇپ تۇغدى.
بىر كۈنى مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام مەسچىتتە ئولتۇراتتى، مائاز جەبەل ئوغلى
كىرىپ: - ئەي پەيغەمبەر، بۈگۈن بىر جانىۋار (قۇش) پەيدا بولدى، قانداقلا دەرەخ-
كە قونسا، دەرەخنىڭ يوپۇرماقلىرى تۆكۈلۈپ قۇرۇپ كېتىپ بارىدۇ - دېدى. مۇ-
ھەممەت ئەلەيھىسسالام ساھابىلەر بىلەن كېلىپ كۆردى، غەزەب بىلەن قاراپ: - سەن
قانداق جانىۋار؟ دەپ سورىدى، ئۇ جانىۋار پەيغەمبەردىن ھەيۋىلىنىپ سەھرا چۆلگە
قاراپ ئۇچۇپ كەتتى. مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام ئەلىنىڭ (كۈيئوغلىنىڭ) ئۆيىگە
كەلسە، پەيغەمبەرنىڭ قىزى پاتىمە كېسەل بولۇپ قاپتۇ. دېمەك، ئۇ قۇش ئاپەت
قۇشى ئىدى. مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ قىزى پاتىمە كېسەل بولۇپ
يېتىپ قالدى، ھېچ چارە بىلەن ساقايمىدى، ئاللا تەرەپتىن
(غايىبتىن) چىلتەنلەرگە ئەمىر بولدى: - سىلەردىن يەتتە كىشى مەدىنىگە بېرىپ
پاتىمە ئۈچۈن دۇئا قىلىڭلار، چىلتەننىڭ ئىراقتا تۇرۇشلۇقلىرىدىن يەتتە نەپەر كى-
شى مەدىنىگە بى بى پاتىمەنىڭ ئۆيىگە كەلدى، پاتىمە ئۈچۈن دۇئا قىلدى، پاتىمە
ساقايدى. مەدىنىدىن كېسەل ئاپەتى يوقالدى. ئۇلار بىر نەچچە كۈن مەدىنە شەھىرى-
دە تۇردى، مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ مەسچىتىدە نامازنى جامائەت بىلەن ئۆتىدى.
بىر كۈنى ئۇلار مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامغا ئىلتىماس قىلىپ كېتىشىنى تەلەپ قىلدى،
مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام ئۇلارغا رۇخسەت بېرىلمىگەنلىكىنى ئېيتىپ: - ئۈممەتلىرىم-
گە بىر مۇھىم (دىشۋارلىق) يۈز كەلتۈرسە ياكى زالىمغا يولۇقسا، سىلەر ھازىر
بولۇپ ياردەم بېرىڭلار - دەپ بۇيرۇق بەردى. ئۇلار مەدىنىدە تۇردى، تاكى مۇ-
ھەممەت ئەلەيھىسسالام ۋاپات بولغاندىن كېيىن، ساھابىلەر قاتارىدا پەيغەمبەر ئۈچۈن
كۆپ يىغلاپ تەزىيە تۇتۇپ دۇئا قىلدى. پەيغەمبەرنىڭ قەبرىسىگە كېلىپ تەلەپ قى-
لىپ، ئۆزىنىڭ قەيەردە تۇرىدىغانلىقىنى سورىدى. مۇھەممەت ئەلەيھىسسالام كۆرۈنۈپ: -
ئەي دوستلار، سىلەر ئەمدى موغۇلىستان يېرىگە بېرىڭلار، ئۇ يەر ئامانلىق دا-
ئىرىسىدۇر - دېدى، بۇلار: - ئەي خۇدانىڭ پەيغەمبىرى، بىز ئۇ يەرگە مۇساپىر بو-
لۇپ بارساق قەيەردە ۋەتەن تۇتىمىز؟ دېدى. پەيغەمبەر ئۇلارغا بىر «ئاسا» (ھا-
سا) بەردى ۋە: - بۇ ھاسا قەيەردە كۆچەت بولۇپ كۆكلىسە، سىلەر شۇ يەردە

ئۈرۈگلار – دېدى. بۇ يەتتە كىشى پەيغەمبەر بەرگەن ھاسىنى ئېلىپ چىقتى، ساھابىلەر بىلەن خوشلاشتى. مەدىنىدىن چىقىپ ئۇزۇن زامان يول يۈرۈپ موغۇلىستانغا يېتىپ كەلدى، ھاسىنى بىر قانچە يەرگە تىكىپ كۆردى، كۆكەرمىدى، ئەڭ ئاخىرىدا يەكەن شەھىرىگە كېلىپ بىر جايدا توختىدى. ئۇ چاغدا بۇ شەھەردە ئادەملەر يوق (ئاۋات ئەمەس) ئىدى. بۇ يەرنى خالىي يەر ئىكەن دەپ چاغلاپ، ھاسىنى يەرگە تىكتى، بىر كېچە ئۆتۈپ ئەتىسى قارىسا، ھاسا كۆكىرىپ چىقىپتۇ، ئۇلار خۇشال بولۇشۇپ پەيغەمبەرگە «دۇرۇت» (رەھمەت) ئېيتتى. ئۇ ھاسا كۆچەتنى پەرۋىش قىلدى ۋە ئىبادەتكە مەشغۇل بولدى. ئۇلار بەزىدە دەريا ياقىلىرىدا، بەزى چاغدا كىشى كۆرمەس يەرلەردە تۇراتتى. ھېچبىر كىشىنىڭ ئۇلارنىڭ ئەھۋالىدىن خەۋىرى يوق ئىدى، ئۇلار ئۆزىمۇ ھېچكىشى بىلەن ئۇلپەتلەشمەيتتى. ئاقىۋەت ئۇلار مەلۇم ۋاقىتتىن كېيىن ئەشۇ ھاسا كۆكەرگەن يەردە ۋاپات بولدى، پەرىشتىلەر چۈشۈپ دەپنە قىلدى. ئۇلار ۋاپات بولۇپ مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، سەمەرقەنتنىڭ «دەھبىيە» (ئون تۆت سۆگەت) دېگەن يېرىدىن مەۋلانە مۇھەممەت چىستى دېگەن ئەۋلىيا يەكەنگە كەلدى، ھەپتە مۇھەممەدانىنىڭ دەپنە قىلىنغان مازىرىنى تېپىپ شۇ يەرگە چۈشتى. شەيخ سەئىد ئەخمەت مەۋدۇد دېگەن كىشى مەۋلانە مۇھەممەتكە بەيئەت قىلدى. «چىستىيە» تەرىقىتى (ئىشانلىقى) نى بۇ يۇرتتا پەيدا قىلدى. بىر قانچە كۈنلەردىن كېيىن، مەۋلانە مۇھەممەت چىستى دەھبىيىگە قايتىپ كەتتى. بۇ مەزگىلدە، ياركەنت ناھايىتى ئاۋات، پاراۋانچىلىق بولغانىدى. خوجا ئەخمەت مەۋدۇد ۋاپات بولدى، ئورنى شەيخ سادىق دېگەن كىشىگە قالدۇرۇلدى.

## شاھ تالىپ سەرمەستى قىسسىسى

رىۋايەتلەرچە: بۇخارادا شاھ تالىپ سەرمەستى ئىسىملىك بىر سۇفى بار ئىدى. ئۇ ھەج قىلىش ئۈچۈن يولغا چىقىپ مەككىگە باردى، مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنى زىيارەت قىلىش ئۈچۈن مەدىنىگە باردى، مەدىنىدە پەيغەمبەرنىڭ قەبرىسىدە ئىبادەت قىلىپ ئولتۇردى. پەيغەمبەرنىڭ روھىدىن ئۇنىڭغا: – سەن موغۇلىستانغا بار، ئۇ يەردە بىزنىڭ دوستلىرىمىزدىن «ھەپتە مۇھەممەدان» نىڭ قەبرىسى بار، ئۇلارنى كىشىلەر بىلمىدى، ئۇلار ئۈچۈن دۇئا قىلىنمىدى، سەن بېرىپ تونۇت – دەپ بىشارەت (خەۋەر) بولدى. شاھ تالىپ خۇشال بولۇپ يولغا چىقىپ، ئۇزۇن يوللارنى كەزگەندىن كېيىن قەشقەرگە كەلدى. بۇ چاغدا قەشقەر ناھايىتى ئاۋات ئىدى، ھەپتە مۇھەممەدانىنىڭ قەبرىسىنى سورىدى، بىلگۈچىلەردىن بەزىسى ئۇلارنىڭ قەبرىسىنى

«تاتار زېمىنى» دا ـ دېدى. شۇنىڭ بىلەن شاھ تالىپ قەشقەردىن يەكەنگە كەلدى، خەلقتىن سوۋرۇشتۇرۇپ ھەپتە مۇھەممەداننىڭ قەبرىسىنىڭ قەيەردە ئىكەنلىكىنى سورىدى، ھېچ كىشى بىلمىدى. ئاخىرى، شاھ تالىپ يۈزىنى قىبلىگە قىلىپ روھانىيەتتىن ياردەم سورىدى، نەتىجىدە ئۇلارنىڭ قەبرىسى (كۆمۈلگەن يېرى) بىلىندى، قۇرئان ئوقۇپ دۇئا قىلدى، بۇ يەتتە نەپەر كىشى ئۈچۈن قەبرە ياسىدى، تۇغ ـ ئەلەم نىشانە قىلدى، ئۈستىگە بىرخانىقا ياسىدى. بۇۋاقىتتا، يەكەندە مىرزائابابەكرى پادىشاھ (ھاكىم) ئىدى. شاھ تالىپنىڭ كېلىپ ھەپتە مۇھەممەدان مازىرىنى ئاشكارا قىلغىنىنى مىرزا ئابابەكرىگە ئاڭلاندى، مىرزا ئابابەكرى كىشى ئەۋەتىپ شاھ تالىپنى سىناپ كۆرمەكچى بولدى. بىر مۈشۈكنى ئۆلتۈرۈپ تاماق قىلىپ شاھ تالىپنىڭ ئالدىغا ئەۋەتتى. مىرزا ئابابەكرىنىڭ ئادىمى كېلىپ: ـ بۇ تاماق نەزىرىنى مىرزائابابەكرى ئەۋەتتى، پېشىن ۋاقتى بىلەن ھاكىم ئۆزىمۇكەلمەكچى ـ دېدى. شاھ تالىپ بىر قانچە سوفى مۇرىتلىرى بىلەن ئىبادەت ئۈچۈن ئولتۇراتتى، شاھ تالىپ «كارامەت» (ئۇلۇغلۇق) كۈچى بىلەن ئەھۋالنى بىلىپ قالدى، خاپا بولۇپ: ـ بۇ جانلىق نەرسە (مۈشۈك) ناھەق ئۆلتۈرۈلۈپتۇ ـ دېدى، خۇداغا مۇناجات قىلىپ: ـ ئەي خۇدا، بۇ مۈشۈكنى تىرىلدۈرگىل ـ دەپ دۇئا قىلدى، خۇدانىڭ ئەقدىرى بىلەن مۈشۈك تىرىلدى. شاھتالىپ تېخىمۇ خاپا بولۇپ:
ـ ئەي بەدبەخت! سېنىڭ مىرزاڭ ئابا بەكرى پادىشاھ ئۆزى ھارامخوردۇر، مەن ئۇنىڭ يۈزىنى كۆرمىگەيمەن ـ دەپ يىغلىدى. شاھ تالىپ يەنە: ـ خۇدانىڭ دوستلىرىنىڭ ئەھۋالى نەخپىي ئىدى، بۈگۈن ئاشكارا بولدى ـ دېدى. ئاتنى توقۇپ مىنىپ خەلق بىلەن خوشلىشىپ دۇئا قىلىپ قەشقەر تەرەپكە ماڭدى، مېڭىپ قەشقەرنىڭ بىرسەھراسىغا كەلدى.

مىرزا ئابا بەكرى شاھ تالىپنىڭ بۇ كارامىتىنى، ھەپتە مۇھەممەداننىڭ ئۇلۇغلۇقىنى كۆرگەندىن كېيىن، دەرھاللا مىڭ تەڭگە پۇلنى شاھ تالىپنىڭ ئارقىسىدىن ئەۋەتتى ۋە ئۆزرە قويدى، ئۇ قوبۇل قىلمىدى. شاھ تالىپ: ـ بىز كارۋان ئەمەس، بىزنىڭ بىر خەلىپىمىز بار، ئىسمى «دىۋانە شەۋقى»، ئۇ كېسەل بولۇپ ھەپتە مۇھەممەداننىڭ قەبرىسى يېنىدا قالغانىدى، ئورنىمىزغا شۇ ئولتۇرسۇن ـ دېدى. دېمەك، شاھ تالىپ باشلىق دەرۋىش شاھلار ناز قىلدى ۋە ئۆزىنى ھاجەتسىز تۇتتى، مىرزا ئابابەكرىنىڭ ئەۋەتكەن پۇلىنى قوبۇل قىلمىدى. مىرزائابابەكرىنىڭ پۇل بىلەن ئەۋەتكەن ئادىمى ئۇلارغا يەتكەن ۋە ئۇلار پۇلنى قوبۇل قىلمىغان يەرنىڭ ئىسمى شۇندىن باشلاپ «شاھ ناز»[1] (شاھنىڭ ناز قىلغان يېرى) دەپ ئاتالدى. مىرزا

[1] شاھ ناز ـ يېڭىسار ناھىيىسىنىڭ يەكەن تەرەپتىكى تاغ يېزىسى.

ئابابەكرى شاھ تالىپنىڭ سۆزىنى ئاڭلاپ تۆۋە قىلدى، كۆپ پۇشايمان قىلدى، ھەپتە مۇھەممەداننىڭ قەبرىسىگە كېلىپ زىيارەت قىلىپ، قۇرئان خەتمە قىلدۇرۇپ دۇئا قىلدۇردى، شاھ تالىپنىڭ خەلىپىسى «خەلىپە شەۋقى» كېسەللىكتىن ساقايدى، ئۇنى تەرىقەت ئۇستازى قىلىپ ئولتۇرغۇزدى، نەزىر - چىراغلارنى ئەپكېلىپ دۇئا قىلدۇراتتى، ھەپتە مۇھەممەدان ئۈچۈن ئالتە پاتمانلىق چامىسىدىكى زېمىننى ۋەخپە قىلدى.

شۇندىن باشلاپ چىلتەن مازىرى خەلق ئىچىدە ئاشكارا بولدى. بىر قانچە ۋاقىتتىن كېيىن، خەلىپە شەۋقى ھەم ۋاپات بولدى، بۇ خەلىپىنى ھەم شۇ يەرگە دەپنە قىلدى، ئورنىغا شەيخ سادىق دېگەن كىشىنى خەلىپىلىككە ئولتۇرغۇزدى. بۇ چاغلاردا بۇ يۇرتلار كۆپ ئاۋات بولغانىدى، شۇنىڭدىن كېيىن مەلۇم ۋاقىت ئۆتۈپ، مىرزا ئابابەكرى سۇلتان سەئىدخانغا قارشىلىق كۆرسەتكەنلىكى ئۈچۈن، سۇلتان سەئىدخان قاتتىق غەزەپلىنىپ، ئۆز ئوغلى ئابدۇللىتىپ خاننى قوماندان قىلىپ 70 مىڭ ئەسكەر بىلەن تاتار زېمىنى (يەكەن) گە ئەۋەتتى، ئۇ يەكەننىڭ ھەممە تەرىپىنى مۇھاسىرە قىلدى، مىرزا ئابابەكرى قاتتىق قىسىلدى (بىچارىلەشتى)، شەھەر دەرۋازىلىرىنى بېكىتىپ ئۈچ ئاي ئۇرۇشتى. شەھەر ئىچىدە قالغان خەلق ئادەتتىن تاشقىرى قىيىن دىشۋارچىلىققا يولۇقتى، ئاشلىق يوق، ئەھۋال قاتتىقلاشتى. ئاقىۋەت مىرزا ئابا بەكرى قىلمىشىغا پۇشايمان قىلىپ، چارىسىزلىقتىن سېپىلنى تېشىپ چىقىپ خوتەن تەرەپكە قېچىپ كەتتى. ئابدۇللىتىپخاننىڭ ئەسكىرىدىن 10 مىڭ ئەسكەر مىرزا ئابابەكرىنى قوغلاپ خوتەن تېغىدا ئۇچرىتىپ، ئۇرغۇن ئۇرۇشقاندىن كېيىن، مىرزا ئابابەكرىنى مەغلۇپ قىلىپ بېشىنى كېسىپ قايتىپ كېلىپ، ئۇنىڭ بېشىنى قەشقەرگە سۇلتان سەئىدخاننىڭ ئالدىغا ئېلىپ باردى. شۇنىڭ بىلەن، يۇرت شەھەر تىنچىپ، شەھەر دەرۋازىلىرى ئېچىلىپ خەلق ئارام تاپتى. پۈتۈن موغۇلىستان سۇلتان سەئىدخان ھۆكۈمىتىنىڭ قول ئاستىغا كىرىشىنىڭ تامامىلانغانلىقى ھەممە يەرگە ئېلان قىلىندى.

X X X　　X X X　X X X

بۇ چىلتەن تەزكىرىسىنى كەمىنە پەقىر كەمتەر مۇھەممەت ئەلى مۇھەممەت ئىمىن ئوغلى يەركەندى (يەكەنلىك) كۈچۈمنىڭ يېتىشىچە قەغەز يۈزىگە تەھرىر قىلدىم، بۇنىڭدا پۈتۈن خەلق مەنپەئەت ئالسۇن دېيىشتىن باشقا مەقسىتىم يوق.

تەزكىرىنى يازغان ۋاقىت ھىجرىيە 1244 - يىلى جامادىيەل ئاۋۋال (5 - ئاي) نىڭ 12 - كۈنى ئىدى. مىلادى 1828 - يىل 5 - ئاي 29 - كۈنى.

(قول يازما نۇسخىسىدىن تەرجىمە قىلىندى)

# «قارا كىدان» سۇلتانلىقى ۋە كۈچلۈكنىڭ ۋەقەسى

تارىختا قاراختاي (كىدانلار) سۇلتانلىقى«گۈرخان»دەپ ئاتالاتتى. قارا خىتايلار ئۆزىنىڭ پادىشاھلىرىنى «گۈرخان» دېيىشى — «خانلارنىڭ خانى» دېگەنلىكى ئىدى. قارا خىتاي پادىشاھلىرى شەرقنىڭ مەشھۇر ۋە مۆتىۋەر ئادەملىرىدىن بولۇپ، ئۇلارنىڭ پەيدا بولغان، تۇغۇلۇپ ئۆسكەن يېرى خىتاي ۋىلايىتى ئىدى.

چىڭگىزخان تونۇلۇشتىن بۇرۇن، مەلۇم بىر مۇددەت ئىچىدە زامانىنىڭ ئۆزگىرىشى — ھادىسىلەر سەۋەبىدىن، 30 نەپەر كىشى ياكى ئىككىنچى بىر رىۋايەتچە، بىر قەبىلە ۋە بىر گۇرۇھ ئادەملەر خىتاي يېرىدىن چىقىپ قىرغىزلار چېگرىسىغا يېتىپ كەلگەنىدى. سەھرالىق (قىردا ئولتۇرغۇچى) لار ۋە قىرغىزلار بىلەن قارا خىتايلار ئوتتۇرىسىدا قارىمۇ قارشىلىق پەيدا بولدى. بىر - بىرىگە قارشى جېدەل - ماجىرا، بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشىپ ئۆتۈپ، قىردىكى سەھرالىقلار ۋە قىرغىزلارنى ئۆزىگە ئەل قىلىپ، ئۇلار بىر ئەل بولۇپ شەكىللەندى. شۇ يەردە بىر شەھەر بىنا قىلدى، نۇرغۇن «قەۋم» (قەبىلە)، سەھرادىكى تۈرك ئاھالىدىن ئۇ شەھەرگە توپلاندى، تاكى ئۇلار كۆپىيىپ 40 مىڭ ئۆيلۈك كىشى بولدى. بۇ دەۋردە «بالاساغۇن» نى موڭغۇللار «قۇبالىغ» (ياخشى شەھەر) دەپ ئاتىشاتتى. ئۇ شەھەردە ئەپراسىياپ (كونا توران شاھىنىڭ ئۇرۇقىدىن) دېگەن بىر خان بولۇپ، ئۇ ئانچە شەۋكەت ۋە كۈچكە ئىگە ئەمەس ئىدى. قارلۇق، قىپچاق، قانقىلى قەبىلىلىرى ئۇنىڭغا قارىتا تاجاۋۇزچىلىق يۈرگۈزۈپ، ئۇلارنىڭ ئېلىنى بولاڭ - تالاڭ قىلاتتى. بۇ پادىشاھ بۇ قەبىلىلەردىن مۇداپىئە

---

[1] بالاساغۇن - سەيھۇن (سىر دەريا) سىنىڭ ئېقىمىدا قەشقەر تەرەپتە بولغان يەرلەرگە ئەرەب جۇغراپىيە شۇناسلىرى «بالا ساغۇن» دەپ نام قويغان (قامۇس ئەئلام 2 - جىلد 1335 - بەت).

قىلىش (تۇسۇش) قا ئاجىزلىق قىلىپ، قاراخىتايلارنىڭ كۆچىيىپ بېرىۋاتقانلىقىنى
ئاڭلاپ، گۇرخاننىڭ ئالدىغا ئۆزىنىڭ ئەلچىسىنى ئەۋەتىپ ئۆزىنىڭ كۈچسىزلىكىنى
بىلدۈرۈپ، قاراخىتايلارنى ئۆز مەملىكىتىگە تەكلىپ قىلدى ۋە مەملىكىتىنى قارا
خىتايلارغا تاپشۇرۇشنى ئۆتۈندى. بۇنداق قىلىشى قارلۇق، قىپچاق، قانقىلى قەبىلى-
لىرىنىڭ تاجاۋۇزىدىن بىر قانچە ۋاقىت تىنچىش مەقسىتىدە ئىدى. گۇرخان بالاساغۇن
پادىشاھىنىڭ ئىلتىماسىغا بىنائەن، بالاساغۇنغا كىلىپ پادىشاھ بولۇپ ئولتۇردى،
ئەپراسىياپنىڭ ئەۋلادىدىن خانلىق نامىنى ئېلىپ تاشلىدى، ئۆزىنى «تۈركمەن پادى-
شاھى» دەپ ئاتىدى. ھەر تەرەپتىن تۈرك قەبىلىلىرىنى ئۆزىگە بويسۇندۇرۇپ، قەش-
قەرگە ھەربىي قوشۇن ئەۋەتتى، قەشقەر يەرلىرىنى ئۆزىگە قاراتتى. «بەشبالىق»
ۋە قىرغىزلار قارشىلىق كۆرسىتىپ، بويسۇنۇشتىن باش تارتقان ئىدى. ئىككىنچى
قېتىم ئۇلارنى بويسۇندۇرۇپ، ماۋارا ئۇننەھر، فەرغانە تەرەپلىرىگە ئەسكەر ئەۋەتىپ،
ئۇ مەملىكەتلەرنىمۇ ئىشغالىيىتى ئاستىغا ئالدى، ماۋارا ئۇننەھردە ئوسمانى سۇلتانى-
لىقىنىڭ ئاتا - بوۋىلىرى بولغان پادىشاھلارنى ئۆزىگە باش ئەگدۈردى. ھىجرىيە
536 - (مىلادى 1141 — 1142) يىلى «سەنجەر» سۇلتانلىقى ۋە سالجۇق سۇلالىسى
بىلەن ئۇرۇشۇپ، ئۇلارنى مەغلۇب قىلدى. شۇنىڭدىن كېيىن قاراختاي سۇلتانلىقى
غەلىبە قازىنىپ، ماۋارا ئۇننەھرنىڭ كۆپ يەرلىرى — تۈركىستاننى ئىستىلا
قىلدى.

قاراختاي سۇلتانلىقى ئۆزىنىڭ «ئەزبەر» ئىسىملىك كىشىسىنىڭ قوماندانلى-
قىدا، سان - ساناقسىز قوشۇننى خارەزىم پادىشاھى ئۈستىگە ئۇرۇشقا ئەۋەتىپ، خا-
رەزىم شاھىنى يەڭدى، نۇرغۇن ۋەيرانچىلىق - خارابىلىقلارنى تۇغدۇردى. ھەر يىلى
خارەزىم شاھىدىن قىممەت باھالىق نەرسىلەر (ئالتۇن، كۈمۈش، جاۋاھىر) دىن
باشقا، 30 مىڭ دىنار گۇرخاننىڭ خەزىنىسىگە تاپشۇرۇش شەرتى بىلەن بويسۇن-
دۇرۇلدى.

گۇرخان ئۆلگەندىن كېيىن، ئۇنىڭ خوتۇنى «كوياڭ» ئېرىنىڭ ئورنىدا پادىشاھ
بولۇپ تەختكە چىقتى. مەلۇم مۇددەتكىچە كوياڭ ئۆزىنى ساقلاپ كەيپ - ساپا،
ھەۋەس يولىغا كىرمىدى. گۇرخان سۇلتانلىقىنىڭ ھەربىي - مەمۇرىي ئەربابلىرى
ئۇنى ھىمايە قىلىپ ئىتائەت قىلغانىدى. كېيىنكى دەۋردە كوياڭ بىلەن پاھىشە قىل-
غان ئادەمنى يوقىتىپ، گۇرخاننىڭ ئىنىسىنى خانلىققا ئولتۇرغۇزدى، ئىككىنچى ئىنىسىنى
ئۆلتۈردى. شۇنىڭ بىلەن قاراختاي دۆلىتىدىكى ئىختىلاپلار تىنچىدى، مەملى-
كەت ئىشلىرىغا مەخسۇس كىشىلەر ۋەزىپىگە بەلگىلەندى، مۇپەتتىشلەر بەلگىلىنىپ،
مەملىكەتنىڭ ئەتراپلىرىغا تەپتىش ئۈچۈن ئەۋەتىلدى.

قاراخىتاي سۇلتانلىقىغا بويسۇنغان خارەزىم شاھلىقىدا خانلىق نۆۋىتى «تەيىسىر» دىن ئۆتۈپ ئۇنىڭ ئوغلى «تۇكۇش» كەيەتتى، ئۇ دادىسىنىڭ قائىدە ـ تەرتىپىنى ئىجرا قىلىپ، گۇرخانلارنىڭ رازىلىقىغا ئېرىشتى، ھەر يىلى باج ـ خىراج ئەۋەتىپ تۇراتتى. بۇنىڭ ئۆمرى ئاخىرلىشىپ، ئوغۇللىرىغا : ـ سىلەر گۇرخانغا قارشىلىق قىلماڭلار ، ئۇ بۈيۈك پادىشاھدۇر، ئۇنىڭ ئارقا تەرىپىدە كۈچلۈك دۈشمەن بار ـ دەپ ۋەسىيەت قىلىپ ئۆلدى. پادىشاھلىق نۆۋىتى سۇلتان مۇھەممەتكە يەتكەندە، بىر قانچە ۋاقىت گۇرخانلارغا باج ـ خىراج تۆلەپ تۇردى. گۇرخانلار بىلەن خارەزىم شاھ ئوتتۇرىسىدا ساپ دوستلۇق ساقلاندى. غۇر ① سۇلتانى شاھابىددىن سۇلتان مۇھەممەتكە قارشى قوزغالدى. مۇھەممەت شاھقا ياردەم ئۈچۈن گۇرخان 10 مىڭ كىشىلىك ئەسكەر ئەۋەتتى، سۇلتان شاھابىددىن سۇلتان مۇھەممەتنىڭ ئەسكىرىدىن مەغلۇب بولۇپ قاچتى. گۇرخاننىڭ ئەۋەتكەن ئەسكىرىگە يولۇقتى (بىز بۇ توغرىدا تارىخنىڭ 4 ـ جىلدىدا بايان قىلدۇق). غۇر سۇلتانى شاھابىددىن ئۇرۇشتا يېڭىلگەندىن كېيىن، خۇراسان، ئىراق، سىجىستان② ۋە ئۇلاردىن باشقا دۆلەتلەر سۇلتان مۇھەممەتكە بويسۇندى. سۇلتان مۇھەممەت ئۆزىنىڭ ھەشەمەت ـ سەلتەنىتى ئالدىدا پەلەك (ئاسمان) تەبىقىلىرىدىن بەھس ـ گۇمان قىلاتتى. مۇنداق شەۋكەتكە ئېرىشكەن سۇلتان مۇھەممەت گۇرخانغا باج تۆلەشتىن نومۇس قىلدى. بۇرۇنقى ئەھدە ـ شەرتلەرنى سۇندۇرۇش ئۈچۈن تۈرلۈك باھانىلەرنى ئىزدەپ ، تۆلەيدىغان باجنى كېچىكتۈردى ۋە بەلكى توختىتىپ قويدى . گۇرخاننىڭ ئالدىدىن مەھمۇت باي ئىسىملىك كىشىمۇ مۇھەممەت شاھقا ئەلچى بولۇپ كەلدى، سۇلتان مۇھەممەت ئەلچىنى ھۆرمەت قىلمىدى. ئەلچى قايتىپ كېلىپ سۇلتان مۇھەممەتتىن گۇرخانغا شىكايەت قىلدى، ئەلچى شۇنداق خەۋەر قىلدى: ـ سۇلتان مۇھەممەت سىزگە قارىتا توغرا دىللىق ئەمەس ئىكەن، مۇندىن كېيىن ئۇنىڭ مەقسىتىنى قوبۇل قىلماسلىق كېرەك ـ دېدى . چۈنكى سۇلتان مۇھەممەت ئەلچىلەرنى ياخشى قارشى ئالمىغانىدى. سۇلتان مۇھەممەت قىپچاقلار بىلەن بولغان ئۇرۇشتىن قايتىپ كېلىپ، خارەزىمدە ماۋارائۇننەھرگە قوشۇن يۈرگۈزۈش ئۈچۈن تەييارلىق كۆرۈپ، بۇ خاراغا ئەسكەر يۈرگۈزدى. شۇنىڭ بىلەن بىللە، ئۆز ئەتراپىدىكى پادىشاھلىق دۆلەتلەرگە ئەلچى ئەۋەتىپ،

---

② غۇر ـــ ئافغانىستاننىڭ ھېرات بىلەن غەزنە شەھىرى ئارىلىقىدىكى تاغلىق بىر يەر بولۇپ، غۇر پادىشاھلىقى سۇلالىسىنىڭ تۇغۇلغان يېرىدۇر.

② سىجىستان ـــ ئىراننىڭ شەرقىي تەرىپىدىكى «سىستان» دېگەن يەرنىڭ ئىسمى بولۇپ، ئەرەبلەر «سىجىستان» دەپ يېزىشقان.

ئۇلارنىڭ ھەر بىرىگە ئايرىم - ئايرىم ۋەدىلەرنى قىلىپ ئۆزىگە بويسۇندۇرۇشقا چاقىردى. خۇسۇسەن سەمەرقەند پادىشاھى تارىختىكى مەشھۇر يۈسۈپكە ئوخشاش گۈزەل - چىرايلىق ئوسمان پادىشاھ سۇلتان مۇھەممەتكە باش ئەگدى. ماۋارا ئۇننەھردىكى پادىشاھلىقلار گۈرخانلار ھۆكۈمىتىنىڭ دەۋرى ئۆزۈنغا سوزۇلغانلىقىدىن ھېرىپ قالغان (زېرىككەن) ئىدى، بۇ مۇناسىۋەت بىلەن خارەزىم شاھىنىڭ دەۋىتى(چاقىرىقى) نى قوبۇل قىلدى. دەل بۇ پەيتتە، موڭغۇل قەبىلىلىرىدىن بولغان تايانخاننىڭ ئوغلى كۈچلۈك (موڭغۇل قەبىلىلىرىنى توپلاپ كۈچىيىۋاتقان چىڭگىزخاننىڭ ھەيۋىتىدىن قورقۇپ - ت) قېچىپ كەلگەنىدى. چۈنكى چىڭگىزخان تايانخان بىلەن ئۇرۇشۇپ ئۇنى مەغلۇپ قىلغاندىن كېيىن، كۈچلۈك قېچىپ كېلىپ گۈرخاننىڭ ھىمايىسىگە كىردى. گۈرخان ئۇنى ھىمايىسىگە ئېلىپ، «قۇدا - باجا» لىق شەرىپى بىلەن تارتۇقىلدى .

كۈچلۈك گۈرخان دۆلىتىنىڭ ئەھۋالىنى مۇلاھىزە قىلىپ، گۈرخاننىڭ ئەمىرلىرى (دۆلەت ئەر بابلىرى) شەرقتىن كېلىۋاتقان بورانغا قاراپ ئىسيان قىلىش ئۈچۈن ھەممە پەسىلىك قىلىشىۋاتقانلىقىنى، جاھانگىر چىڭگىزخانغا يېقىنلىشىش ئۈچۈن ۋاستە ئىزدەۋاتقانلىقىنى كۆردى. شۇنىڭدەك ئوسمان سۇلتانىمۇ گۈرخانغا نىسبەتەن قارشى مەيدانغا ئۆتۈپ دىلى ئۆزگەرگەن ۋە بىرەر پۇرسەتتە كۆز تىكىپ تۇرغان ئىدى. بۇنداق ۋەزىيەت ئىچىدە، مۇھەممەت خارەزىم شاھ كۈچلۈككە مەخپىي خەۋەر ئەۋەتىپ، گۈرخانغا قارشى ئۆزىنىڭ ئىتتىپاقداشلىقىغا چاقىردى. مۇھەممەت خارەزىم شاھنىڭ بۇ دەۋىتى كۈچلۈكنىڭ غەرەزلىك تەبىئىتىگە مۇۋاپىق كېلىپ، ساددا كۆڭۈللۈك گۈرخانغا: - ئۆزۈندىن بېرى ئۆز يۇرتۇمدىن، خەلقىمدىن ئايرىلىپ، پادىشاھنىڭ (گۈرخاننىڭ) خىزمەتلىرىدە تۇرماقتىمەن، چىڭگىزخان شەرق يەرلىرىدە ۋە خىتاي مەملىكەتلىرىدە يەرلەرنى ئۆزلىرىگە قارىتىشقا مەشغۇلدۇر، مېنىڭ سان - ساناقسىز ئەسكىرىم «ئېمىل» ۋە «سادالىق» يەرلىرىدە سەرسان - سەرگەردان بولۇپ يۈرمەكتە، دۈشمەنلەر ئۇلارغا ئارقىمۇ ئارقىدا زەربە بېرىشمەكتە، ئەگەر گۈرخاندىن رۇخسەت ئالسام، بېرىپ چېچىلغان ئەسكەرلىرىمنى توپلاپ گۈرخاننىڭ خىزمىتىگە چاپسان يېتىپ كېلىپ، ئەڭ ئاخىرقى ھاياتىمغىچە خاننىڭ خىزمىتىنى قىلىشتىن باش تارتمايتتىم ۋە خاننىڭ كۆرسەتكەن ھىممىتىگە باش ئېگەتتىم - دېدى. گۈرخان كۈچلۈكنىڭ ھىلە - مىكىرلىرىگە ئالداندى، نۇرغۇن ھۆرمەت ۋە كىيىندۇرۇشلەر بىلەن ئۇنى يولغا سېلىپ قويدى. كۈچلۈك «يادىن ئېتىلغان ئوقتەك» (تېزلىك بىلەن) گۈرخان ئالدىدىن ئۆزىنى قۇتقۇزۇپ كەتتى. كۈچلۈكنىڭ شەرقتە پەيدا بولغانلىق خەۋىرى ھەر تەرەپكە يېيىلدى. چىڭگىز خاننىڭ ھۇجۇمى توپەيلىدىن ھەر تەرەپلەرگە

قاچقان تايانخان (كۈچلۈكنىڭ دادىسى) نىڭ ئەسكەرلىرى بۆلۈك - پۇچقاقلاردىن كېلىپ كۈچلۈكنىڭ بايرىقى ئاستىغا توپلاندى.

كۈچلۈك چېچىلغان قوشۇننى توپلاپ چېگرىغا ھۇجۇم قىلىپ، خەلققە دەھشەتلىك بۇلاڭ - تالاڭ يۈرگۈزۈشكە باشلىدى ۋە نۇرغۇن گۇرۇھلارنى ئۆز ئەتراپىغا يىغىۋالدى، شۇنىڭ بىلەن كۈچلۈك گۈرخاننىڭ ۋىلايەتلىرىگە قاراپ يۈرۈش قىلدى. دەسلەپكى ھۇجۇمدا گۈرخان مەملىكىتىنىڭ چېگرا يەرلىرىنى ئىشغال قىلىپ، بۇلاڭ - تالاڭ يۈرگۈزدى. مۇشۇ جەرياندا، كۈچلۈك بىلەن سۇلتان مۇھەممەت خارەزىم شاھ ئوتتۇرىسىدا ئەلچىلەر ۋە خەتلەر ئالماشتۇرۇلدى. ئۇلار ئاخىرى «سۇلتان مۇھەممەت خارەزىم شاھ غەرب تەرەپتىن، كۈچلۈك شەرق تەرەپتىن ھەرىكەت يۈرگۈزۈش (ھۇجۇم قىلىش)، ئەگەر سۇلتان مۇھەممەت ئىلگىرىلەپ غەلىبە قازانسا، گۈرخانىنى يوقىتىپ قەشقەر ۋە خوتەننى سۇلتان مۇھەممەتكە بېرىش، ئەگەر كۈچلۈك ئىلگىرىلەپ ئىشغالىيىتى ئاستىغا ئالالىسا، قەشقەر، خوتەن ۋە گۈرخاننىڭ خانلىقىنى كۈچلۈككە بېرىش» نى قارار قىلىشتى. بۇ تاجاۋۇز شەرتنامىسى بويىچە، كۈچلۈك ئىلگىرىلەپ ئۇرۇش باشلىدى. گۈرخاننىڭ قوشۇنى كۈچلۈككە زەربە بەردى، كۈچلۈك قاچتى. مەلۇم ۋاقىت ئۆتكەندىن كېيىن، سۇلتان مۇھەممەت بىلەن گۈرخاننىڭ ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش باشلىنىپ، ئىككى قوشۇن بىر - بىرىگە ئارىلىشىپ كەتتى، غالىبىيەت ۋە مەغلۇبىيەتنى ئايرىپ بولمايتتى، ھەر ئىككى سەپ بىر - بىرىنى تارمار قىلىپ بۇلاڭ - تالاڭ قىلىشىپ قاچاتتى. بۇ ئۇرۇشتا قارا خىتايلار بالاساغۇن يېرىگە كەلگەندە، قارا خىتايلاردىن زېرىككەن ئاھالە سۇلتان مۇھەممەتكە تەسلىم بولۇشنى خالىدى، شەھەر دەرۋازىلىرىنى تاقاپ، گۈرخانىنى شەھەرگە كىرگۈزمىدى، گۈرخانغا قارشى ئۇرۇش باشلىۋەتتى. 16 كۈن داۋاملىق قارشىلىق كۆرسىتىپ ئۇرۇش قىلىش بىلەن، سۇلتان مۇھەممەتنىڭ بۇ كۈنلەر داۋامىدا يېتىپ كېلىشىگە كۆز تىكەتتى، لېكىن مۇھەممەت خارەزىم شاھ ئۆلگۈرۈپ يېتىپ كەلمىدى. ئاقىۋەت گۈرخان ئۇرۇش تەھلىكىسى بىلەن شەھەرنى ئېلىپ، ئۈچ كېچە - كۈندۈز قەتلىئام (قىرغىن) قىلدى. ئاتاقلىق — تونۇشلۇق نامدار ئادەملەردىن 47 مىڭ كىشى ئۆلتۈرۈلگۈچىلەر قاتارىدا ھېسابقا ئېلىندى. ئۇزۇن داۋام قىلغان ئۇرۇش تەييارلىقى سەۋەبى بىلەن، گۈرخاننىڭ خەزىنىسى قۇرۇقدالغان (تۈگىگەن) ئىدى، گۈرخان (مەھمۇت) ئۆزىنىڭ قارونىڭ خەزىنىسىدىن كۆپ بولغان ھەربىي خىراجەتكە ئىشلەتكەن مال - مۈلكى ئورنىغا ئەسكەرلەرنىڭ قولىغا كەلتۈرگەن ئولجىلىرىنى ئېلىشنى قارار قىلدى. گۈرخاننىڭ ئەربابلىرى — ئەمىر (قوماندان) لىرى بۇ ئەھۋالدىن ۋاقىپ بولغاندىن كېيىن، ئىتتىپاقى بۇزۇلدى، تەپرىقىلىشىپ كەتتى، ئىسيان چىقىرىش توغرىسىدا گەپ - سۆزلەر تۇغۇلدى.

گۇرخاننىڭ ئىچكى قىسمىدا بولۇۋاتقان ئىتتىپاقسىزلىقنى كۈچلۈك ئاڭلاپ، ئەسكەر ئەۋەتىپ ئۇرۇشۇپ، گۇرخاننىڭ ئىتتىپاقى بۇزۇلغان قوشۇنىغا زەربە بېرىپ سوقۇپ تاشلىدى.

گۇرخان مەغلۇب بولۇپ چارىسىز قېلىپ، زالىم كۈچلۈككە باش ئېگىپ ئۇنىڭ ئالدىغا كېلىشكە مەجبۇر بولدى. كۈچلۈك گۇرخاننى مۇھاپىزەت قىلىپ ئۇنىڭغا شەكلەن ھۆرمەت قىلدى، لېكىن كۈچلۈك گۇرخانغا زادى سۆز قىلمايتتى. كۈچلۈك گۇرخاننىڭ مەملىكىتىنى پۈتۈن ئىشغال قىلدى. گۇرخان مۇشۇ ھالەتتە ئىككى يىل ئۆمۈر كۆرۈپ، 92 يېشىدا ۋاپات بولدى. ئۇنىڭ پادىشاھلىق دەۋرى 20 يىل داۋام قىلغانىدى.

## كۈچلۈكنىڭ غەلىبىسى، ئىشغالىيىتى ۋە زۇلۇم ئىستىبدادى

گۇرخان ۋاپات بولغاندىن كېيىن، كۈچلۈك مۇستەقىل پادىشاھ بولۇپ قالدى. لېكىن بالاساغۇن شەھىرىنىڭ ھاكىمى بىر قانچە قېتىم كۈچلۈككە قارشى ئۇرۇشتى، ئەڭ ئاخىرىدا كۈچلۈك ئۇنى (ھاكىمنى) شىكار قىلىپ يۈرگەن يېرىدە ئۆلتۈردى.

كۈچلۈك بۇتپەرەس بولۇپ، ئۇنىڭ خوتۇنى خىرىستىئان (ئەيسادىنىدا) ئىدى. ئۇلار ئىسلام دىنىغا ۋە مۇسۇلمانلارغا يامان كۆز بىلەن قاراپ زۇلۇم قىلاتتى. كۈچلۈك ۋە خوتۇنى ھەر بىرى ئۆز دىنىغا خەلقنى دەۋەت قىلاتتى. ئۇنىڭ دىنىنى قوبۇل قىلمىغان كىشىلەر ئۆلتۈرۈلەتتى. مۇشۇ قارىمۇ قارشىلىق جەريانىدا، «توقۇزتلار» «مەكرىت» (مەركىت) خەلقى بىلەن كۈچلۈكتىن ئايرىلىپ «قۇم كېچىك» تەرەپكە كەتتى. كۈچلۈك ئۇلارنىڭ ئارقىسىدىن بىر قانچە يىللارغىچە قەشقەرگە ئەس-كەر ئەۋەتىپ، ئۇ يەرلەرنىڭ ئاشلىق مەھسۇلاتلىرىنى يىدى ۋە كۆيدۈردى. ئۈچ-تۆت يىل داۋامىدا، قەشقەر، خوتەن يۇرتلىرىنىڭ ئاشلىق مەھسۇلاتىنى كۈچلۈكنىڭ ئەسكەرلىرى بۇلاڭ-تالاڭ قىلىپ، يەپ-ئىچىپ، كۆيدۈرۈپ تاشلىدى. ئۇ يۇرتلارنىڭ ئاشلىق مەھسۇلاتى ئۈزۈلۈپ، ئومۇميۈزلۈك قەھەتچىلىك بولۇپ كەتتى. خەلقلەر ئاچلىق ۋە قەھەتچىلىكنىڭ قاتتىقلىقى، زۇلۇم-زەخمەتتىن مۇشەققەتلىك كۈنلەرگە دۇچار بولدى. ئاقىۋەت چارىسىزلىق، پاناسىزلىقتىن كۈچلۈكنىڭ ھۆكۈمرانلىقىغا باش ئەگدى. شۇنىڭ بىلەن كۈچلۈك قەشقەرگە كەلدى، ئۇنىڭ ئەسكەرلىرى خەلقنىڭ ئۆيلىرىگە بېسىپ كىرىۋالدى، ئادالەتسىزلىك-زۇلۇم ئوتىنى ياقتى. كۈچلۈك قەشقەردىن خوتەنگە كېلىپ خوتەننى ھەم ئىشغالىيىتىگە ئېلىپ، خوتەن ئاھالىسىنى

«مەجۇسى» (بۇتپەرەسلىك دىنى) غا چاقىردى. كۆچلۈكخوتەندە ئىسلام ئۆلىمالىرىنى<br>ئۆزىگە تارتىش ھەم قورقىتىش ئۇسۇلى بىلەن باش ئەگدۈرۈشكە ئۇرۇندى،<br>لېكىن ئۇ، بۇ ئۇسۇللار بىلەن مەقسىتىنى ھەل قىلالمىغاندىن كېيىن، بارلىق بىلىم<br>ئىگىلىرى، دىنىي سالاھىيەتلىك ئادەملەرنى بىر كەڭ سەھراغا يىغىلىشقا پەرمان<br>چۈشۈردى، بۇ بۇيرۇق بىلەن ئەھلى - ئۆلىمالەردىن 3 مىڭ كىشى توپلاندى. كۆچ-<br>لۈك ئۇلارغا قاراپ: — سىلەردىن كىمكى ھەق - راست سۆزلەشتىن قايتمايدىغان<br>بولسا، مىللەت ۋە دىن توغرىسىدا مەن بىلەن مۇنازىرە قىلىشسۇن - دېدى. ئالىملار<br>ئارىسىدىن ئىمام ئالائىددىن خوتەنى ئورنىدىن تۇرۇپ كۆچلۈكنىڭ ئالدىغا كەلدى.<br>سۆز باشلاپ، مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ دىنىنى قۇۋۋەتلەشتىكى ھۆججەت - دەلىل-<br>لىرىنى كۆرسىتىشكە تۇردى. كۆچلۈكنىڭ مۇنازىرىدە قىلغان سۆزلىرىنى ئاڭلاپ ئۇنى<br>(كۆچلۈكنى) يوق بىر نەرسە گۇمان قىلدى. بۇ مۇنازىرىدە «ھەق باتىلغا، ئالىم<br>غالىب بولدى، كۆچلۈك مەغلۇب بولدى. ئۇنىڭ سۆزلەيدىغان سۆزى — تىلى كېسىل-<br>دى. جامائەت ئەپكار ئامما ئالدىدا كۆچلۈكنى خىجىللىق، دەھشەت، ھەيران-<br>لىق بېسىپ يوق بولۇپ كېتىشكە باشلىدى، نالايىق سۆزلەرنى سۆزلەشكە ئېغىز<br>ئېچىپ، مۇھەممەت پەيغەمبەرنىڭ شەرىپىگە قارىتا ئەدەپسىزلىكلەر بىلەن ھاقارەت<br>قىلدى.

شېئىر :

ئاجىز بولۇپ جاۋابتا، كۆچلۈك،
تىل ئاچتى مۇھەممەتكە، ئۇ مۇتەھەم ئۇششۇق.

ئىمام ئالائىددىن خوتەنى ئۆزىنىڭ ئىسلام دىنىغا بولغان پاك - ساغلام ئېتىقادى
ۋە دىنىدارلىقى بىلەن غەيرەتكە كېلىپ، كۆچلۈكنىڭ مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنى
ھاقارەت قىلىشىغا يول قويماي: — سەن دىنى مۇھەممەدنىڭ دۈشمىنى، ئاغزىڭغا
تۇپراق تولسۇن - دېدى. كۆچلۈك بۇ سۆزنى ئاڭلاپ، ئىمام ئالا ئىددىننى تۇتۇشقا
بۇيرۇق بەردى ۋە ئىسلام دىنىدىن قايتۇرۇشقا ئۇرۇندى.

شېئىر:

ئاللا نۇرى چۈشكەن ئورۇن،
جىن - دىۋىگە بولماس ئورۇن.

ئىمام ئالائىددىننى ئىسلام دىنىدىن قايتۇرۇشتىن ئۈمىدسىزلەنگەندىن كېيىن، ئۇنى بىر نەچچە كېچە - كۈندۈز ئىمام ئالائىددىننىڭ ئۆزى بىنا قىلغان مەدرىسىنىڭ دەرۋازىسىغا «چاھار مىق» قىلىپ (پۇت - قولىنى تۆت تەرەپكە مىقلاپ) ئازابلىدى. ئىمام ئالائىددىن يەنە ئىسلام دىنىنى مۇستەھكەملەشكە خەلقنى چاقىرىپ نەسىھەت قىلىپ، ئاللانى يادلاپ (شاھادەت ئوقۇپ): - مۇھەممەت ئەلەيھىسسالامنىڭ دىن - شەرىئىتىنى دۇنيانىڭ ئازاب - ئوقۇبەتلىرى ۋاستىسى بىلەن تۇزۇتۇۋەتمەسلىك لازىم، چۈنكى ئىسلام دىنى ئاخىرەتتە مۇكاپاتقا ئېرىشتۈرۈپ، ئالىي دەرىجىگە كۆتۈرىدۇ، دۇنيانىڭ بارلىق ھاياتى ۋە دۇنيا ئويۇنى بىھۇدىلىكتىن باشقا نەرسە ئەمەس، ئاخىرەت (خۇدانىڭ ھۇزۇرى) دىندارلار ئۈچۈن ياخشىدۇر - دەيتتى. ئۇنى قاتتىق ئازابلاپ، ۋەھشىيلەرچە ئۆلتۈردى. ئىمام ئالائىددىن خوتەنى شېھىت قىلىنغاندىن كېيىن، خوتەن يېرىدە ناماز ئۈچۈن ئەزان ئوقۇش، تەكبىر ئېيتىش، مەسچىتلەردە ناماز ۋە جۈمە ئۈچۈن جامائەت توپلىنىشلارنى مەنئى قىلدى. جەبىر - زۇلۇم، ئادالەتسىزلىكلەر مۇسۇلمانلارنىڭ يۈزىگە ئېچىلدى. مۇسۇلمانلار سالاھىيەت ۋە قۇتۇلۇش ئۈچۈن خۇداغا دۇئا قىلاتتى (كۈچلۈككە قارشى نىيەتتە بولدى)، كۆپ ئۆتمەستىن، كۈچلۈكنى چىڭگىزخان قوشۇنى كېلىپ تارمار قىلدى.

## چىڭگىزخان جەتە* نويانىنى كۈچلۈككە قارشى ئەۋەتىشى

چىڭگىزخان «خىتاي» يەرلىرىنى ئىشغالىيىتىگە ئېلىپ بولغاندىن كېيىن، كۈچلۈكنىڭ قەشقەر، خوتەنلەردە زۇلۇم ئوتىنى يېقىپ، مىڭلىغان خەلقنىڭ ئۆيلىرىنى كۆيدۈرۈپ خاراپ قىلغانلىقىنى ئاڭلىدى. جەبە نويانغا بىر قانچە تۈمەن ئەسكەر باشلاپ كۈچلۈكنىڭ ئىستىبدات - زۇلۇم ۋە يامانلىقلىرىنى يوقىتىش ئۈچۈن يۈرۈش قىلىشقا بۇيرۇق بېرىلدى. جەبە نويان چىڭگىزخاننىڭ بۇيرۇقىغا بىنائەن، نۇرغۇن ئەسكەر بىلەن قەشقەر تەرەپكە يۈرۈش قىلدى. جەبە نويان بىلەن كۈچلۈك ئوتتۇرىسىدا ئۇرۇش بولۇشتىن ئىلگىرى كۈچلۈك قېچىپ كەتتى. جەبە نويان بۇيرۇق ئېلان قىلىپ، شەھەر، بازار، كوچىلاردا «ئەر - ئايال ئۆزىنىڭ مىللەت دىنىدا بولسۇن، ئاتا - بوۋىلىرىنىڭ رەسىم - قائىدىلىرىنى مۇھاپىزەت قىلسۇن!» دەپ جار سالدۇردى. كۈچلۈكنىڭ خەلقنىڭ ئۆي - جايلىرىغا كىرىۋالغان ئەسكەرلىرى سىماپقا ئوخشاش، تۇپراققا سىڭىپ

* «جەتە» دېگەن ئىسىم خاتا يېزىلىپ قالغان بولسا كېرەك. ئەسلى جەبە نويان. تۆۋەندە جەبە دەپ تۈزىتىلدى — م.

يوق بولۇپ كەتتى. موڭغۇل قوشۇنى چاقماقتەك تېز ھەرىكەت قىلىپ، كۈچلۈك مەلئۇنىنىڭ ئارقىسىدىن قوغلىدى. نايمان قەۋمىدىن (كۈچلۈك قەبىلىسىدىن ۋە ئۇنىڭ ئەسكىرى-دىن) كىممىكى يولۇقسا ئۆلتۈردى. كۈچلۈك غالجىر ئىتتەك ئۆز جېنىنىڭ قورقۇنچى-سىدىن ھەر تەرەپكە چاپاتتى، ئۇ قېچىپ يۈرۈپ بەدەخشان تاغلىرىغا ئۆزىنى ئالدى. ئىنتايىن ھەيرانلىنىپ دەھشەتلەنگەنلىكتىن، ئالدىراپ - ھودۇقۇپ بىر غارغا (تاغ ئىچىگە) كىرىپ قالدى، ئۇنىڭدىن تاشقىرىغا چىقىش يولىنى تاپالمىدى. بۇ تاغدا بەدەخشاننىڭ «سەييادە» (ئوۋچى) لىرىدىن بىر گۇرۇھى ئوۋ ئوۋلاش بىلەن مەشغۇل ئىدى، كۈچلۈكنى قوغلاپ بارغان موڭغۇل قوشۇنى بەدەخشان ئوۋچىلىرىغا ئۇچراپ :- ئەگەر سىلەر بىزدىن قاچقان كۈچلۈك ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرىنى بىزگە تۇتۇپ بەرسەڭلار ئامانلىق بېرىمىز - دېدى. ئوۋچىلار كۈچلۈكنى ۋە ئۇنىڭ ئادەملىرىنى ئوۋ ئوۋلىغاندەك تۇتۇپ باغلاپ موڭغۇللارغا تاپشۇردى. موڭغۇللار كۈچلۈكنى ئۆلتۈرۈپ بېشىنى كېسىپ جەبە نويانغا ئەۋەتتى. جەبە نويان ئۇنى چىڭگىزخاننىڭ ھۇ-زۇرىغا يوللاپ بەردى. كۈچلۈكنى تۇتۇش ۋەقەسىدە نۇرغۇن ئالتۇن ۋە قىممەتلىك نەرسىلەر بەدەخشانلىقلارنىڭ قولىغا چۈشتى.

كۈچلۈك ئۆزىنىڭ قىلمىش جىنايىتى ۋە زۇلۇم ئىستىبداتىنىڭ جازاسىغا يولۇقۇپ ئۆلدى، خوتەن ۋە قەشقەردە تىنچلىق ئورنىتىلدى.

شۇنىڭ بىلەن سەيھۇن (سىر دەريا) ساھىللىرىغىچە چىڭگىزخاننىڭ مەملىكىتى بولۇپ قالدى. كۈچلۈكنى يوقاتقاندىن كېيىن، چىڭگىزخان ئۆزىنىڭ ئوغلى جۇجى خاننى «توقۇتلار» غا ئەۋەتتى، چۈنكى توقۇتلار كۈچلۈكنىڭ ئىستىبلاسى دەۋرىدە ئۇنىڭدىن ئايرىلىپ قۇم كېچىك تەرەپكە كەتكەن ئىدى. جۇجى خان پەرمان بويىچە قۇم كېچىك تەرەپكە بېرىپ ئۇلارنى تەۋەلىكىگە قوشتى.

X X X

ئىزاھ:

سابىق خۇراسان دۆلىتىنىڭ پايتەختى ھىراتتىن مەشھۇر مۇئەررىخ (تارىخچى) خاۋەند شاھ يازغان «رەۋزەتۇسسافا» ناملىق پارسچە كىتابىنىڭ 5 - توم 22 - ،23 - ، 24 - ، 25 - بەتلىرىدىن تەرجىمە قىلىندى.

# «خۇللۇسۇت تاۋارىخ» تىن پارچە

شىنجاڭ ئاز سانلىق مىللەتلەرنىڭ جەمئىيىتى، تارىخىنى
تەكشۈرۈش گۇرۇپپىسى تەرىپىدىن تەرجىمە قىلدۇرۇلدى

1959 - يىل ئۆكتەبر

شىنجاڭ ئۇيغۇر ئاپتونوم رايونلۇق ئىجتىمائىي پەنلەر ئاكادېمىيىسى
دىن تەتقىقات ئىنستىتۇتى تەرىپىدىن باستۇرۇلدى

1988 - يىل يانۋار

# « خۇلاسەتۇت تاۋارىخ »

ئۆزبېك تارىخىدىن پارچە ھىجرىيە (1259 — 1288)

## ئۆزبېك خانلىرىدىن مۇھەممەد ئەلى خاننىڭ خانلىققا ئولتۇرۇشى

ئۆزبېك خانلىرىدىن ئۆمەر خاننىڭ ئوغلى مۇھەممەد ئەلىخان خانلىق تەختكە چىقتى. مۇھەممەد ئەلىخان خان بولۇپ ئىككىنچى يىلى، ئىسھاق تۆرە (ئۆمەرخاننىڭ سىڭلىسىنىڭ ئېرى) نى تۆرە قورغان دېگەن يەرگە ھاكىم قىلىپ تەيىنلىدى. ئۈچىنچى يىلى بۇ تۆرىنى بۇخاراغا قوغلاپ چىقاردى. شۇ يىلى يۈسۈپ مىڭبېشىنى مەرغۇلانغا ھاكىم قىلدى، ئۇنىڭ ئورنىغا ھەققۇلى يۈز بېشىنى مىڭبېشى قىلىپ تەيىنلىدى. ساھىبزادە ئىشان دېگەن كىشى شۇ يىلى بۇخارادىن قوقەندكە كەلدى. مۇھەممەد ئەلىخاننىڭ خانلىقىنىڭ تۆتىنچى يىلى مەسۇمخان تۆرىنى ھەيدەپ چىقاردى، بەشىنچى يىلى يۈسۈپ مىڭبېشىنى يار مازار دېگەن يەردىن ھەيدەپ چىقاردى، 6 - يىلى ئاپتاپخانىم ۋاپات بولدى، 7 - يىلى ئەرنەزەربەك ۋەخۇشۋەقتدادخۇاھلار ئۆلتۈرۈلدى، 8 - يىلى ئەيسابېكنى ئەنجاننىڭ ھاكىملىقىغا بەلگىلىدى ھەم شۇ يىلى «خان مەدرىسى» دېگەن مەدرىس مىرزايادكارنىڭ قولىدا پۈتتى، 9 - يىلى بۇزرۇكخان تۆرە نەچچە مىڭ ئادەم بىلەن قېچىپ قەشقەرگە كەلدى، 10 - يىلى ئەيسا بېك (ئەنجان ھاكىمى) قەشقەرگە قېچىپ كەتتى، بۇزرۇكخان قەشقەرگە كېلىپ، «گۈلباغ» (ھازىرقى كوناشەھەر) نى مۇھاسىرە قىلدى ①. 11 - يىلى مۇھەممەد ئەلىخان «غەيرەت قىلىپ» دۆلەت كۈچى بىلەن قەشقەرگە يۈرۈش قىلىپ چېگرىدىن ئۆتۈپ نۇرغۇن ئەسكەر بىلەن قەشقەرگە يېتىپ كەلدى، بۇزرۇك تۆرە قەشقەردىن نەچچە مىڭ

---

① «تارىخى ئەمنىيە» ۋە باشقا تارىخلاردا، مۇھەممەد ئەلىخان دەۋرىدە قېچىپ كېلىپ قەشقەرنى مۇھاسىرە قىلغان كىشى جاھانگىر خان تۆرە ئىدى، دەپ يېزىلغان. لېكىن بۇ تارىختا بۇزرۇك خان تۆرە دەپ يېزىلىپتۇ.

ئادەم بىلەن مۇھەممەت ئەلىخانىنىڭ ئالدىغا چىقىپ پادىشاھلار قائىدىسى بويىچە ئۇچرىشىپ ئەھۋال سوراشتى، مۇھەممەت ئەلىخاننى مۇۋاپىق ئورۇنغا ئورۇنلاشتۇردى. ئۇۋاقىتتا گۈلباغ «خىتاي شەھىرى» (قەشقەر يېڭىشەھەر) ئىچىدە ئىدى. قەشقەر ئاھالىسى گۈلباغنى مۇھاسىر قىلدى، ئۇرۇشۇپ سېپىلنى پارتلىتىپ قاتتىق ئۇرۇشلار بولدى، مۇھەممەت ئەلىخان قەشقەردە گۈلباغنى ئالالماي، قەشقەرنى ئېلىشنى بۇزرۇكخان تۆرىگە تاپشۇرۇپ خوتەنگە قايتىپ كەتتى. 12 - يىلى خىتاي لەشكەرلىرى قەشقەرگە يۈرۈش قىلىپ، تۆرىدىن قەشقەرنى ئالدى، بۇزرۇكخان تۆرە نەچچە مىڭ ئادىمى بىلەن سەرگەردان بولۇپ فەرغانىگە كەتتى. 13 - يىلى مۇھەممەت ئەلىخاننىڭ «ئۆرە تۆپە» ۋىلايىتى ئېلىندى، 14 - يىلى ئابدۇراخمان ۋە موللا بېكنەزەر داموللىلارنى سوغات - تۆھپىلەر بىلەن تۈركىيە سۇلتانىغا ئەلچى قىلىپ ئەۋەتتى. 15 - يىلى بۇ ئەلچىلەر سوغات - تۆھپىلەر بىلەن رۇخسەت ئېلىپ قايتىپ كېلىۋېتىپ ئابدۇراخمان ۋاپات بولدى، موللا بېكنەزەر داموللا تۈرك سۇلتانى ئەۋەتكەن سوغاتلارنى مۇھەممەت ئەلىخانغا تاپشۇردى، ئۇ چوڭ مەجلىس ئېچىپ، تۈرك سۇلتانى ئەۋەتكەن كىيىملەرنى كىيىدى، دۆلەت ئەربابلىرى مۇبارەكلىدى. 16 -يىلى مۇھەممەت ئەلىخان خىتاي بىلەن ئۇرۇشۇش مەقسىتىدە، كۆپ ئەسكەر بىلەن قەشقەر تەرەپكە مېڭىپ، ئوشقا كېلىپ بىر مازاردا دەم ئالدى. ھەقتۇلى مىڭبېشى بىلەن مۇھەممەت شېرىپنى قوماندان قىلىپ قەشقەرگە ئەسكەر ماڭغۇزدى، لېكىن مۇھەممەت ئەلىخان بىر تۈركۈم ئەسكەر بىلەن قوقەندكە قايتىپ كەتتى. قەشقەرگە ئەۋەتكەنلەر تۆت كۈندە داۋاندىن ئېشىپ چېگرىدىكى خىتايلارنى ئۆلتۈرۈپ، بەزىسىنى ئەسىر ئالدى. 10 مىڭ چامىسىدا خىتاي ئەسكىرى قوقەند قوشۇنىنى توسۇپ قاتتىق ئۇرۇشتى، نەتىجىدە خىتاي ئەسكەرلىرى قاچتى، بەزىلىرى ئەسىر ئېلىندى، ئەتىسى ئەسىر ئېلىنغانلارنى توندى قۇلى دېگەن كىشىدىن مۇھەممەت ئەلىخانغا ئەۋەتتى. قوقەندلىكلەر قەشقەرگە كەلدى. بۇ چاغدا خىتاي شەھىرى (سېپىلى) قەشقەردىن بىر تاشلىق يىراق مۇساپىدە بولۇپ، سېپىلنىڭ ئېگىزلىكى 12 گەز، قېلىنلىقى 15 گەز ئىدى. سېپىل ئۈستىدە ھارۋا يۈرەلەيتتى، سېپىل ئەسكەر بىلەن تولدۇرۇلغان بولۇپ، ئەسكەرلەر قالماق ۋە خىتايلار ئىدى. ئۇلارنىڭ قەشقەرگە كىرىشى بىلەن، قەشقەردىكى مۇسۇلمانلار بىرلىشىپ گۈلباغ ئۈستىگە كېلىپ، سېپىل ئەتراپىنى مۇھاسىرە قىلدى. بىر نەچچە كۈن مۇھاسىرە قىلىنغاندىن كېيىن، بىر كۈنى ئەتىگەندە ئىسلام قوشۇنى بىپەرۋا - ئويۇقسىز تۇرغاندا، خىتاي قوشۇنى سېپىل ئىچىدىن چىقىپ توپ - زەمبىرەكتىن ئوت ئېچىپ ئۆلتۈرۈشكە باشلىدى، مۇسۇلمانلار ھەم قارشى ئۇرۇشتى، قاتتىق ئۇرۇشقاندىن كېيىن، خىتاي ئەسكەرلىرى سېپىل ئىچىگە كىرىپ كەتتى. مۇسۇلمان

لەشكەرلىرىدىن ئۆلگەنلەرنى يىغىپ، ئاپپاق خوجا مازىرىغا ئاپىرىپ دەپنە قىلدى. ئاخىرى مۇسۇلمانلار قوشۇنىنىڭ باشلىقلىرى خىتايغا ئەلچى كىرگۈزۈپ: «ئەگەر سىلەر مۇسۇلمانلارغا زورلۇق قىلمىساڭلار ۋە قائىدە - قانۇنغا خىلاپ پاھىشە ئىشلارنى قىلمىساڭلار، بىز قايتىپ كېتىمىز، ئەگەر بۇنى قوبۇل قىلمىساڭلار پۈتۈن ئۆمۈر مۇھاسىرە قىلىمىز» دېگەننى ئوتتۇرىغا قويىدى، خىتاي باشلىقلىرى بۇنى قوبۇل قىلىپ، سوغات - ھەدىيە چىقاردى. قوقەندتىن كەلگەن ئەسكەرلەر قايتىپ ئۆز يېرىگە كەتتى.

قوقەندتىن قەشقەرگە ئەسكەر يۈرۈپ كەتكەن پۇرسەتتە، مۇھەممەت رەھىم دېگەن كىشى بۇ پۇرسەتنى غەنىمەت بىلىپ، بۇخارادىن ئۆرە تۆپەگە كېلىپ، خوجا سالى دېگەن كىشىنىڭ ئۆيىگە چۈشتى. بۇ ۋاقىتتا ئۆرە تۆپەنىڭ ھاكىمى شاھ قوش بېگى دېگەن كىشى ئىدى. سالى خوجا مۇھەممەت رەھىمنىڭ كەلگەنلىكىدىن ئەندىشە قىلىپ ھاكىمغا خەۋەر بەردى، ھاكىم دەرھال بىر نەچچە يۈز ئەسكەر بىلەن كېلىپ سالى خوجىنىڭ ھويلىسىنى مۇھاسىرە قىلىپ، مۇھەممەت رەھىمنى تۇتۇپ ئۆلتۈردى، ئۆلۈكىنى قوقەندكە ئەۋەتتى. مۇھەممەت ئەلىخان ئۇنىڭ بېشىنى تېنىدىن جۇدا قىلىپ، جەسىتىنى دارغا ئېسىپ قويىدى. ھەققۇلى مىڭبېشى قەشقەردىن كەلدى، بۇ ۋەقەنى كۆرۈپ مۇھەممەت ئەلىخانغا: - ئەي پادىشاھ، ئىلگىرى پادىشاھلار بۇنداق قىلغان ئەمەس، ئۇ ئاتا - بوۋىسىنىڭ پادىشاھلىقىنى تەمە قىلىپ كەلگەن بولۇشى ئېھتىمال، ئۇنى بۇنداق خارلىقتا ئۆلتۈرۈش توغرا ئەمەس، ئەگەر ئۇنىڭداق ۋەقە بولۇپ قالغان تەقدىردە، ئۇنى ئۆزىگە باش ئەگدۈرۈپ بويسۇندۇرسا، پادىشاھنىڭ ئابرويى ئەمەسمۇ؟ بۇنداق قىلىش پادىشاھنىڭ شەنىگە لايىق ئەمەس - دېدى. مىڭبېشىنى باشقىلار قوللىدى، مۇھەممەت ئەلىخانغا بۇ سۆز قاتتىق تېگىپ، ئوتتۇرىغا ئاداۋەت چۈشتى. 17 - يىلى ھەققۇلى مىڭبېشىنى ئۆلتۈردى، شۇ يىلى قارا تېگىن ئېلىندى، شاھ قۇل بېگىنى قارا تېگىن ۋىلايىتىگە ۋالىي قىلىپ تەيىنلىدى. «دەرۋاز» دېگەن يەر-نىڭ ھاكىمى مەھمۇتخاننى قوقەندكە قايتۇرۇپ كېلىنىدى، لېكىن مەھمۇت يولدا ۋاپات بولۇپ، جەسىتىنى شاھىمەردان مازىرىغا دەپنە قىلدى. خوجا قۇل بېگى دېگەن كىشىنى مەككىگە بېرىڭ دەپ ھەيدەپ چىقاردى، بۇ خارا ئەمىرىنىڭ ئەلچىسىنى قايتۇرماي تۇتۇپ قالدى. بۇ قىلمىشى زور پىتنىگە سەۋەب بولدى. شۇنىڭ بىلەن «بىشغەر» دېگەن يەرگە سېپىل بىنا قىلىندى. بۇخارا ئەمىرى بۇ سېپىل (قەلئە)نى بۇزۇپ تاشلاتقۇزدى. گاداي دادخۇاھ بۇخارا ئەمىرىدىن قېچىپ قوقەندكە كەلدى. 18-يىلى بۇخارا ئەمىرى يام ۋە زامىر دېگەن يەرگە ئەسكەر ئەۋەتتى، مۇھەممەت ئەلىخان مۇھەممەت شېرىپنىڭ قوماندانلىقىدا قارشى ئەسكەر ئەۋەتتى، ھەر ئىككى تەرەپ

سولىنى ياخشى كۆرۈپ، ئىككى قوشۇن ئۆز يېرىگە قايتتى، شۇ يىلى ئىشان ساھىپ دىگەن كىشى مۇھەممەت ئەلىخاندىن خاپا بولۇپ مەككىگە كەتتى. 19 - يىلى بۇخارادىن قوقەندكە ئەسكەر كېلىۋاتقان خەۋەر ئاڭلىنىپ، مۇھەممەت شېرىپىنى قوماندان قىلىپ ئۇرغۇن ئەسكەر ئەۋەتتى، بۇلار سىڭىپ بىر ھەپتىدىن كېيىن، بەختى قايتقان شاھ (مۇھەممەت ئەلىخان) قوزغىلىپ چىقىپ، خوجەندتىن ئۆتۈپ «تەگگە خوجەند» دىگەن يەرگە چۈشتى، شۇ كۈنىسى بۇخارا قوشۇنى ئۇرە تۆپىگە يېتىپ كېلىپ مۇھەممەت شېرىپ بىلەن ئۇرۇش قىلدى، قوقەند قوشۇنى مەغلۇب بولۇپ، قوماندان مۇھەممەت شېرىپ ئەسىرگە چۈشتى، قاچقان ئەسكەرلەر تەگگە خوجەندكە كېلىپ، مۇھەممەت ئەلىخاننىڭ قوشۇنىغا ئۇلاندى. قاچقۇن ئەسكەرلەر ئەتىسى قوقەند يولىغا قاراپ كېتىشتى. خان بۇ مەغلۇبىيەتنى ئاڭلاپ، قاچقان قوشۇننى تاشكەنتكە ماڭدۇرۇپ، ئۆزى كالا باتۇر بىلەن خوجەندكە كەلدى. بەزى ئادەملەر مۇھەممەت ئەلىخاننى بۇخارا ئەمىرى بىلەن كۆرۈشۈشكە دەۋەت قىلدى، لېكىن مۇھەممەت ئەلىخان بۇخارا ئەمىرى بىلەن كۆرۈشۈشنى مۇۋاپىق كۆرمەي، ئوغلى مۇھەممەت ئىمىننى ھەدىيە - سوغاتلار بىلەن بۇخارا ئەمىرىنىڭ ئالدىغا ئەۋەتتى، شۇنىڭ بىلەن گاداي دادخۋانى خوجەندتە قالدۇرۇپ، مۇھەممەت ئەلىخان قوقەندكە قايتىپ كەتتى. ئازغىنە كۈندىن كېيىن، بۇخارا ئەمىرى خوجەندنى ئېلىپ، مۇھەممەت ئەلىنىڭ ئىنىسى سۇلتان مەھمۇتنى ھاكىم قىلدى، بۇخارا ئەمىرى بۇخاراغا قايتتى، مۇھەممەت ئەلىخاننىڭ ئانىسى خوجەندكە بېرىپ، بۇ ئىككى بۇرادەر (تۇغقان) نى ياراشتۇرۇپ، سۇلتان مەھمۇتنى تاشكەنتكە ھاكىم قىلدى. شۇندىن باشلاپ، مۇھەممەت ئەلىخاننىڭ خانلىقى بوششىپ تىترەشكە باشلىدى. ھەربىيلەر، مەمۇرلار ئوتتۇرىسىدا قارىمۇ قارشىلىق تۇغۇلدى، ئۇلار شىكايەت قىلىپ نارازى بولۇپ، مۇھەممەت ئەلىخاننىڭ يامان ۋە ناچار ئادەت، پىسقە - پاساتلارنى قىلىشىدىن ئاداۋەت ساقلىغان ئىدى، خاننى يوقىتىشنى كۆتەتتى، لېكىن چارە تاپالماي، بۇخاراغا خەت ئەۋەتتى، ئۆزبېكىستان ئۆلكىنى بۇخارا ئەمىرىگە بېرىشنى ۋەدە قىلىشتى. 20 - يىلى بۇخارا ئەمىرى سان - ساناقسىز ئەسكەر بىلەن بەشئېرىق دىگەن يەرگە كېلىپ چۈشتى. مەھمۇتخان تاشكەنتنىڭ قوشۇنى بىلەن كېلىپ قوقەندكە كىردى. بۇخارا ئەمىرى «سېرىق سۇ» دا قوندى، بۇ يەردىن كۆچۈپ قوقەندكە كىردى. مۇھەممەت ئەلىخان قورقۇپ قاچتى. مۇھەممەت ئەلىخاننى ئۆزى بەلگىلەپ قويغان يار مازارنىڭ ھاكىمى مەمۇت خوجا ناملىق كىشى تۇتۇپ، بۇخارا ئەمىرىگە تاپشۇردى، بۇخارا ئەمىرى مۇھەممەت ئەلىخاننى ئۆلتۈردى. بۇخارا ئەمىرى قالايمىقان باشسىز ئەسكەرلىرىگە بۇيرۇق قىلىپ، قوقەندنى شۇنداق قاتتىق بۇلاڭ - تالاڭ قىلدىكى، مەسچىتلەردە **بورا** ھەم قالمىدى، نۇرغۇن قىزلار ۋە ئاياللارنىڭ

نومۇسىغا تەگدى. مۇھەممەت ئەلىخاننىڭ ئانىسى مەھلار ئايىمنى بىر قانچە خوتۇنلار بىلەن بىرلىكتە ئۆلتۈردى، مۇھەممەت شېرىپ ۋە بىر قانچە نەپەر گۇناھسىز ئادەملەرنىمۇ بىللە ئۆلتۈردى. بىر قانچىلىغان دىنىي ئالىملار، ھۆرمەت ئىگىلىرى، ئەتقىياتچىلار، ماشايىخلارنى ئاياللىرى بىلەن قوشۇپ سۈرگۈن قىلىپ، جاپا-جەبىرلەر بىلەن بۇخاراغا ئېلىپ كەتتى. خانلىق ئوردىسىدا بولغان قورال، نەرسە كېرەكلەرنى بۇخارالىق ۋە سەمەرقەندلىكلەرگە تەقسىم قىلىپ بەردى، 17 كۈن تۇرۇپ بۇخاراغا كەتتى. مۇھەممەت ئەلىخاننىڭ ئۆلتۈرۈلگەن ۋاقتى ھىجرىيىنىڭ 1252-يىلى ئىدى. بۇخارا ئەمىرى بۇ قىلمىشلىرىدىن كېيىن بۇخاراغا كەتتى. فەرغانە ئاھالىسىنىڭ ئەھۋالى ئۆزگەردى، چۈنكى بۇلار بۇخارا ئەمىرىنى ئادالەتلىك ۋە ئىنساپلىق دەپ ئېتىقاد قىلىشقانىدى، لېكىن ئادىل ئېتىقاد قىلىنغان ئەمىر بۇ خەلققە بۇنداق جەبىر-زۇلۇم قىلىشنى ئايىمىدى. بۇخارا ئەمىرى بۇلارغا ئاداۋەت بىلەن قاتتىق مۇئامىلە قىلىپ، ھۆكۈمرانلىق قىلدى. ئەپيۇنكەش-بەگكى ئىبراھىمنى قوقەندكە ھاكىم قىلىپ قويدى. ئەپيۇنكەش ئەپيۇن دەسلىكى خىيالى بىلەن ھۆكۈمرانلىق قىلالىتتى. بۇ ئەپيۇنكەش ھاكىم بولۇپ ئىككى ئاي 17 كۈندىن كېيىن، سەرتىدە قىپچاق، قىرغىزلار ئىتتىپاقلىشىپ، شىر ئەلىخان ھاجىنىڭ ئوغلىنى تالاس دېگەن يەردىن ئېلىپ كېلىپ تۆرە قورغان دېگەن يەرگە خان قىلىشنى قارار قىلدى. بۇ تەرەپلەردىكى ئەسكەرلەرنى توپلاپ قوقەندكە يۈرۈش قىلدى، بۇ خەۋەر قوقەندتىكى بۇخارا قوشۇنىغا ئاڭلاندى. ئەپيۇنكەش ھاكىم ئىبراھىم خوجەند ھاكىمىنى قوماندان قىلىپ ئۇرۇشقا تەييارلىنىپ قويۇپ، بىر ھىيلە بىلەن بۇخارا تەرەپكە قېچىپ كەتتى، شىر ئەلىخان قوقەندكە كىرىپ شاھلىققا ئولتۇردى. بۇ ۋەقە ھىجرىيىنىڭ 1253-يىلى بولغان ئىدى.

## شىر ئەلىخاننىڭ پادىشاھلىق تەختىدە ئولتۇرۇشى، بۇخارا ئەمىر ئىككىنچى قېتىم قوقەندنى مۇھاسىر قىلىشى

شىر ئەلىخان شاھلىق تەختىدە ئولتۇردى، بارلىق ئالىملار، ئەمىرلەر، ئەربابلار بويسۇندى. ئەربابلار شىر ئەلىخانغا: - ئەي پادىشاھ، 40 كۈن ياكى كەمرەكتە، دۈشمەن ئۈستىمىزگە بېسىپ كېلىشى مۇمكىن، شۇنىڭ ئۈچۈن شەھەر ئەتراپىغا خەندەك قىلىشىمىز كېرەك، بارلىق ئاھالىنى قەلئە ئىچىگە ئېلىپ كىرىش زۆرۈر، چۈنكى ئاھالە بۇخارا ئەمىرىنىڭ زۇلمىنى، بۇلاڭ-تالاڭلىرىنى بېشىدىن ئۆتكۈزگەن - دېگەن مەسلىھەتنى بەردى. بۇ پىكىرنى ھەممە بىردەك قوبۇل كۆرۈپ، پۈتۈن ۋىلايەت

ۋە ئەتراپتىكى ئاھالىنى مەلەخ - چۈمۈلىدەك (كۆپ) توپلاپ، قەلئە ۋە خەندەك بىنا قىلىشقا كىرىشتى، ئازغىنە كۈندىلا قەلئە ۋە خەندەك قازدى. يالغۇز شەھەرنىڭ شەرقىي تەرىپى پۈتمەستە، بۇخارا ئەمىرى قوشۇن باشلاپ «دەرۋازاغازى باغلىق» قا كېلىپ دېھقانچىلىق ئېتىزلىرىغا چۈشتى. بۇخارا ئەمىرى شەھەر ئەتراپىغا قەلئە-خەندەك قىلىنغانلىقىنى ۋە مىڭلاپ توپ - زەمبىرەكلەر سېپىل ئۈستىگە تەييارلىنىپ ئوت ئېچىشقا تۇرغانلىقىنى كۆردى. شەھەرنىڭ شەرقىي قىسمىغا ئۇرۇنۇپ باقتى، لېكىن چارە قىلالمىغانلىقتىن يېرىم تاش ئارقىغا چېكىندى. بۇخارا ئەمىرىگە قارشى توپلانغان كۈچىنى كۆرۈپ، بۇخارا ئەمىرى ئۆزىنىڭ قىلمىشىدىن پۇشايمان قىلدى. نەتىجىدە قاتتىق ئۇرۇشلار بولدى، بۇخارا ئەمىرىنىڭ قوشۇنىدىن نۇرغۇن ئادەم قىرىپ تاشلاندى. بۇخارا ئەمىرى سۈرگۈن قىلىپ چىقىرىۋەتكەن ئادەملەرمۇ كېلىپ شىر ئەلىخانغا قوشۇلدى. بۇخارا ئەمىرى ئەندىشە قىلىپ خوجەند تەرەپكە قاچتى، ئۇ يەردىن يۆتكىلىپ تېزلىك بىلەن بۇخاراغا كىرىپ كەتتى. قەلئەنىڭ پۈتمەي قالغان شەرقىي تەرىپىنى ھەم پۈتكۈزدى. بۇ ھادىسە ھىجرىيىنىڭ 1268 - يىلى بولغانىدى. شىر ئەلىخان ئۈچ يىل شاھلىق قىلىپ قىرغىزلار تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. مۇرادخان بېگنى خان قىلدى. بۇ چاغدا قوقەند قوشۇنى مۇسۇلمان قۇلنىڭ قوماندانلىقىدا نەمەنگانغا كەتكەنىدى، شىر ئەلىخان 20 - 30 ئادىمى بىلەنلا قالغانىدى. مۇسۇلمان قۇلى بۇ خەۋەرنى ئاڭلاپ، شىر ئەلىخاننىڭ ئوغلى خۇدا يارنى تۆرە قورغانىدا خانلىققا كۆتۈرۈپ، تېزلىكتە قوقەندكە يېتىپ كېلىپ مۇرادخاننى ئۆلتۈردى، شىر-ئەلىخاننىڭ ئوغلى سىردىمساق خاننى تاشكەنتنىڭ ھاكىملىقىدىن ئېلىپ تاشلاپ، قوقەندكە ئالدۇرۇپ كېلىپ ئۆلتۈردى، ئورنىغا چۈستلۇق ئەزىزداد خۇۋاھىنى ھاكىم قىلدى. ئەزىزدادخۇا تەدبىرلىك ئادەم بولۇپ، پىتنە چىقىرىش قەستىدە تۇراتتى، ئاخىرى خان تەرىپىدىن ئۆلتۈرۈلدى. 6 - يىلى قىپچاقلار قارشى كۆتۈرۈلدى، مۇسۇلمان قۇلى قىپچاق پادىشاھلىقىنى تەمە قىلاتتى. 8 - يىلى ئەنجانلىق ئىسھاقبېك ئۆلتۈرۈلدى. «مەدرىسە ئالىي» دېگەن ئاتاقلىق مەدرىسە راۋاقلىرى بىلەن شۇ يىلى پۈتتى. 9 - يىلى مۇسۇلمان قۇلى قىپچاق قولىغا چۈشۈپ ئۆلتۈرۈلدى. 10 - يىلى مەللەخان تاشكەنتتە ئىسيان چىقاردى، كۈچى يەتمەي بۇخاراغا كەتتى. لېكىن خۇدا-يار قېرىنداشلىق شەپقىتى بىلەن مەللەخاننى بۇخارادىن ئالدۇرۇپ كېلىپ ھۆرمىتىنى قىلغانىدى. ئاقىۋەت مەللەخان قارشىلىق كۆرسىتىپ، مەرغۇلان ۋە ئەنجان تەرەپلەرگە بېرىپ بىرمۇنچە يامان ئادەملەرنى توپلاپ، قوقەندتە ئۇرۇش قوزغىدى. خۇدا يار خان بۇخاراغا كەتتى، مەللەخان قوقەندكە كىرىپ سەلتەنەت ئوردىسىغا ئورۇنلاشتى. مەللەخان شەرىئەتنى سۆيگۈچى بولۇپ، ئۇنىڭ زامانىدا شەرىئەت ئىنتايىن

راۋاجلاندى، دىنىي ئالىملار ئارتۇقچە ھۆرمەت قىلىناتتى. مەدەلىخاننىڭ خاراكتېرى (مىجەزى) ئۆزگىرىشچان بولۇپ، ئازغىنە بىرگۇناھ ئۈچۈن قاتتىق ئېغىر جازا ھۆكۈم قىلاتتى. شۇنداق قىلىپ يۈرۈپ مەدەلىخان ھەم ئۆلتۈرۈلدى، مۇرادخاننى خانلىققا ئولتۇرغۇزدى. مۇرادخاننىڭ خانلىقىغا تاشكەنتنىڭ كاتتا كىشىلىرى رازى بولمىدى، بۇخاراغا بېرىپ خۇدايارخاننى بۇخارا ئەمىرىدىن ئىلتىماس قىلدى. بۇخارا ئەمىرى تاشكەنتلىكلەردىن قاتتىق ۋەدىلەرنى ئېلىپ، ئۆزى ھەم قوقەند تەرەپكە كېلىشىنى ئېيتىپ، خۇدايارخاننى تاشكەنتكە يولغا سالدى. خۇدايارخان قورقۇنچ بىلەن تاشكەنتكە كىردى، پادىشاھلىق تەختىدە ئولتۇردى. تاشكەنتلىكى ئەسكەرلەرنى ئېلىپ قوقەند تەرەپكە كەلدى. بۇخارا ئەمىرى نۇرغۇن ئەسكەر بىلەن خوجەندكە كەلدى، خۇدايارخان ھەم يېتىپ كېلىپ، بۇخارا ئەمىرىنى ھۆرمەتلەپ كۆرۈشتى. خۇدايارخاننى نۇرغۇن ئەسكەر بىلەن قوقەندكە ماڭدۇردى، بۇخارا ئەمىرى خوجەندتە قالدى. خۇدايارخاننىڭ كەلگەنلىكىنى كۆرۈپ، قوقەندلىكلەر شەھەر دەرۋازىلىرىنى ئېچىپ بەردى. قىرغىزلار شاھ مۇرادنى ئېلىپ قېچىپ ئەنجانغا بېرىپ، قايتا يېڭىدىن پاسات چىقىرىشقا باشلىدى. موللا ئالىم قۇلى قوماندانلىق قىلىپ قىرغىزلارنى باشلاپ يۈرۈپ، ئۇرۇش - جېدەللەرنى قىلدى. ئەمىرى بۇخارا نۇرغۇن ئەسكەر بىلەن خۇدايارخانغا ياردەم كۆرسەتتى ۋە قوقەندكەكەلدى. خۇدايارخانغا ياردەم ئۈچۈن ئەسكەر قالدۇرۇپ، بۇخارا ئەمىرى بۇخاراغا قايتىپ كەتتى. خۇدايارخان موللا ئالىم قولىدا يېڭىلىپ بۇخاراغا كەتتى. موللا ئالىم قۇلى مەدەلىخاننىڭ ئوغلى سۇلتان سەئىدخاننى خانلىققا كۆتۈردى. بىر نەچچە كۈن داۋامىدا، ئۇ قولىدىن كەلمەيدىغان ئىشلارغا باغلىنىپ، تاشكەنتتە ئۆلتۈرۈلدى (1282 - ھىجرىيىدە). سۇلتان سەئىدخان ئۆلگەندىن كېيىن، بۇخارا ئەمىرى خۇدايارخاننى ئېلىپ كېلىپ قوقەندتە خانلىققا ئولتۇرغۇزدى. ھىجرىيىنىڭ 1285 - يىلى خۇدايارخاننىڭ خوتۇنى تۇغدى، ئىسمىنى ئورمانبېك قويدى، يەنە شۇ يىلى خۇدايارخاننىڭ ئانىسى ھاكىم ئايىم ۋاپات بولدى. ھىجرىيە 1284 - يىلى مەشھۇردىنىي ئالىم ئىشان ساھىپ ۋاپات بولدى، يەنە شۇ يىلى خۇدايارخاننىڭ ئانىسى نامىغا بېغىشلاپ سېلىنغان «مەدرىسە ھاكىم ئايىم» نىڭ بىناسى پۈتتى. ھىجرىيە 1288 - يىلى خۇدايارخان چوڭ ئالىي خانلىق ئوردا بىنا قىلدۇردى. 1287 - يىلى قەلەندەرخانىغا چوڭ مەسچىت بىنا قىلماقچى بولۇپ، بۇ قەلەندەر خانا ئەتراپىدا ئۆي - جايلىرى بولغان ئادەملەرگە جەبر - زۇلۇم قىلىنىپ، ئۆيلىرى تارتىۋېلىندى. نۇرغۇن ئاجىز، يېتىم - يېتىمە بىچارىلەر زارلىنىپ يىغلاپ، ۋەتەنسىز (ئۆي ماكانسىز) بولۇپ كەتتى. زۇلۇم ئاساسىغا قۇرۇلغان مەسچىت راۋاج تاپماي ۋەيران بولدى. ئاخىرى خۇدايار خەلققە قىلغان زۇلۇمى تۈپەيلىدىن، مەملىكەتتە تۇرالماي

سەرگەردان بولۇپ ، ئۆز - ئۆزىدىن قورقۇپ ۋەتەنىدىن چىقىپ كەتتى.

XXX　　　XXX　　　XXX

(«خۇللۇ سۇت تا ۋارىخ» 33 - بەتتىن 37 - بەتكىچە كۆچۈرۈلدى)

ئىلاۋە:

«خۇللۇسۇت تاۋارىخ» نىڭ ئالدىنقى قىسمى يوق بولۇپ، ئۆزبېك تارىخىغا ئائىت قىسمىدىن قالغىنى ئېلىندى، ئاخىرقى قىسمى ئىران تارىخىغا ئائىت بولغانلىقى ئۈچۈن ئېلىنمىدى.

Abdulcelil TURAN
Yenidoğan Mh. 41. Sk. No: 7
Daire: 4 Zeytinburnu - İST.